ئىسھاق باستى

# چوڭ پاتى ۋە
# كىچىك پاتى



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

# چوڭ پاتى ۋە كىچىك پاتى



ISBN 978-7-5371-6028-5
9 787537 160285 >
باھاسى: 11.00 يۈەن

ئىسھاق باستى

# چوڭ پاتى ۋە كىچىك پاتى

( ھېكايىلەر )



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

大帕提和小帕提:维吾尔文/依沙克著. —乌鲁木齐:
新疆青少年出版社，2008.9
ISBN978— 7—5371—6028—5

Ⅰ.大… Ⅱ.依… Ⅲ.短篇小说—作品集—中国—当代—
维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 141068 号

责任编辑：艾尼瓦尔·艾山
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

大帕提和小帕提（维吾尔文）
（短篇小说集）
依沙克·巴斯提　著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号　邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
850×1168毫米　32开　6.375印张
2008年9月第1版　2008年9月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN978—7—5371—6028—5　定价：11.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەنۋەر ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى : دىلىيار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : غالىب شاھ

# چوڭ پاتى ۋە كىچىك پاتى

(ھېكايىلەر)

ئاپتورى : ئىسھاق باستى

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ، پ : 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىبەيفېڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى :1168×850مم ، 32 كەسلەم ، باسما تاۋىقى : 6.375
2008 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978—7—5371—6028—5
سانى : 1—3000
باھاسى : 11.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە


گۈل - چېچەك كەلدى يەنە ........................ 1
يېڭى يىل پاراڭلىرى ........................ 8
دەرد كەلدى بۇ بېشىمغا ........................ 26
ئاغىنەمنىڭ باشلىقى........................ 48
چوڭ پاتى ۋە كىچىك پاتى ........................ 65
مەن كىمدىن يامانلايمەن ........................ 87
مەخسۇم ........................ 101
تەكەببۇر ئەيلىمە ھەرگىز ........................ 109
ھاراق ئىچىدۇ دەيدۇ ........................ 126
سېلىم ھاجى ........................ 133
يىللار........................ 137
ئىككى جۇپ كۆز ........................ 142
سەپەر ئالدىدا........................ 145
كۆزەينەك تاقىمايدىغان ئادەم ........................ 156
ياغاچ پىچاق — ئون بېشى ........................ 166
ھەر كاللىدا بىر خىيال........................ 173
يەر قاتتىق ........................ 176
نادامەت ........................ 180
ئىت تۇسۇش ........................ 181
كىچىككىنە ئەسلىمە ........................ 186

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# گۈل ـ چىچەك كەلدى يەنە

ھويلىمىزدىكى ئۆرۈك راسا چېچەك ئاچقان بىر يەكشەنبە كۈنى تاغام بىلەن نىياز ئىشىك ئالدىمىزغا كېلىپ ماشىنىسىنى توختاتتى .

مەن ئىدارىمىزنىڭ مەمۇرىي ئىشلار كاتىپى بولغاچقا ئىدارىمىزنىڭ كىچىك ماشىنىسى بىلەن يۈك ماشىنىسىنى باشقۇراتتىم . يۈزدىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىسى ، چوڭ ـ كىچىك ئون نەچچە باشلىق بار بۇ چوڭ ئورگاندىكى يالغۇز بىرلا كىچىك ماشىنا ھېچقايسى باشلىقنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمىغاچقا ، ئالاھىدە ۋەزىپىسى بولمىسا ، كۆپىنچە ھاللاردا ئىدارىنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرىغا يۈگۈرەتتى . بۇ ماشىنىنى يېشى بىزدىن چوڭ ، خۇش چاقچاق ئوسمان ئىسىملىك كىشى ھەيدەيتتى . نىمە ئۈچۈنكى ، ھەممەيلەن ئۇنى «تاغام» دەپ چاقىرىشقا ئادەتلىنىپ قالغان . بۇ ئادەم بۇرۇن ھەربىي رايوندا گېنىرالغىمۇ ماشىنا ھەيدىگەنىكەن ، رۇسچىنىمۇ راۋان سۆزلەيتتى . سەل ـ پەل قىزىقىۋالغان كۈنلىرى مەن بىلەن بىرنەچچە ئېغىز رۇسچە سۆزلىشەتتى . نىياز بولسا يۈك ماشىنىدا كۆمۈر ، قىشلىق سەي ـ كۆكتات دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەرنى توشۇيتتى . باشقىلارغا يېتىشەلمىگەن كىچىك ماشىنا بەزىدە ئۆزىمىزنىڭ ئويۇن ـ تاماشىمىزغا ئىشىناتتى .

— پاھ ! پاھ ! نېمىدىگەن چىرايلىق كۈن بۇ ؟ مۇشۇنداق كۈندىمۇ ئۆيدە ئولتۇرامدىكىنە بۇ بالا ؟ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! قانداق مەريەم بۇۋى ، ئەھۋالىڭىز ؟ ھە ، چاتاقچى ئوغۇل چوڭ بوپقالدىمۇ ؟ — تاغام قورۇغا سۆزلەپلا كىرىپ كەلدى .

— ياخشى ، خۇداغا شۈكرى ، قېنى ، ئۆيگە كىرسىلە ، — دېدى ئايالىم .

تاغام «بولدى» دەپ قويۇپ ئەمدىلا پېشايۋان سۇپىسىغا ئولتۇرۇشىغا ، نىيازمۇ كۈلۈمسىرەپ كىرىپ سالاملاشتى .

— قېنى قوپماسىز ، ئۇكا ، — دېدى تاغام .

— نەگە ؟

— ئۆيدە ئىش - كۈشلىرىڭىز يوقتۇ ؟ يا نان يېقىپ ، كىر يۇيامسىز ؟

— ئۆتكەندە بىر كەلسەم ، بۇ ئاداش كالا تېزىكىدە لاي ئېتىپ ئوچاق بېشىنى سۇۋاۋاتقانىكەن ، بۈگۈنمۇ ... — كۈلدى نىياز .

ئايالىم «چاي دەملەي» دېۋىدى ، ئۇلار زادىلا ئۇنىمىدى . مەن كىيىملىرىمنى ئالماشتۇردۇم . قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ كىچىككىنە باغچىنى چۆرگىلەپ چېچەكلەرنى تاماشا قىلىۋاتقان تاغام :

— پاھ ! مۇنۇ ئۆرۈك راسا چېچەكلەپتۇ - دە ... ئاۋۇ چايخانىنىڭ يېنىدىكى قېرى ئالمىنى چىقىرىۋېتىپ ئورنىغا شاپتۇل تىكىڭ ... بۇ ئالگرات دېگەن نەرسە ياخشى بولىدىكەن . بىراق تولا قۇرت چۈشىدۇ . ھەببەللى ، مۇنۇ ئەتىرگۈللەر تازا ئاينىيدۇ ... قورۇ دېگەنگە ئوبدان ئىشلىمىسە بولمايدۇ ، — دېدى .

— بۇ غوجام قورۇغا ئىشلىسە ئويۇن - تاماشىنى كىم قىلىدۇ دەيسىز ، تاغا ؟ — دېدى ئايالىم كۈلۈمسىرەپ .

— چىڭ باشقۇرۇڭ ، — دېدى تاغام ، — قېنى ، ياسىنىپ - تارىنىپ ، ئوسما قويۇپ بولغان بولسىڭىز چاپسانراق ماڭايلى !

ئايالىم كۈلۈپ كەتتى . ماشىنىغا چىقتۇق . ماشىنىدا تاغامنىڭ ئوغلى بىلەن نىيازنىڭ ئوغلى بار ئىكەن .

— ۋۆي ، ئىنقباي قازاققۇ بۇ ! — دېدىم تاغامنىڭ ئوغلى-
نىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ ، — پاھ ! ماۋۇ رىزا پۇيۈمۇنىما ؟
ھە ! يەنە باللار بىلەن سوقۇشۇپ يۈرۈۋاتامسەن ؟
باللار تارتىنىپ بېشىنى يەرگە ئېگىشتۇردى .
دەسلەپ تونۇشقىنىمىزدا تاغامنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى مېنى
ھەيران قالدۇرغان . كېيىن ئۇقسام ، 1964 ـ يىلى تاغامنىڭ
ئايالى غۇلجا ناھىيىسىدىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا مۇشۇ
ئوغلىنى تۇغۇپتۇ . شۇ يىلى بۇ ناھىيىدە «سوتسىيالىستىك تە-
لىم- تەربىيە» ، «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى نۇقتىلىق ئېلىپ
بېرىلىۋاتاچقا ئىسمىنى «ئىنقباي» قويغانىكەن .
رىزا — نىيازنىڭ ئوغلى . ئىنقبايدىن ئىككى ياش كىچىك .
ھەر ئىككىسى بىر قورۇدا بىللە ئويناپ ، باشلانغۇچ مەكتەپتە
بىللە ئوقۇيتتى .
قايناق بازارغا كەلگەندە «ئازراق يېگۇدەك بىر نەرسە ئېلى-
ۋالامىمىزمۇ ؟» دېسەم ، تاغام گەپ قىلماي ماشىنىسىنى ھەيدە-
ۋەردى ، نىياز ماڭا قاراپ : «خاتىرجەم بول !» دېگەندەك قىلىپ
كۆزىنى قىسىپ قويدى .
ماشىنا شەھەر مەركىزىدىن ئايرىلىپ ، دەريا بويىغا قاراپ
ئۆچقاندەك يۈرۈپ كەتتى . يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى پاكار ـ
پاكار ئۆيلەر ئاپئاق چېچەكلەر ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالغانىدى .
سۈيى قىرغىقى بىلەن تەڭ دېگۈدەك كۆۋەجەپ ئاقىدىغان
دەريا بويىدىكى يېشىل چىملىققا كېلىپ ئولتۇردۇق . تاغام ئالدى-
رىماي سۇلياۋ داستىخانىنى چىملىققا يايدى ، ئاندىن ئارقا ـ ئارقى-
دىن پىشۇرۇلغان قوينىڭ كالليسى ، بىر پارچە قېرىن ، ئىككى
بوتۇلكا ئاق ھاراق ، بەش بوتۇلكا يەرلىك پىۋا ، يېرىم كىلودەك
پىشىشىق گۆش ، تۆت تال قورۇت ، بەش گىردە نان ... دېگەندەك
نەرسىلەرنى رەتلىك تىزىپ كىچىككىنە داستىخانىڭ يۈزىنى كۆر-
گۈسىز قىلىۋەتتى .

— تاغام بۈگۈن تازىمۇ چىقىمدار بوپتىغۇ، — دېدىم.
— يەيمىز، ئىچىمىز، ئوينايمىز، ئۇكا!
— سىز ئۇقمايسىز، — دېدى نىياز، — تاغام تۈنۈگۈن بۇغا ئېتىۋالدى.
ھەيران بولۇپ نىيازغا قارىدىم، ئۇ چۈشەندۈردى:
— «تاغامنىڭ قورۇسىدىكى ئىككى ئېغىز ئۆينى ئۆزگەرتتۇق» دەپ ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسى ياغاچ ـ تاشلىرىنى ئېلىپ كەتكەن ئەمەسمۇ، يېقىندا بۇ ئىش ئېنىقلىنىپ خاتالىقنى تۈزەتتى، يەر ئورنى تاغامغا قالدى. ياغاچ ـ تاشلىرى ئۈچۈن 600 يۈەن نەق پۇل بېرىپتۇ. «بۇغا ئېتىۋالدى» دېگىنىمىز شۇ گەپ.
ھاراقنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. سالقىن ھاۋا، چىرايلىق مەنزىرە، سەرخىل زاكۇسكا... ئىچكەنسېرى ھاراق كەيپىمىزنى كۆتۈرمەكتە. باللار ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ ئويناپتىتى، ئاردىلاپ كېلىپ داستىخاندىن بىر ـ ئىككى تال يېمەكلىكنى چوقۇلۇۋېلىپ، يەنە ئويۇنغا كىرىشىپ كېتەتتى. تاغام ئىچكەنسېرى سۆزمەنلەشتى. نېمە ئۈچۈنكى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى بار ئىدى. ئەمما، ماۋۇ نىياز ھە دېسىلا ماشىنىنىڭ گېپىنى قىلىپ تاغامغا يول بەرمەيۋاتاتتى.
— بولدىلا، ئاداش! ماشىنىنىڭ كاربوراتورى، ئاككۇمۇلياتورى دەپ كېكەچلەپ، ئادەمنى بىئارام قىلماي باشقا گەپ قىلساڭچۇ! — دېدىم ئاخىرى ئۆزۈمنى تۇتالماي.
— توغرا، — دېدى تاغام قەلەمتىراچ بىلەن يۇمشاق قورۇدنى پارچىلاۋېتىپ، — ناخشا ئېيتايلى. ئېيتىڭە، ئۇكام، ھېلىقى «ئاق بوز ئاتىم» دېگەن ناخشىڭىزنى، قالتىس ناخشا جۇمۇ، نەق يۈرەككە تېگىدۇ. ئىچىۋاتقىنىمىز ھاراقمۇ نېمە؟ سۇدەكلا ئۆتۈپ كېتىۋاتىدىغۇ دەيمىنا، مانا سىزگە تولدۇرۇپ بىرنى قۇيدۇم.
— بولدى، تاغا، ئاخىرىدا ئىچەي.

— بولمايدۇ ! تاغىڭىز ھەرقانداق ھاراقنىڭ ئاخىرقى رومـ-
كىسىنى ھېچكىمگە بەرگەن ئەمەس . «تى پانياتا ياروسلاۋى
ئاسلاتكا ــ سىلاتكا» (بىلىنسىزغۇ ، رۇسلار ئاخىرقىسى تاتلىق
بولىدۇ ، دېگەنندى ) . قېنى ، كۆتۈرۈڭ . كېتەر جاھاننىڭ ئىگىلىـ
رى . مانا قاراڭ ، مۇشۇ بالىلىرىمىزنىڭ بەخت ــ سائادىتىنى
تىلەيلى . بىزغۇ تۈزۈكرەك ئوقۇيالمىغان تومپاي ئىشچى . مۇشۇ
بالىلار بولسىمۇ ياخشى ئوقۇپ ، ياخشى ئادەم بولسۇن دەيمىز .
ھەي ، رىزا ، ئىنىقباي ، مەيەرگە كېلىڭلار ! — باللار كەلگەندىن
كېيىن تاغام سۆزىنى داۋام قىلدى ، — بۇنىڭدىن كېيىن مانا
مۇشۇنداق ئىناق ــ ئىجىل ئۆتۈڭلار . سىلەر دېگەن ئاكا ــ ئۇكا ،
بىز سىلەرگە ھەمىشە باقىۋەندە ئەمەس . بىزدىن كېيىن قالساڭلار
بىر ــ بىرىڭلارغا يار ــ يۆلەكتە بولساڭلار ، كۆيۈنسەڭلار بىزنىڭـ
مۇ روھىمىز خۇش بولىدۇ . قانداق دېدىم ؟
— توغرا ، — دېدى ئىنىقباي سەل تارتىنىپ ، رىزا كۈلۈمـ-
سىرەپ قويۇپ قولىنى داستىخانغا ئۇزاتتى .

* * *

باش سوتچى ئالىقىنى بىلەن ئۇستەلنى بىرنى ئۇرۇپ
سۆزلىدى :
— ھەي ! ماڭا قارىغىنا ، قانداق غەرەز ئۇقمايدىغان نېمىـ-
سەن ؟ بايىلا ئېيتقان ئىقرارىڭدىن يەنە تېنىۋالاي دەمسەن ؟ بىلىپ
قوي ، بۇ سېنىڭ داداڭنىڭ ئۆيى ئەمەس ، سوت مەھكىمىسى
جۇمۇ ! بىز سېنىڭ ئۇستۇڭدىن ئوچۇق سوت ئېلىپ بېرىۋاتىدـ-
مىز . بىلدىڭمۇ ؟
— بىلدىم .
— ئوبدان بىلىدىكەنسەن ، ئەمىسە نېمىشقا گېپىڭدىن تانىدـ-
سەن ؟

— مەن تانىمىدىم ، ئۆزىڭىز بايا ...

— توختا ! — سوتچى قاتتىق ۋارقىرىدى ، — گەپنى تولا يورغىلاتماي نەق يېرىنى سۆزلە ، ماشىنىنى زادى كىم ھەيدىدى ؟

— مەن ھەيدىدىم .

— تەپسىلىي سۆزلە .

— مەن دېسەم يەنە شۇ گەپ ، — دېدى جاۋابكار بېشىنى يەردىن كۆتۈرۈپ ، — شۇ كۈنى كەچتە ئەمدىلا ياتاي دەپ تۇرسام ، بىرى دەرۋازىنى قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى . يۈگۈرۈپ چىقسام نۇر- تاي ، راخمان ، غېنى ، شۆھرەتلەر ئىكەن .

— چۇشۇر قولۇڭنى ! — دېدى سوتچى ، — بېشىڭنى تىك كۆتۈرۈپ ، زۇۋانىڭنى چىك - چىك چىقىرىپ ، ئالدىرىماي ئېنىق سۆزلە . ماۋۇ كاتىپ يېزىۋاتىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، چىقساڭ نۇر- تاي ، راخمان ... ھە ، غېنى ... يەنە كىم ؟

— شۆھرەت .

— ھە ، شۆھرەت ، ئۇلار كەلدى ، ساڭا نېمە دېدى ؟

— چىقسام ئۇلار بىر كىچىك ماشىنىدا كەپتۇ . «يۈرە ، ئايلىنىپ كېلەيلى» دېدى .

— كىم دېدى شۇ گەپنى ؟

— غېنى دېدى .

— خوش ! سەن نېمە دېدىڭ ؟

— مەن «ئەتە ئەتىگەندە ئىشقا بارىمەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام ئاغرىق ، بالىنىستتا ياتىدۇ ، ئاپام دادامغا قاراۋاتىدۇ» دېسەم- مۇ ، ئۇنىماستىن مېنى ماشىنىغا سۆرەشتۈرۈپ ئېلىپ چىقتى .

— توختا ، — دېدى سوتچى ، — سەن ئورۇنغا كىرىپ يېتىپ قالغان ئادەم ماشىنىغا يالىڭاچلا چىقتىڭمۇ ؟

تەنە ئارىلاش مەسخىرە سىرتتىن قاتناشقۇچىلار ئىچىدە يې- نىك كۈلكە قوزغىدى . باش سوتچى ئۆز «ماھىر»لىقىدىن ھىجە- يىپ قويدى .

جاۋابكار خورلۇق ئىچىدە جاۋاب بەردى.
— مەن سىزگە دېدىمغۇ ، تېخى ياتمىغان دېپ
— قېنى سۆزلە .
— ئامال يوق ماشىنىغا چىقتىم . قارىسام ھەممىسىلا ئېگ-
شىلىۋاپتۇ . غېنى ماڭا : «ئاداش ، ماشىنىنى سەن ھەيدە !»
دېدى . «نەگە ؟» دېسەم ، «ئايلىنىپ كېلىمىز» دېدى .
— توختا ! — سوتچى ۋارقىرىدى ، — «بۇ ماشىنا كىمنىڭ ؟
بۇنى نەدىن ئالدىڭلار ؟ ئوغرىلانغان ماشىنىمۇ ؟» دەپ سورىمايلا ،
خەق ھەيدە دېسە ھەيدەيدىغان داداڭنىڭ ئېشەك ھارۋىسىمۇ ئۇ ؟
شۇنداق قىلىپ ماشىنىنى ھەيدەپ ئايلانمىغا كەلگەندە تامغا سوقۇ-
ۋەتتىڭ شۇنداقمۇ ؟ سەن كىچىك بالىمۇ ؟ دەپباقە ، بايا ئۆزۈڭنى
قانچە ياش دېدىڭ ؟
— ئوتتۇز ئىككى ياش ، — دېدى جاۋابكار .
سوتنىڭ ئاخىرىغىچە ئولتۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى . باشقىلار
قىلغان ئىشنىڭ شورىدىن مۇنۇ ياۋاش جاۋابكار جازاغا تارتىلىدى-
غاندەك تۇرىدۇ . باش سوتچى بولغان ئادەممۇ مۇشۇنداق قاپقارى-
سىغا ھۆكۈم چىقىرارمۇ ؟ ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ساپ ھاۋاغا
چىقتىم . بۇ راسا تەبىئەت گۈل - چېچەككە پۈركىنىپ قۇشلار
تىنماي چۇرۇقلىشىۋاتقان پەسىل ئىدى .
راست مۇھىم بىر گەپنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن .
باش سوتچى — رىزا ، جاۋابكار ئىنىقباي ئىدى .

1998 - يىل ، غۇلجا

# يېڭى يىل پاراڭلىرى

## 1

ھەممىسى بىر دەكلا تاشلانمىغان ئاق جۇۋا، پۇتىغا ئاق پىيما كىيگەن ئوتتۇز نەچچە ئوغۇل - قىزلارنى ماناسنىڭ شىمالىغا جايلاشقان باغۋەنچىلىك ئەترىتىگە ئېلىپ كەلدى. بۇلار بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرۈش ھارپىسىدا تۇرغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، بۇ يەردە خەنزۇ تىلىدىن پراكتىكا ئېلىپ بارماقچى.

بۇ دەل دەسلەپكى قار چۈشكەن مەزگىل ئىدى. چىللە كىردىشى بىلەنلا ھاۋا تېخىمۇ سوغۇق بولۇپ كەتتى. ستۇدېنتلار ئايرىم - ئايرىم، بەزىلىرى ئىككىدىن بولۇپ، شۇ يەرلىك دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ، تاماقنى كوللېكتىپ ئاشخانىدىن يەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاسىڭخۇا، ئەي پىڭ، تۇ چىڭفۇ دېگەندەك خەنزۇچە ئىسىملارنى قويۇۋالدى. بەزىبىر ئەدەبىياتقا قىزىقىدىغان ئوقۇغۇچىلار مەشھۇر كلاسسىكلاردىن لى بەي، دۇفۇ، سىماچيەن دېگەن ئىسىملارنىمۇ قويۇۋالغانىدى. كېيىنرەك تىل ئۆگىنىشكە تېخىمۇ قۇلايلىق بولسۇن دېدىمۇ ياكى باشقا سەۋەبمۇ، ئىشقىلىپ، بالىلارنى ئىككى - ئۈچتىن بىر گۇرۇپپا قىلىپ يىراق - يېقىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە ئەۋەتتى. ئەنە شۇلار ئىچىدىكى ئىككى نەپەر ئوغۇل بالىنى ئات قوشۇلغان چانىدا تاغ باغرىغا جايلاشقان قىرىق نەچچە تۈتۈن خۇيزۇلار ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلىق ئەترىتىگە ئەكېلىپ قويدى. بۇ يەردە چوڭقۇر بىر ساي بولۇپ، ئۇنىڭدىن سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇراتتى. زىلۋا بوي، ئاق سېرىق يىگىتنىڭ ئىسمى

www.uyghurkitap.com

ئەسقەر بولۇپ ، بۇلار دېرىزىسىگە قەغەز چاپلانغان كاتەك ئوچاقلىق بىر ئېغىز ئۆيگە جايلاشتى . كەچقۇرۇنلۇقى مال ئايىغىدىن ئاشقان چاۋار ـ چاتقاللار بىلەن كاڭنى راسا قىزىتىپ ئۇخلاپ قالاتتى. بۇ يىل قار قېلىن بولغاچقا ئىنتايىن سوغۇق ، هاۋا تۇتۇق كۈنلىرى ئاپئاق قارلىق چوققىلار كۆك ئاسمان قوينىدا ئاجايىپ هەيۋەت كۆرۈنەتتى . ئۇلار ئەتىگەندە ئەزالار بىلەن ئوخشاشلا بىر قاچىدىن قوناق ئۇمىچى ئىچىپ ئىشقا ماڭاتتى . يا ئۆكۈز هارۋىسى بىلەن ئورۇلغان قومۇشلارنى توشۇيتتى يا ئاشخانىغا بۇلاقتىن سۇ توشۇيتتى . ئاشخانا زاپخوزى بويى پاكار ، كۆزى ئەلەس بولۇشىغا قارىماي شالاڭ ساقاللىرىنى ئۇزۇن قويۇۋەتكەچكە ، ئەسقەر ئۇنى تۇنجى كۆرگەندىلا كۈلكىسى قىستاپ ، ئۇنىڭغا «ساقاللىق شەيتان» لەقىمىنى قويۇۋالغانىدى . پۈتۈن ئەترەت بويىچە مۇشۇ «ساقاللىق شەيتان»لا ئۇيغۇرچىنى يامىداپ سۆزلىگەچكە ، كۆپىنچە بۇلار بىلەن ئۇيغۇرچە پاراڭلىشاتتى . چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت ـ بەشلەردە يەنە بىر قاچا ئۇماچ بېرىلەتتى . ئەسقەر رومانتىك يىگىت بولغاچقا ، گېزىت قەغىزىگە ئورالغان موخوركىسىنى چەككەچ سۇزۇك بۇلاق سۈيىگە ، هەيۋەتلىك قارلىق چوققىلارغا ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ خىياللارغا كېتەتتى . بەزىدە ئىلهامى كەلسە شۇ يەردىلا نەزمە ئوقۇيتتى :

يەنە قارىسام كۆرۈنەتتى تاغ ،
ۋە ياتاتتى دۆڭلەر مۈكچىيىپ !

ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن ئاشقاندا قازاق دوستى قۇرمان ئەسقەرنى تۈرتۈپ ئويغاتتى :

— قوپە هوي ، رومانتىك سارالڭ ، ئاخشىمى ئۇخلىماي يېرىم كېچىگىچە شېئىر يازىسەن ، تۇر ئورنۇڭدىن ، قارىغىنا ، قاتتىق شۇۋىرغان بولۇۋاتىدۇ . بۈگۈن قانداق كۈن بىلەمسەن؟ بۈگۈن

چىسلاغا 31 . ئەتە يېڭى يىل ، ئەگەر مەكتەپتە بولغان بولساق ، كېچىچە تانسا ئويناپدىغان گەپ ئىدى ، قوپە !

— ئەجەبمۇ ئۇيقۇنى بۇزدۇڭا ، ئۆلگۈر قازاق ! — دېدى ئەسقەر كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ، — چۈشۈمدە نېمە كۆرۈۋاتاتتىم ، بىلەمسەن ؟ ئاپامدىن بىر خالتا كەپتۇ دەيمەن ، ئىچىپ قارىسام قىپقىزىل پىشقان توقاچ ، ئەمدىلا ئۇشتۇي دىيىشىمگە ئويغۇتۇۋەتتىڭ ...

قۇرمان كۈلۈپ كەتتى :

— «ئۆلگەن سارتنىڭ قويندا بىر توقاچ » دەپ بىكار ئېيتمايتىكەن ـ دە ؟ مانا قاراپ تۇر ، خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئەتە يېڭى يىل كىرىدۇ ، يېڭى بىر كۈن باشلىنىدۇ . مېنىڭچە ، يۇقىرىدىن بىرەر يېڭى سىياسەت كەلسە ، قورساقتىن غەم قىلمايتتۇق .

— مۇنداق يېڭى يىللاردىن يەنە نەچچىسى كېلىپ كېتەر ! ياپىرىم ! — ئەسقەر كۈچىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى . قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بولۇپ ، كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى .

شۇ كۈنى شىۋىرغاندا قومۇش باسقان ھارۋا دۆڭدىن چۈشۈۋېتىپ ھارۋا ئۆرۈلگەندە بويىندىن زەخىملەنگەن ئورۇق ئۆكۈزنى سويۇۋالغانىكەن . بىر يىلدىن كۆپ ۋاقىت گۆش تېتىپ باقمىغان پۈتۈن كەنت ئەھلى خۇشاللىقتا چۈمۈپ ، كۈننىڭ بالدۇرراق قايرىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى . ئەسقەرلەر ئىشتىن كەچرەك قايتىپ كەلگەندە ئاشخانىدا ئادەم قالمىغانىدى . «ساقاللىق شەيتان» ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ :

— ھەي ، ئەپەندى ، شۇنداق ياخشى زىياپەت بولدى ، سەن كېچىكتىڭمۇ ؟ ھاراق ئىچەمدۇ ؟ — دېدى .

— نېمە دەيدىغانسەن ، نەنىڭ ھارىقى ؟

«ساقاللىق شەيتان» ئېڭىشىپ تامغا تىرەپ قويۇلغان ئۈستەل ئاستىدىن كىچىكرەك بىر كومزەكنى ئېلىپ چايقىغانىدى ، شالاقشىدى .

www.uyghurkitap.com

— ئۇزۇن بولدى، گۇڭشې باشلىقلار «جەنسار گۈڭزۇ» قىلغاندا ئىچىپ ئاشتى هاراق، — ئۇ ئاخىرىنى خەنزۇچە لاپ چۇشۇرگەندىن كېيىن، — بىزدە هاراق ئىچمەيدۇ، — دېدى.

كومزەكتىن ئىچىغان هاراقنىڭ خۇشبۇي هىدى كېلەتتى. قۇرمان ئاۋايلاپ تۆكۈۋىدى، ئەسقەر تۇتۇپ تۇرغان كىچىك ئاپقۇر چىنىگە يېرىم هاراق قۇيۇلدى. ئىچى پۇشۇپ تۇرغان ئىككى ياش ستودېنت هاراقنى نۆۋەت بىلەن گۇپۇلدىتىپ ئىچىپ تۈگەتتى. ئاچ قورساققا كىرگەن ئۆتكۈر هاراق ئاشقازاننى لاۋۇلدىتىپ، كۆز ئالدىنى جىمىرلاتتى. ئازراق ماي قۇيۇپ مۇچ، يېسىۋىلەك لەر بىلەن چالا قورۇلغان، ئورۇق كالا گۆشى سېلىنغان بىر ئاپقۇر گاڭپەن شۇنداق تېتىپ كەتتىكى، هەش - پەش دېگۈچىلا يەپ تۈگەتتى. يۈزلەر ئوت بولۇپ يېنىپ نەپەسلەر ئىتتىكلەشتى، چايدىن كېيىن هۇزۇرلىنىپ تاماكا چېكىشتى.

— پۇف ··· ف ··· ف ··· — ئاغزىدىن قويۇق ئىس چىقاردى ئەسقەر، — پاھ، پاھ، پاھ! پۈتۈن بەدىنىم راھەتلىنىپ هاردۇق مۇ چىقتى - دە ··· بۇ بىر كاتتا زىياپەت بولدى جۇمۇ!

— ئەمىسە، «هەي گاڭپەن نېمانچە مەززىلىك» دەپ بىر شېئىر يېزىۋەتمەمسەن، رومانتىك.

— شېئىر دېگەنگۇ مۇشۇنداق ھېسسىياتتىن چىقىدۇ، بە-لەمسەن؟ يۈرە، ئەترەت ئىشخانىسىغا بېرىپ بالىلارغا تېلېفون بېرەيلى.

تالادا شىۋىرغان توختاپ ئاسمان ئېچىلغان، يۇلتۇزلار جۇلا-لىنىپ تۇرىدۇ، سوغۇق ئادەمنى زەھەردەك چاقىدۇ، ئاياغ ئاستىدىكى قار ئۆزگىچە «غاچ - غۇچ» ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئېغىزدىن چىققان تاماكا ئىسى سوغۇق هاۋادا خۇددى تۇرخۇندىن قويۇق ئىس چىققاندەك پۇرقىراپ چىقىدۇ. يوغان كىرسىن لامپا ئەترەت ئىشخانىسىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ، مەشتە گۇركىرەپ ئوت كۆيمەك-تە. ئۇلار قول بىلەن ئايلاندۇرىدىغان تېلېفوننى خېلى غىژىلدات-

قاندىن كېيىن ئاران باش ئاپپاراتقا ئۇلاندى . ئۇلار ئۇچىنچى ئەترەتنى تېلېفونغا چاقىردى .

— چىقتى ، چىقتى ، ۋەي ، ۋەي ! سىز كىم ؟ ... ھەي ، تۇيغۇنمۇ سەن ؟ ھەئە ، بىز ، مەن ئەسقەر ، قۇرمان ئىككىمىز ، نېمە دەيسەن ؟ چىڭراق گەپ قىلساڭچۇ !

تېلېفون سۇس غىژىلدايتتى ، تۇيۇقسىز مۆجىزە يۈز بەرگەندەك ئاۋاز ئوچۇقلاشتى . ھەرقايسى ئەترەتلەردە تۇرۇۋاتقان ساۋاقداشلارنىڭ ئاۋازلىرى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتتى . بۇ كۆڭۈلسىز يېڭى يىل ئاخشىمى ياش ستودېنتلارنىڭ ھەسرەتپىغانىنى قوزغىغان بولسا كېرەك .

— ھوي ، گۇلسۇمنىڭ ئاۋازىغۇ بۇ ، قانداقراق ؟ ھەي ، دۇۋتانمۇ سەن ؟ ئابدۇللا بارمۇ ؟ ئابدۇللا ، ماڭا قارىغىنا ئاداش ، ھازىر بىز مەست دېگىنە ، بىزگە ھاراق كەممۇ ؟ ھاجى بىلەن ئەركىن قايسى ئەترەتتە ؟ ...

شۇ ئەسنادا رادىئودىن بېرىلىۋاتقان مۇڭلۇق بىر ناخشا مۇزدىكىسى تېلېفون لىنىيىسىگە ئارىلىشىۋالدى . ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتىشاتتى . دېگۈدەك ئانچە مۇھىم گەپمۇ يوق ، نېمىشقىدۇر بىر - بىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا تولىمۇ ئىنتىزار ئىدى . ياش يۈرەكلەرگە چوغدەك چاپلىشىۋالغان مۇڭلۇق ناخشا ـ كۈي ، ئۆتكۈر ھاراقنىڭ خۇش كەيپى ، دوستلارنىڭ سېغىنىش پىراقى قوشۇلۇپ كۈچلۈك بىر ھېسسىيات پەيدا بولغان ئىدىكى ، بۇ دەقىقىدە شېرىن تۇيغۇ پۈتۈن بەدەنگە تارقىلىپ كەتتى . پەقەت شۇلىمۇ ياكى باشقا پىغان ئەسرارى بارمۇ ؟ بۇنىسى نامەلۇم ، ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان ئەسقەرنىڭ كۆزلىرىدىن قايناق ياشلار تۆكۈلدى . مۇزىكا داۋام قىلماقتا ، ۋاقىت ئۆتمەكتە ، ئەسقەر يىغلىماقتا ...

بۇ 1960 - يىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ، سەيشەنبە ئىدى .

# 2

چىرايلىق، نەپىس دىرىزە پەردىسىنى قايرىپ قويۇپ، يۇ-
شاق دىۋاندا ئولتۇرغان ئەسقەرنىڭ كۆزى تالادا لەپىلدەپ يېغىۋات-
قان قاردا بولسىمۇ، خىيالى ئاللىقاياقلارغا كەتكەنىدى. قار توخ-
تىماي ياغماقتا. قورۇدىكى مېۋىلىك كۆچەتلەر ئارىسىدىكى قاپقا-
راڭغۇ سايىلار كىشىگە ياز پەسلىدىكى باغ مەنزىرىسىنى ئەسلىتەت-
تى. ئەتە يېڭى يىل. ئۇ قانداقتۇر بىر مۇڭلۇق ناخشىنى غىڭ-
شىپ ئېيتقاچ كۆزىنى چۈشۈۋاتقان قاردىن ئۈزمەيتتى، ھېلىقى
چوڭقۇر ساي ئىچىدە — سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان
چارۋىچىلىق ئەترەتتە ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى يىل ئاخشىمىنى يەنە
ئەسلەپ قالدى. مانا شۇ ئىشلارغا بۈگۈن توپتوغرا ئوتتۇز يەتتە
يىل بوپتۇ. توۋا، ئەنە شۇ ئوتتۇز يەتتە يىل ئىچىدە قانچىلىك
كۈنلەر، تۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، قانچىلىك سۇلار ئېقىپ ئۆتتى،
قانچىلىك بوۋاقلار ھازىر يۈز-كۆزلىرىنى ساقال باسقان ئەرلەر-
گە ئايلاندى. بۇ ئوتتۇز يەتتە يىل ئىچىدە مەملىكەت ئاسمىنىدا
قانچىلىك قارا بۇلۇتلاردىن چاقماقلار چېقىپ، ئالەمشۇمۇل ئۆز-
گىرىشلەر بولۇپ ئۆتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىگە پەقەت بىر
نەرسە — ئادەم شاھىت بولالايدۇ. ئەنە شۇ كۈندىكى لىرىك
ئاخشام، ئورۇق كالا گۆشى بىلەن ئىچكەن كۈچلۈك ھاراق،
تېلېفونغا ئارىلىشىۋالغان مۇڭلۇق مۇزىكا ھامان ئۇنىڭ ئېسىدىن
چىقمايتتى. ھەربىر يېڭى يىل ئاخشىمى بولغاندا ئەسقەر ئىختى-
يارسىز ئەنە شۇ ناخشىنى غىڭشىپ قويات‍تى.

تېلېفون ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ زالغا چىقىپ
تېلېفون ئالدى. تېلېفون مەخسۇمدىن كەپتۇ. مەخسۇم تولىمۇ
سىپايە، تەكەللۇپ ئارىلاشقان پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن بۈگۈن
كەچ ئەر-ئايال ئولتۇرۇپ كېتىشنى تەكلىپ قىلدى.

كەچقۇرۇن ھاۋا تېخىمۇ سوغۇق بولۇپ كەتتى. بايىقى لەپىل-



www.uyghurkitap.com

دەپ يېغىۋاتقان قار ئەمدى ئۇششاقلاپ ، ئادەمنىڭ يۈزىگە قونمەك ئۇرۇلاتتى . مەخسۇمنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق بولۇپ ، ياندىكى مېھ-مانخانا دېرىزىسىدىن چۈشكەن كۆچلۈك نۇر قورۇنىڭ بىر قىس-مىنى يورۇتۇپ تۇراتتى . ئۆي ئىچىدىن گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋاز-لار ۋە قىسقا - قىسقا كۈلكە ئاۋازلىرى كېلىپ تۇراتتى .

ئۆي ئىگىسى مەخسۇم ئەسقەر ئەر - خوتۇننى پېشايۋاندا كۈتۈۋالدى :

— ئاھاي ! مانا ، مانا ، قەدەملىرىگە تەسەددۇق ، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! ئەكەلسىلە ، ئالدى بىلەن مۇبارەك قوللىرىنى بىر تۇتۇۋالاي . قانداقراق ، سىڭلىم ؟ ياخشى تۇردىڭىزمۇ ؟ ياق ، ياق ! ئاياغ كىيىمنى دالان ئۆيگە سالىمىز .

ئۇلار ئۇستۈپېشىنى قېقىشتۇرۇپ چوڭقۇر سالام بىلەن ئۆيگە كىرىشتى . مەخسۇم سايرىماقتا .

— ھەببەللى ، مانا ئەمدى پەلتو بىلەن قولاقچىنى ماڭا بەرسىلە ، مانا بۇ يەرگە ئاسىمىز ، يانچۇقىدا پۇل يوقتۇ ؟ ئۇنداق دېگەن بىلەن ئەسقەر جۇيجاڭنىڭ تازا دەۋر سۈرۈۋاتقان ۋاقتى ئەمەسمۇ ؟ سىڭلىم ، سىز ئىچكىرىگە مەرھەمەت ، چوكانلار ساراي-دا ، خوش ، ئامىن ، ئاللاھۇئەكبەر !

ئىسسىق ، ئازادە دالان ئۆيدە تۆت ئەر كىشى ئولتۇراتتى . ئىچكىرى سارايدىن ئاياللارنىڭ بوش ، سىپايە ئاۋازى ئاڭلىناتتى . ئەسقەر ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىسىنى «سەن» لەپ ، بەزىسىنى «سىز» لەپ دېگۇدەك بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقتى . بىر ئاز-دىن كېيىن گەپ ئۆز تېمىسىغا كۆچتى .

— زادى راستمىكەن بۇ گەپ ؟ — سورىدى كۆزەينەكلىك ئەپەندى يېنىدىكى مېھماندىن .

— مەنغۇ ھۆججەتنى كۆرمىدىم ، ھەممىسىنىڭلا ئاغزىدا شۇ گەپ .

— ئەمىسە ئىغۋا گەپ ، — دېدى كۆزلىرى يۇمۇقراق ، خام

سىمىز بىر مېھمان، — ھۆججەت بولغان بولسا مېنىڭ [illegible] بولاتتى.

— نىمە گەپكەن؟ — سورىدى ئەسقەر.

— «يېڭى يىلدىن كېيىن پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ماڭلىشى يەتمىش پىرسەنت بولىدىكەن» دەيدۇ. ئەگەر مۇشۇ گەپ راست بولسا «غاچچىدە» چىقىۋالغان بولساقمۇ بوپتىكەن، — دېدى چاچلىرى ئاقارغان قىزىل يۈزلۈك بىر مېھمان.

— ھەيتاڭەي، ئۆتكەن يىلىمۇ مۇشۇنداق گەپ چىققان.

مەخسۇم ئورنىدىن تۇرۇپ گەپ باشلىدى:

— مانا قاراڭلار، بۈگۈن ھەممىمىز خۇشال - خورام يىغىلىپ قاپتۇق، ئۇنداق سالامەتچىلىكى يوق گەپلەرنى قىلىنشمايلى (ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈشتى)، ئاتمىش پىرسەنتمۇ، يەتمىش پىرسەنتمۇ كېيىن كۆرەرمىز، ئەكەلگەن سوقۇمغا ھېچقايسىڭلار ئېغىز تەگمىگەن، شۇ باھانە بىلەن بۈگۈن بىردەم ئولتۇرايلى دېدۇق. ئۇنداق بولسا مېھمانلار جەم بولغۇچە مۇنۇنى زاكۇسكا قىلىپ بىرەر رومكىدىن ئىچىپ تۇرايلى.

مەخسۇم سۈپسۈزۈك پاكىز رومكىغا تولدۇرۇپ ئاق ھاراقنى قۇيدى - دە، «ماقۇل» دەپ قويۇپ، سول قولى بىلەن قاپقارا سىلىق چاچلىرىنىڭ ئۇستىگە باستۇرۇپ كىيىۋالغان يېشىل تەقىيە دوپپىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ «گۈپپىدە» قىلىپ ھاراقنى ئىچىپ تۈگەتتى ۋە بىر كېسىم مايلىق قېزىنى ئاغزىغا سالدى.

— توۋا! — دېدى كۆزەينەكلىك ئەپەندى ئۆزىگە كەلگەن بىر رومكا ھاراقنى ئالدىغا قويۇۋېتىپ، — ھەركىمنىڭ ھاراق ئىچىش ئادىتى ئۆزگىچە بولىدىكەن - ھە؟ مۇشۇنىڭ بىلەن نەچچە قېتىم كۆردۇم، مەخسۇم ھاراق ئىچسە سول قولى بىلەن دوپپىسىنى تۇتۇۋالىدۇ. بۇغۇ، دوپپا چۈشۈپ كەتمىسۇن دېگىنى، شۇنداق بولىسمۇ ئادەت بوپقاپتۇ.

— ئۇنى دەيسەنغۇ ، تېخى بەزىلەر بار ، هاراقنى ئىچىپ بولۇپ ، زاكۇسكا يېمەي باش كېيىمىنى پۇرايدۇ .

قىزىل يۈزلۈك مېھمان كۈلۈپ تۇرۇپ گەپ باشلىدى :

— ھېلىقى بىر پاكار ئادەم بارغۇ ، ھەربىيدىن بوشىغان ، ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، ئاۋۇ تاللىق مەھەللىگە ئۆي سالغان ئىدىغۇ ؟

— ھە ، ھە ، قادىروف ، — دېدى كۆزلىرى يۇمۇقراق خام سېمىز مېھمان .

— ھە ، شۇ قادىروف ناھايىتى قىزىق ئادەمكەن ، هاراق ئىچىپ سەل تەڭشەلگەندىن كېيىن بىر رومكىنى ئىچىپ بولۇپ كالىدەك تىلىنى چىقىرىپ ئۆزىنىڭ مۇرىسىنى يالايدىكەن .

— نېمە دەيدىغانسەنۇي ؟

— راست ، راست ، — تەستىقلىدى بىرى ، — ئاشۇنداق ئادىتى باركەن ، دەسلەپ كۆرگىنىمدە تولا كۈلۈپ ئۈچىيىم ئۈزۈ-لۈپ قالغىلى تاس قالغان .

— قادىروفنىڭ گېپىنى مەندىن سوراڭلار ، — دېدى مەخ-سۇم ، — ئۇنىڭ قىلىقلىرى بەئەينى بىر ھېكايە . بۇرۇن ھەربىي-دە ئىككىمىز بىللە بولغان . بۇ ئادەم ئەسلىي قىسىمدا ھەربىي بولۇپ ، كېيىنرەك خوجىلىققا يۆتكەلگەن ، سىز ماۋۇنى ئىچىۋې-تىڭ ، قىزىق بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي .

— 1950 - يىللاردا هازىرقى ئىلى ھەربىي رايونى 5 - كورپۇس ئاتىلاتتى . ئاشۇ قادىروف زاپخوز ئىدى . بىر كۈنى تۇيۇقسىز «بارلىق كادىر - ئوفىتسېرلاردىن ئىمتىھان ئالىدى-كەن» دېگەن گەپ چىقىپ قالدى . «بۇ ئىمتىھاننى قانداق ئالار» دەپ تۇرساق ، بىر كۈنى ھەممىمىزنى گەپ - سۆزسىزلا ماشىنىغا سېلىپ ، مۇشۇ ئىلى دەرياسىنىڭ ساي قۇيۇلۇشىدىكى يار بويىغا ئېلىپ كەلدى . بىرئازدىن كېيىن كىچىك ماشىنىدا مۇئاۋىن كورپۇس باشلىقى كەلدى ، ئۇ ناھايىتى ئاچچىق يامان تاتار كىشى

ئىدى . ئىمتىھان ئوتتۇز مېتىر يەردىن تاپانچا بىلەن ئوق ئېتىش ئىكەن . ئېتىش باشلاندى ، خۇدانىڭ قۇدرىتىنى قاراڭ ، ھېچقاي-سىمىز نىشانغا تەگكۈزەلمەي مۇشۇ قادىروفنىڭ ئاتقان ئوقلا نىشانغا تېگىپ قالسا بولىدۇ . باشلىقنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ھەم-مىمىزگە كايىپ كەتتى :

— سەن خەق كەچكىچە ئىدارىدە ئولتۇرۇپ مەشىق قىلىش-مايسەن ، سەن خەقنىمۇ ئوفىتسېر دېگىلى بولامدۇ ؟ مانا ، قادى-روف ئارقا سەپ كادىرى بولسىمۇ ھەممىدىن ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى ، قادىروف !

— لەببەي ، گېنېرال !

— بۇ ياققا كەل ، ئالدىغا چىق ! مۇنۇ تۇرغان ئوفىتسېر جانابلارغا ئۆزۈڭنىڭ تەجرىبەڭنى تونۇشتۇرۇپ دەرس ئۆتۈپ بەر ، شۇنداق قىلمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ !

قادىروف لايىدەك ئېزىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— مەن دەرس ئۆتەلمەيمەن ، ھۆرمەتلىك گېنېرال ، مەندە تەجرىبە نېمىش قىلسۇن ؟

— بۇگۇنكى نەتىجىگە قانداق ئېرىشتىڭ ؟ شۇنى سۆزلە !

— مەنغۇ تۇزۇكرەك قورال تۇتۇپ باقمىغان دېسىلە ، بايا سىلى ئات دېگەندە تىترەك بېسىپ كەتتى . تاپانچىنى قولۇمغا ئېلىپ «تەۋەككۇل» دېدىم - دە ، كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ «ۋاڭ !» قىلىپ ئاتسام نىشانغا تېگىپ قاپتىغۇتاڭ ؟

ھەممىمىز «پاراققىدە» كۈلۈشۈپ كەتتۇق .

— قايت جايىڭغا ! — ۋارقىرىدى باشلىق .

لەتىپىدىن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى . پەلەمپەيدە ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلىنىشى بىلەنلا مەخسۇم ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى ۋە ئىككى مېھماننى ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن باشلاپ كىردى . قولغا سۇ ئېلىنغاندىن كېيىن ھەممەيلەن سارايدىكى راسلانغان ئۈستەل ئەتراپىدىن ئورۇن ئېلىشتى . ئول-

تۇرۇش باشلاندى . گۈڭگۈر - مۇڭگۇر پاراڭ بىلەن چاي ئىچىلدى . ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ھويلىدىكى يورۇق چىراغ نۇرى ئاستىدا توختىماي يېغىۋاتقان قار ئۇچقۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بىرئازدىن كېيىن بىر قىزچاق بىر باغلام يېڭى چوكا سېلىنغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىردى . چوكىنىڭ كىرىشى رەسمىي ئولتۇرۇشنىڭ باشلىنىشىدىن سىگنال ئىدى .

مەخسۇمنىڭ ئايالى ھەدەپ تاتلىق - تۇرۇملەرنى ئاياللارغا تۇتاتتى .

— قېنى ، قىزىم ، مۇنۇ ئۇستەلنى بىر رەتلەڭ ، — دېدى مەخسۇم قىزچاققا ، — ئاۋۋال ھەممە پىيالىلەردىكى چاينى مۇنۇ چىلاپچىغا تۆكۈڭ ! خوش ، مۇنۇ ناننى ، ئاۋۇ كەمپۇت ، ھەسەل ، پىرەنىكلەرنى ئېلىۋېتىڭ ! ياق ، گۇلقاق ، مۇراببالارغا تەگمەڭ ، بەزىلەر زاكۇسكا قىلىدۇ . ھەببەللى ، مانا ئەمدى مۇنۇ چوكىلارنى تارقىتىڭ ، چاينى قىزىق ، قىزىق قۇيۇڭ ، مۇنۇ تۆت تەخسە قېزىنى تۆت يەرگە ، ماۋۇ پىششىق گۆشنىمۇ شۇنداق قويۇڭ ، مۇنۇ ئىككى تاۋاق قورداقنى ئوتتۇرىغا ، ھەببەللى ، ئەمدى مۇنۇ سوغۇق سەيلەرنىمۇ ئارىلاشتۇرۇپ ...

مەخسۇمنىڭ ئەنە شۇنداق قوماندانلىقىدا ئۇستەل ئۇستى نازۇنېمەتلەرگە تولدى .

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئولتۇرۇش ئەۋجىگە چىقتى . ھېسسىياتلار تېخىمۇ قويۇقلىشىپ ، سۆزلەر شېرىن ، چىرايلار خۇشخۇي تۇس ئالدى . ئۇلار تېخى ئورتاق تېمىغا كۆچمىدى ، ھەممىسىلا مەخسۇمنىڭ يۇمۇرلۇق سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى تولىمۇ خالىشاتتى . ئەرلەر ئارىلاپ - ئارىلاپ ياپما گەپلەر بىلەن بىر - بىرىنىڭ لەقەملىرىنى شېپى كەلتۈرۈپ چاقچاقتا بىر - ئىككى ئاتلىشىۋالاتتى . ئىككى رومكا هاراقتىن كېيىن ئۆزىنى قوشتەك يېنىك سەزگەن قىزىل يۈزلۈك بۇرادىرىمىزنىڭ كۆزى تامدىكى گىلەم ئۇستىگە ئېسىلغان بىر مويسىپىتنىڭ چوڭايتىلغان

www.uyghurkitap.com

سۇرىتىگە چۈشتى .

— مۇنۇ پەرىشتە سۈپەت زات كىم بولىدۇ ئاداش —

سورىدى ئۇ مەخسۇمدىن .

بۇ سوئال بىلەن تەڭلا ھەممىنىڭ كۆزى سۈرەتكە چۈشتى .

— مەرھۇم قىيناتىمىز بولىدۇ ، ئوچۇقراق ئېيتقاندا ، بۇ زاتنى مەنىۋى ئاتام دېسەممۇ بولىدۇ .

— مەنمۇ كۆپ ئاڭلىغان ، — دېدى يەنە بىرەيلەن ، — ئەينى ۋاقىتلاردا تولىمۇ داڭ چىقارغان ئادەم ئىدى دەيدىغۇ ؟

مەخسۇم چايدىن بىر ئوتلاپ ئىزاھات بەردى :

— توغرا ، ئۆزى دىن ھەم پەننى تەڭ تۇتۇپ ماڭغان ، ئەينى ۋاقىتلاردا بۇخارايى شەرىفلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغانىكەن . ھەرقانداق مەسىلىگە ناھايىتى ئىلمىي باھا بېرەتتى .

— بۇنداق دېگىنىم ، — دېدى بايىقى گەپ قىستۇرغان ئەپەندى ، — بىزنىڭ بوۋايلارمۇ ئوبدان بىلىشىدىكەن ، بۇرۇن بۇ كىشىنى ئىلىمنىڭ ھاكىملىقىغا تەكلىپ قىلسا رەت قىلغانىكەن دەيدىغۇ ؟

— توپتوغرا ، — دېدى مەخسۇم ، — ئۇ مەزگىللەردە مەن تېخى كۆيئوغۇل بولمىغان ، ھۆرمەتلىك قېيناتىمىز ھاجىمنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ماڭا : «ئوغلۇم ، مەنسەپ ، ئەمەل تۇتۇش — سەھنىگە چىقىپ بىر مەيدان ئويۇن قويۇش دېگەنلىكتۇر . بىز مەڭگۈ تاماشىبىن بولۇپ كىشىلەرنىڭ ئويۇنىنى كۆرىمىزكى ، ھەرگىز سەھنىگە چىقىپ كىشىلەرگە ئويۇن قويۇپ بەرمەيمىز !» دېگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە .

— ياھ ! قالتىس گەپكەن جۇمۇ !

— گەپتىن گەپ چىقىپ قالدى ، مەن سىلەرگە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ، ئۆزۈم شاھىت بولغان بىر ئىشنى دەپ بېرەي ، — مەخسۇم قولىدىكى غاجىلاۋاتقان كىچىككىنە تۆشنى خونچا ئىچىگە سېلىپ ، قولىنى لۆڭگىدە ئېرتقاندىن كېيىن رومكا

بىلەن بوتۇلكىنى خام سېـمىز مېھماننىڭ ئالدىغا سۇرۇپ ، — ئەمدى ئۆزىڭىز ساقىي بولۇڭ ، — دېدى .

مەخسۇمنىڭ ھېكايىسىنى تۆۋەندە ئاپتور ئۆز قەلىمى ئارقىلىق بايان قىلىدۇ :

مىلادىيە 1966 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ، ۋاقىت پېشىندىن ئۆتكەن ، ھاۋا تۇتۇق ، ئارىلاپ شەرقتىن ئۇرۇلغان يېنىك شامال ۋاقىتسىز سارغايغان غازاڭلارنى لەرزان ئۇچۇراتتى . بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا كىيگەن ھاجىم (مەخسۇمنىڭ قېيناتىسى) ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ نامازدىگەرگە تاھارەت ئالماقتا . ئاپتۇۋىدىكى مۇزدەك سۇ بىلەن قىپقىزىل نۇرانە يۈزلىرىنى سىيپاپ يۇيغاچ دۇرۇت ئوقۇيتتى .

يوغان دەرۋازا زەنجىرى شاراقلىدى ، قورۇدا يۈرگەن مەخسۇم يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى . ئاچتىيۇ ، ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ، كەلگۈچىلەرگە ئەدەپ بىلەن سالام بەردى . كىرىپ كەلگۈچىلەر مەھەللە مۆتىۋەرلىرى ۋە مەسچىت ئەھلىلىرىدىن — سەل ۋىجىك ، قارىىراق كەلگەن مۇھىدىن قارىم ، بەللىرى يادەك ئېگىلگەن ، سېرىق ساقاللىق يارمەھەممەت مەخسۇم ، قالغانلىرى ئىبراھىم باققال ، ئارۇپ تاڭگا ۋە سېتىۋالدى ئىسىملىك بەش كىشى ئىدى .

— كېلەيلى ، كېلەيلى ، — چاقچاق قىلدى ھاجىم ، — ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، قاراپ باقسام بۈگۈن ھېيت پەتىسى ئەمەس ، مېنى يوقلاپ كەلدىمىكىن دېسەم قولتۇقلىرىغا ھېچ نەرسە قىستۇرۇشماپلا ، قېنى ، ئوغلۇم ، مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاڭ !

— چاقچاققا مەيلىمىز يوق ، ھاجىكا ، — دېدى ئادەتتە ئۆزىمۇ چـاقچاق ، قـىزىق گەپلەرگە ئۇستا يـارمەھەممەت مەخسۇم ، — بـولدى ، رەھمەت ، ئـۈزۈم بـارىڭى ئـاستىدىلا ئولتۇرايلى ، قېنى ، قارىم ، يـۇقىرى ئـۆتسىلە ، ئـامىن ، ئـاللا-

هۆئەكبەر ، سالامەتلىكلىرى ؟

— ئەلهەمدۇلىللا ، — هاجىم يۈز ـ كۆزلىرى [illegible] بولۇپ ، شاپاق دوپپىسىنى ئوڭشاپ كىيدى ـ دە ، چىرايلىق ساقاللىرىنى سىيپاپ قويدى .

— تەقسىر ، تالادا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەرلىرى باردۇ ؟ — سورىدى مۇهىددىن قارىم .

— ئەلۋەتتە خەۋىرىم بار .

— بولمىدى ، تەقسىر ، بولمىدى ، — مۇهىددىن قارىم ئەتىراپقا قارىۋېتىپ سۆزلىدى ، — يۇرت بۇزۇلدى ، دىنىمىزغا ئوت كەتتى .

— ئۇنداق بولسا يامان بوپتىغۇ ، — دېدى هاجىم .

— خەۋەرلىرى بولسا ئاڭلىغانلا ، تونۇگۈندىن بېرى كوندىلىقنى بۇزىمىز دەپ نە كىتاب قالمىدى ، نە قۇرئان ـ هەدىسلەر ، هەممىنى كۆيدۈرۈۋەتكەندى ، «هە» دېدۇق . مانا بۈگۈن چۈشتىن كېيىن كېلىپ مەدرىسىنى بۇزىمىز ، پەشتىقىنى چاقىمىز دېگەندى ، يۇرت تەۋرەپ كەتتى . ئاخىرى بولالماي پەشتاق ئۈستىدىكى هىلال ئاي نۇسخىسىنى چىقىۋەتتى ، — قارىم شۇنداق دېدىيۇ ، گېپىگە بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك گەپىنىڭ ئاخىرىسىنى چۈشۈرەلمىدى .

— كىملەر ئىكەن ئۇ ؟ — سورىدى مەخسۇم ئەدەپ بىلەن .

— هەي ... ي ... ي ... مەخسۇم ، قويسىلا ، «يىغا ياندىن قوپار» دەپ ، هەممىسىلا مۇسۇلمان پەرزەنتى ، — دېدى سېتىۋالدى ، — هەممىدىن ئەلەم قىلغىنى ، مائارىپتا ئىشلەيدىغان هىلدىقى خام سېمىز بارغۇ ، ئىسمىنى ئۇقمايدىكەنمەن ، ئاكىسىنى تونۇيمەن ، ئاشۇ بىلىنى ئارغامچىدا باغلاپ پەشتاققا چىقىپ بولقا بىلەن هىلال ئاي نۇسخىسىنى چىقىۋېدى ... يا هەزرەت ! ...

شۇنىڭ بىلەن باشقىلارمۇ ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن گەپ بەرمەي چۇۋۇلداشقىلى تۇردى .

— مۇشۇنچىلىك گەپمىدى؟ — سورىدى ھاجىم.
ھەممەيلەن سۈكۈتكە چۆمدى.
— خوش ... ش! — دېدى ھاجىم سوزۇپقىنا، — ئېيتىڭلارچۇ، «ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكمى ۋاجىپ» دېگەن ئاقىلانە ئاتىلار سۆزى بار، مەسچىتلەرنى بۇزسا، قۇرئان ـ ھەدىسلەرنى كۆيدۈرسە بۇنىڭ نېمە غارايىپلىقى بولسۇن؟
ھەممەيلەن ھەيرانلىق ئىلكىدە ھاجىمغا تەئەججۇپ بىلەن قاراپ قېلىشتى. بۇ ئارىلىقتا ھاجىم داستىخان سېلىپ مېھمانلار-غا بىر پىيالىدىن سىنچاي تۇتتى، ئەمما ھېچكىم ئېغىز تەگكۈز-مىدى.
— دېمەك، — دېدى ھاجىم، — تۇخۇمنى تاشقا ئۇرۇش نەھاجەت؟ خوش، مۇھىدىن قارىم، سىلىدىن سوراي، قۇرئان كەرىمدىكى «سۇرەئى يۇسۇف»نىڭ ئىككىنچى تۇرغۇچىنى ئوقۇ-سىلا، ئاڭلايلى!
قارىم رەسمىي يۆتىلىپ، بىسمىللادىن كېيىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:
— «ئىننا ئەنزەللاھۇ قۇرئانەن، ئەرەبىيەن، لەئەللەكوم تەقىلۇن»
— بەس، ئەمدى تەپسىر بەرسىلە.
— ئاللاتائالا: «مەن سىلەرنى بىلسۇن، چۈشەنسۇن دەپ قۇرئاننى ئەرەبچە نازىل قىلدىم» دېگەن.
— ھەببەللى، قارىم، — دېدى ھاجىم، — بىر ئوبدان بىلىدىكەنلىغۇ، ئاللا قۇرئاننى ئەرەبچە نازىل قىلسىمۇ، ئۇنى يالغۇز ئەرەبلەرلا ئەمەس، پۈتۈن ئەھلى مۇسۇلمانلار ھەممىمىز بىلىمىز، شۇنداقمۇ؟
كۆپچىلىك تېخىمۇ ھەيرانلىق ئىلكىگە چۆمدى، ھاجىم ئۆز سۆزىنىڭ مەقسىتىگە كۆچتى:
— ھەيران قېلىشمىسىلا، «ھاجىم ئايىنىپ قاپتۇ» دەپمۇ

www.uyghurkitap.com

قىلىشمىغايلا ، مەن بايا قەيت قىلدىمغۇ ، «ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكمى ۋاجىپ» دېگەن ئاتىلار سۆزى بار دەپ ، بۇ بىر سىياسەت بىلەن بولۇۋاتقان ئىش تۇرسا ، بىز ئالتە توك ـ توك نىمە قىلالايمىز . خوش ! ھېلىقى خام سېمىزدەك نائەھلىيلەر مەسچىتنى بۇزسا قويۇپ بېرىڭلار ، بۇزۇۋەرسۇن . مۇنداق ئادەملەر ئاخىرى خارلىقتا ئۆتىدۇ . مەسچىت ، خانىقالارنى خۇدايىم ئاسماندىن چۈشۈرۈپ بەرگەن ئەمەس ، ئۆزىمىز ياسىغان . تېخى بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق قىلىپ يەنە ياسىيالايمىز . ئاللا ئىگەم ، سەۋر قىلغۇچى مىنىڭ دوستۇم دېگەنىكەن . بەس ، بىزگە سەۋر جايىزدۇر …

ھاجىمنىڭ مارجاندەك سۆزلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈنلەرنى يېشىپ ، يۈزلىرىدىگە شادلىق ، دىللىرىغا ئۈمىد بېغىشلىدى .

يارمەھەممەت مەخسۇم چاقچاقلا ئۆتتى :

— ئارۇپ ئاخۇن ، مۇشۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپلا ، تاڭگا چىشلىۋالمىغاندىن كېيىن بىرەر ئېغىز گەپ قىلسىلا بولمامدۇ ؟ — دېگەنىدى ، ھەممىسى سۇسلا كۈلۈپ قويىدى .

— توغرا ئېيتتىلا ، — دېدى ئارۇپ تاڭگا ، — مەن گەپ قىلاي دەپ قارىسام ، جانابلىرى ئاشۇلارغا قاراپ يادەك ئېگىلىپ تەزىم قىلىۋېتىپلا ئەمەسمۇ .

«پاراققىدە» كۈلكە ھويلا ئىچىدە ياڭرىدى ، كۆپچىلىك پاتىھە بىلەن قوزغىلىشتى . ھاجىم تاپىلىدى :

— ماڭا رەھمەت ئېيتىشنىڭ ھاجىتى يوق ، بۇ پەقەت ئىشنىڭ يولى . ئەمدى مېنىڭچە بۇنىڭدىن كېيىن مەسچىتكە چىقماي نامازنى ئۆيدە ئۆتەيلى . ئەڭ مۇھىمى ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق توپلىشىپ يۈرمەيلى …

مەخسۇمنىڭ ھېكايىسىدىن كېيىن ھەممىسىلا خۇددى ئۇيقۇ-

غا قانغان ئادەمدەك راھەتلىنىپ قىلىشتى.

— مانا، مۇنداقمۇ ئادەملەر بار جۇمۇ.

— نېمىدېگەن پاساھەتلىك، مەنىسى دانا پىكىر - ھە؟

— ھە راست، ھېلىقى خام سېمىز دېگىنىڭىز قانداق بوپتۇ؟ — سورىدى كۆزەينەكلىك ئەپەندى.

مەخسۇمنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان، چاچلىرىنى قىزىلغا بوyۇۋالغان ۋىجىكرەك چوكان چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن مەخسۇمغا شۇنچە تىكىلسىمۇ، ئۇ بۇنى سەزمىدى. مەخسۇم ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرىنى داستىخانغا تىكىپ تۇرۇپ:

— كېيىنىرەك مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتە قىلماپتىمەن، ئاڭغىچە ئۆزىمىزنىڭ بېشىغىمۇ نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلار كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوتتۇز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، ئۆلمىگەن بولسا يەر يۈزىدە باردۇر، — دېدى.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى، قىزىل چاچلىق چوكان يەنىلا مەخسۇمغا تىكىلىپ تۇراتتى. ھاراق قۇيۇۋاتقان خام سېمىز مېھمان يۇمۇق كۆزلىرىنى مەخسۇمغا تىكىپ تۇرۇپ تولدۇرۇپ قۇيغان رومكىنى قولىغا ئالدى:

— مەن مۇنۇنى ئىچەي، ئەمدى بىزگە رۇخسەت، دېدىمغۇ، باللارنىڭ ھەممىسى يېڭى يىل ئوينايمىز دەپ چىقىپ كەتكەن، ئەنسىرەپ قالدۇق، ئۆيدە نەۋرە بار.

مېھماننىڭ تەلىپى قەتئىي ئىدى، سورۇن ئەھلى تەرەپ - تەرەپتىن چۇرقىراشتى، بىراق ئايالى ئالىقاچان پەلتوسىنى كىيىپ بولغانىدى. مەخسۇم ئەر - ئايال ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرگەندىن كېيىن قىزىل چاچلىق چوكان مەخسۇمغا قاراپ:

— ھەي، مەخسۇمكا، شۇنچە قارىسام قارىمىدىڭىز... «ئارتۇقچە بىرنەرسە دەپ قويارمىكىن» دەپ شۇنچە ئەنسىرەپ كەتتىم دەڭا، ھەدەپ خام سېمىز دەۋەردىڭلا، ئاخىرى چىدىماي

كېتىپ قالدىغۇ ئەنە، — دېدى.

— ۋاي، نېمە دەيدىغانسىز؟ — ھەيران قېلىشتى كۆپچى-لىك. بۇ خۇددى داستىخان ئۈستىدە بومبا پارتلىغاندەك بىر ئىش بولغانىدى.

— شۇ ۋاقىتتا مەنمۇ بار ئىدىم، — دېدى قىزىل چاچ چوكان، — شۇ يىلى مەن يېڭى خىزمەتكە چىقىپ ئوقۇتقۇچى بولغان. شۇ كۈنى ھەممە ئوقۇتقۇچىلارنى مۇشۇ كىشى تىزىلدۇ-رۇپ، شۇئار توۋلىتىپ مەدرىسگە ئاپىرىپ خېلى ئىشلارنى قىلدۇ-دى، ئۆزى چىقىپ راۋاقتىكى ئاي نۇسخىسىنى چاقتى. شۇ ۋاقىتتا مۇشۇ ئايالىمۇ بار، گەپ باشلىنىشى بىلەنلا سەپسالسام ئايالى غۇدۇراپ زادىلا ئولتۇرالمىدى، ھەدەپ يولدىشىغا «كېتەيلى» دەپ شەرەپ قىلىۋاتىدۇ، شەرەت قىلىپ قويۇپ دېسەم زادىلا قارىمىدىڭىز ...

قار تېخى چۈشۈۋاتاتتى.

1999 - يىل، غۇلجا





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دەرد كەلدى بۇ بېشىمغا

## 1

1970 ـ يىلىنىڭ باھارى ئۆزگىچە بولدى ، ھەمەل ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قۇياش يۇزىنى تولۇق كۆرسەتمىدى . ئاچچىق شامال پاتقاق كوچىلاردىكى قۇرۇغان توپىلارنى ئۇچۇراتتى ، تىتىلىپ كەتكەن قارا يۇڭدەك بۇلۇتلار شەرققە چاپاتتى ، ئەمدىلا بىخ چىقارغان چوكانتاللارنىڭ يۇمىران يوپۇرماقلىرى توپا ـ چاڭغا كۆمۇلگەنىدى . ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى تېخىچە پاختىلىق چاپانلىرىنى تاشلىماي ، گەز باغلىغان كالپۇكلىرىنى يالاپ قويۇپ ، ئۇركۇگەن- چۆچۇگەن قىياپەتتە ئەتراپقا ئەنسىز قارىشاتتى .

19 ـ ئاپرېل — يەكشەنبە كۇنى ئەتىگەندە ، غۇلجا بېكىتىدىن چىققان كونا يولۇچىلار ئاپتوبۇسى غەربكە قاراپ مېڭىۋېرىپ ئاز كەم بىرەر سائەتلەردىن كېيىن ناھىيە بازىرىدىكى يولۇچىلار بېكىتىدە توختىدى .

يولۇچىلار ماشىنىدىن چۇشۇپ بىردەمدىلا تەرەپ ـ تەرەپكە تارقاپ بولدى . قولىدا ھېچ نەرسە كۆتۇرمىگەن ئاپئاققىنا ياش چوكان باشقا يولۇچىلاردىن ئايرىلىپ ئازراق شىمالغا مېڭىپ چوڭ كوچىغا چىققاندىن كېيىن ، يەنە غەربكە قاراپ يۇرۇپ كەتتى . قارا سارجا كۆڭلەك ئۇستىدىن يۇيۇپ ئاقىرىپ كەتكەن تولىمۇ ياردىشىملىق قىسقا خادانى چاپان كىيگەن بۇ چوكانىنىڭ يېشى ئەمدىلا ئوتتۇزلارغا ئۇلاشقان بولۇپ ، بەدىنى راسا تولغان ۋاقتى ئىدى .

ناھىيە بازىرىغا ئاسماندىن چۇشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ غۇنچە بوي چوكانغا ھەممە قىزىقىپ قارايتتى . يولنى توغرىسى-

غا كېسىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈك بېشىغا كەلگەندىن كېيىن چوكان ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا ئوڭ قول تەرەپتىن تارغىنا تانابتەك تۈز كوچىغا قايرىلىپ كىردى . كوچا تولىمۇ چىراغلىق يول قاسىنىقىدىكى ئېرىقلار پاكىز تازىلانغان ، تاملار ئاپئاق ئاقلى-تىلغان ، ئالدىنقى كۈنى ياغقان يامغۇر دەل ـ دەرەخلەرنى ياشارتىۋەتكەنىدى . ياپيېشىل چوكانتاللاردا قارىغۇجىلار ھەر خىل ئاۋاز-لارنى چىقىرىپ سايراۋاتاتتى . ئۇ بىر ئاز مېڭىپ كوچىدا پاراڭ-لىشىپ تۇرغان ئىككى ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن :

— ئابدۇكېرىم دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيى قايسىكىنە ؟ — دەپ سورىدى .

كۆڭلەك ئۈستىدىن پاختىلىق پىنجەك كىيگەن ياشراق بىر ئايال ئېغىزىدىكى سېغىزنى قارسىلدىتىپ چايناۋاتقانىكەن ، ئۇنىڭ قولىدا بىر چىنە سۈت ... يەنە بىرى سەل ياشانغان بولۇپ ، قارامتۇل يۈزىگە قورۇق چۈشكەن ، قولتۇقىغا بىر نان قىستۇرۇۋېلىپ دىققەت بىلەن گەپ ئاڭلاپ تۇراتتى . ئۇلار ئاياللارغا خاس بىر تۇرلۈك چاققانلىق بىلەن چوكاننىڭ ئۈستۈبېشىغا «لەپپىدە» بىر قارىۋالدى .

— قايسى ئابدۇكېرىمنى دەيسىزكىنتاڭ ؟ — دېدى ياشراق ئايال ، — بۇ كوچىدا ئىككى ئابدۇكېرىم بار ، بىرسى يەتمىشلەر-دىن ھالقىغان چوڭ ئادەم ...

— ياق ، ئۇ ئەمەس .

— ھە ، ئۇنداق بولسا ، ماۋۇ ئابدۇكېرىم «پايپاق»نى ئىز-دەپ كەپتۇ ، — دېدى ياشانغان ئايال ، — ئاينا ، ئاۋۇ تېرەككە باغلاقلىق ھاڭگا ئېشەكنى كۆردىلىمۇ ، خېنىم ؟ ھە ، شۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى كۆك ئىشىك . ئىشىك ئالدىدا كېسەك تىزىقلىق تۇرامدا ؟ نەق شۇ قورۇ ...

چوكان كۆلكىسى قىستىغاندەك بىر قىياپەتتە رەھمەت ئېيت-

تىپ ، راۋان قەدەملەر بىلەن سىلىق مېڭىپ كەتتى . ئاياللار ئۇنىڭ كەينىدىن يارىشىملىق كۆڭلىكى ۋە قاملاشقان غۇنچە بويىدىن خالىغانچە ھۇزۇرلىنىپ قاراپ قېلىشتى .

— ئۇ «پايپاق»نىڭ بۇنداق تۇغقانلىرى يوق بولىدىغانغۇ ؟

— ئىشقىلىپ ، بۇ يەرلىك ئەمەس ، غۇلجىدىن كەلگەن ئوخشايدۇ ، — دېدى ياشراق ئايال .

— ھە ، شۇنىڭ بىلەن قانداق بولدى ؟

— ھەي ! قويسىلا ، جېنىم سارىخنىدە ! ئادەم دېگەننىڭ جېنى چىڭكەن . تۆت كۈن ئۇدا كۈرەش قىلدى . بىر ئېغىز زۇۋان سۇرگەن بولسا ئۆلەي . بۇلار «سېنىڭ تەتۈر تەشكىلاتىڭ بار ، شۇنى تاپشۇرىسەن» دەيدۇ ، بىچارە سۇلتان باشتىلا : «مەندە نېمە ئىش قىلغان تەشكىلات؟ راست ، ئولتۇرۇپ هاراق ئىچتۇق . دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتتۇق . باشقا ئىش يوق» دەپ تۇرۇپلىۋالدى . ھېلىقى بېشىنى يەيدىغان پاكار بىر كادىر بارغۇ ، ئاخشام ھېچ گەپ ئالالماي ، كەينىدىن كەلگەن پېتى قولىدىكى بىرنېمە بىلەن گەجگىسىگە شۇنداق بىرنى سالماسمۇ ... «ئاپا» دەپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قاپتىمەن . بىچارە سۇلتان «گۈپ»لا قىلىپ يىقىلدى . ئېقىپ كەتتى قان ... بىرھازادىن كېيىن ھايت - ھۇيت قىلىپ يارىسىنى تاڭغان بولدى . يەنە سۆرەشتۇرۇپ ئەكىرىپ ئەترەت ئىشخانىسىغا سولاپ قويدى . «نېمە بوپكەتكەندۇ ؟» دەيمەن . كېچىسى شۇنداقلا كۆز ئالدىمغا كەلسە قورقۇنچ بېسىپ كېتىدۇ ، دېسىلە ...

— ھەي ... نائەھلىيلەر ، ھەي ، نائەھلىيلەر ... كىشىگە ناھەق زۇلۇم سالغانلار ئاخىرى جاجىسىنى يەيدۇ جۇما ... بۇ ئىشلارنىڭمۇ سورىقى بولار ئىگەكىم ...

قىيپاش ئۇدۇل ئىشىكتىن كالا ھەيدەپ چىققان ئاق سېرىق ياش بىر چوكان كالىسىنى پادىغا قوشۇۋەتكەندىن كېيىن بۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى .

www.uyghurkitap.com

— ئەسسالام ، سارىخاچا ! ئەتىگەندىلا قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ ، كىشىلەرنى قارغاپ قوپۇپسەنغۇ ؟ قاۋۇلكامدىن تاياق يېمىگەنسەن ، يۇزۇڭنىمۇ يۇيماي نان كۆتۈرۈۋاپسەن ...

— پاھ ، مۇنۇ سېرىق چايانىنىڭ تىلى چىقىپ قاپتىغۇ ؟ ئىنە مەيدەڭنىڭ تۈگمىسىنى ... كېچىچە ئېرىڭنىڭ قوينىدا نايناقلاپ سۈغىمۇ چۈشمىگەن ئوخشىمامسەن ... تېخى مېنى دەيدا ...

— ئاۋۇ سەتەڭ كىمنى ئىزدەپ كەپتۇ ؟

— سەتەڭ دەيسەنغۇ ؟ چىرايى بىر ئوبدان سۈزۈك چوكان. كەن . ئۆزۈڭگە ئوخشاش جالاپ چىراي بولسا بولامتى ... ئۆتەپ بارە ...

ئاياللار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى .

چوكان ئاددىيغىنا تاختايدىن ياسىلىپ كۆك سىرلانغان كىچىك دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ تۇرۇشىغا ئىچكىرىدىن بىر ئەر كىشى بىر تورپاقنى يېتىلەپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى . قارىماققا تورپاق ئۇنى تالاغا سۆرەيتتى . ئۇ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغان چوكاننى كۆرۈپ ، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئارغامچىنى بىرلا تارتىپ تورپاقنى توختاتتى .

— ئابدۇكېرىم سىز بولامسىز ؟

— شۇنداق ، مەن بولىمەن ... خاپا بولماي توختاپ تۇرۇڭە ، — ئۇ ناھايىتى ھودۇققان ھالدا ئالدىراپ تورپاقنى پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە باغلىدى . چوكاننىڭ گەپ قىلماي تۇرۇ. شىدىن بىرەر شۇملۇقنى سەزگەندەك چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئۆي ئىگىسى مېھماننى ئۆيگە باشلىدى .

— قېنى يۇرۇڭ ... ئۆيگە كىرەيلى ... قورقماڭ ، بۇ ئىت چىشلىمەيدۇ ... ھەي ، ئابلىكىم ، قېنى سەن ؟ ماۋۇ تورپاقنى سۇغۇرۇپ كەلگىنە ... قېنى ، قېنى ، كىرىۋېرىڭ ...

ھويلا خېلى يوغان بولۇپ ، بىر تەرىپىگە مال ئېغىلى جايلاش. قان ، تاملارغا ئېگىز قىلىپ قوناق شېخى دۆۋىلەنگەنىدى . كەڭرى

باراڭغا يېڭىلا ئارتىلغان ئۈزۈم تاللىرىدىن چېپىلداپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى. پېشايۋان ئاستىدىكى توپىدىن قوپۇرۇلغان كەڭرى سۇپىدا دېھقانچىلىققا كېرەكلىك ھەممە نەرسە تېپىلاتتى.

ئۇلار دالان ئۆيگە كىرىشتى. ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز ئوچاققا ئوت قالاۋاتاتتى. ئۆي ئىچى قاسقاندىن چىققان ھورغا توشقانىدى.

— قېنى، مۇنۇ ئىچكەركى ئۆيگە كىرەيلى، بولدى، بولدى، ئاياغنى سالماڭ، يۇقىرى ئۆتۈڭ، ھەي، تىللابۇۋى! بولۇڭ، مېھمانغا كۆرپە سېلىڭ، قىزىم…

مېھمان ئاددىي، لېكىن خېلى ئازادە يىغىشتۇرۇلغان ساراي ئۆيگە كىرىپ كۆرپە ئۈستىگە جايلاشتى. دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاددىيلا تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى. ئۆي ئىگىسى ئابدۇكېرىم تېخىچە كۆڭلى جايىغا چۈشمىگەن ھالدا ھېچ نەرسىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپلا قالغانىدى. ئۇ دالانغا قاراپ:

— قىزىم، قولغا سۇ ئېلىڭ، داستىخان سېلىڭ. تاماقتىن ئىدىڭىز پىشقان بولسا ئەكىرىڭ، — دېدى ـ دە، مېھمانغا، — بۈگۈن ئەزالارنىڭ ھەممىسىنى ئاۋۇ دۆڭنىڭ باغرىدىكى كۆچەتزارلىققا چىقىسىلەر دېگەن. باللار ئەتىگەندە تاماق قىپتۇ، چۈشتە كېلەلمەيمىز ئەمەسمۇ. نېمىسىنى دەيسىز، كوممۇنانىڭ ئىشى شۇنداقكەن، — دېدى.

ھايال ئۆتمەي چاققان قىز بىر تاۋاق مانتا ئەكىردى ۋە خونچىلارغا مانتا سېلىپ قويدى. كەينىدىن قايماقلىق ئەتكەنچاي ئەكىردى.

— قېنى ئەمىسە، ئاۋۋال تائام دەپتىكەن، ئېلىڭ، — دېدى ئۆي ئىگىسى.

— ماڭا قاراپ ھەيران قېلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن، — كۈلۈمسىرىدى مېھمان، — بىز بىر ـ بىرىمىزنى تونۇمىغاچقا… قارىسام، سەل ھودۇقۇۋاتىسىز، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن

www.uyghurkitap.com

سىزنى تەكشۈرۈپ كەلگەن كادىر ئەمەس ... — مېھمان يەنە كۆلۈمسىرىدى ، — باشقا بىر ئىش ...

شۇ گەپ بىلەن ئابدۇكېرىم چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

— ئۇھ ، خۇدايىم ! — ئۇ كۆلۈمسىرەپ يوغان ئالىقانلىرىنى مەيدىسىگە قويدى ، — يۈرىكىم ئەمدى ئورنىغا چۈشتى دەڭا ... بۇ ئاي ، بۇ كۈنلەردە نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى ، بىلەلمىدۇق . ئىشىك «تىرىق» قىلسا پۈتتا جان قالمايدۇ . بىزغۇ بىر دېھقان ئادەم ... شۇنداق بولسىمۇ قاراڭ ، مەن سىزگە دەپ بېرەي ، ھە دېسىلا سىرتتىن كادىرلار كېلىپ ئەھۋال ئىگىلەيمىز دەپ يېزىپ كېتىدۇ . بىچارە دېھقان قالىدۇ بالاغا ... يائاللا ، ئەمدى كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشتى . قېنى ، چوڭ - چوڭ ئېلىڭا ...

ئابدۇكېرىم قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بوي ، ئورۇق ئادەم بولسىمۇ ، تارمۇشتەك كۈچلۈك قوللىرى ، قىپقىزىل مەز- مۇت بويۇنلىرى ئۇنىڭ ئىشقا پىشقان دېھقان ئىكەنلىكىنى كۆرسى- تىپ تۇراتتى . مايلىشىپ كەتكەن كونا شەپكىسىنىڭ ئاستىدىكى ئالا گەدەنلىرىگە قاراپ ، «تازمىكىنە؟» دەپ ئويلىدى ئايال .

تاماق يېيىلىپ بولغۇچە ئارتۇق گەپ - سۆز بولمىدى . دۇئا قىلىپ داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن مېھمان ئالدىرىماي گەپ باشلىدى :

— بۈگۈن مۇھىم ئىش بىلەن سىزنى ئىزدەپ كەلگەنى- دىم ، — ئايال سول ئالىقانلىرى بىلەن كۆرپىگە تايىنىپ ، ئوڭ قولى بىلەن كۆرپىنىڭ شىرىقىدىكى بىر تال يىپنى يىمىرىپ ئولتۇراتتى ، — پارىڭىمىز هازىرلا تۈگىمەس ، سىزنى ئىشتىن قالدۇرۇپ قويىدىغان بولدۇم .

— بولىدۇ ، پىكىرلىرىڭىزنى دەۋېرىڭ ، ئىشنىڭ كارى چاغ- لىق ، كوممۇنانىڭ ئىشى تۈگەيدۇ دەمسىز؟ ئۇنداق بولسا مەن بالىلىرىمغا دەپ قوياي ...

ئۇ قورۇغا چىقىپ بالىلىرىغا :

— ھەي ، ئابلىكىم بالام ، تامىقىڭنى يەپ بولغان بولساڭ ، ماڭا قارىماي ئىشقا مېڭىۋەرگىن ، ساۋۇر دۇيجاڭغا : «دادامنىڭ ئازراق ئىشى چىقىپ قالغان ، چۈشتىن كېيىن كېلىدۇ» دەپ قوي ! تورپاقنى ھارۋىنىڭ كەينىگە باغلا ! چاقنىڭ يېلى بارمۇ ؟ قاراپ باق ... ئاۋۇ تۇرغان پوقاقتا مېنىڭ كەتمىنىم قالغان . ئۇنتۇپ قالماي ئېلىۋال - ھە ! ... تىللابۇۋى قىزىم ، سىز قاچا-قومۇچلارنى يۇيۇپ بولۇپ ئۆيلەرنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن ، دۇي-دىن بەرگەن ھېلىقى ئىككى كىلو سۇماينى ئەكېلىۋېلىڭ ...

ئۇ قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئۆز جايىدا ئولتۇرۇپ چوكانغا قارىدى .

— ئۇنداق بولسا گەپنى ئۇدۇللا قىلاي ، — دېدى چوكان ، — مېنىڭ ئىسمىم مەلىكەم ، ئۆيىمىز غۇلجىدا ، ئۆزۈم دوختۇر ، كۆز دوختۇرى ، مەلىكەم دېسىڭىز ھەممىسى تونۇيدۇ . مېنى قانداق تونۇيسىز دەپ قالماڭ ، مەنمۇ دوپپىگەي (كۈرەش قىلىش ، پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىش ) كادىرلىرىدەك تەكشۈرۈپ يۈرۈپ تەكتىڭىزنى بىلىۋالدىم . ئىسمىڭىز ئابدۇكېرىم ، بىر ئوغۇل ، بىر قىزىڭىز بار . ئايالىڭىز ئۈچ يىل بۇرۇن قازا قىلغان شۇنداقمۇ ؟ ... ھە ، سىز ھازىر چەت ئەلگە ، دادىڭىز ، قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ يېنىغا چىقماقچى بولۇپ تەييارلىق قىلىۋاتىسىز . ھۆكۈمەتمۇ قوشۇلۇپتۇ . شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ، — دېدى تەقەززا بولغان ئابدۇكېرىم ، — پاھ ، مېنىڭ ئەھۋالىمنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە بىلىۋاپسىزا ... راست ، دادام مەن كىچىك ۋاقتىمدا ھەرەمگە چىققانىدى . يول ئېتىلىپ قېلىپ قايتىپ كېلەلمىگەن . ئەنە ئاۋۇ سۈرەتتىكى ئاق كىيىم كىيگەن بۇرۇتلۇق كىشى دادام بولىدۇ (ئۇ ئورنىدىن تۇردى ) ، مانا ماۋۇ ماشىنىنىڭ يېنىدا تۇرغىنى شۇ يەردە تاپقان چوڭ بالىسى ، مۇنۇ دادامنىڭ كۈيئوغلى بولىدىكەن ، ماۋۇ ئايالى ئوخشايدۇ . ئىشقىلىپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى زاۋۇتلارنى قۇرۇۋاپ-

تۇ . دادام : «ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ خۇدا دىدارىنى نې-
سىپ قىلسا !» دەپ چاقىرىق قەغەز ئەۋەتىپتىكەن . خۇدايىم
بۇيرۇسا ، بۇ يىل ئاخىرىغىچە مېڭىپ كېتىمىز ... ھازىر بۇتۇن
رەسمىيەت بېيجىڭدا (بېيجىڭدا) . شۇنىڭغىلا قاراپ قالدۇق .
— بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋىرىم بار ، — چوكان گەپنى
تارتىۋالدى ، — مېنىڭ بۇ ئاي ، بۇ كۈنلەردە تارتقان دەرد -
ھەسرىتىم ، بېشىمغا كەلگەن قىسمەتلەر مېنى مۇشۇ يەرگە كې-
لىشكە مەجبۇر قىلدى . قالغان گەپ - سۆزلەرنى ئايرىم سۆزلى-
شەرمىز . گەپنى تۈزلا قىلاي ، ئەگەر ماقۇل كۆرسىڭىز ، مېنى
ئۆزىڭىز بىلەن بىرگە ئاچىقىپ كەتسىڭىز ! ئەڭ ئەپچىل چارە
ئىككىمىز تۇرمۇش قۇرساق .
— سىز !؟ — ئابدۇكېرىمنىڭ پىيالە تۇتقان قوللىرى تىت-
رەپ كەتتى ، — نېمە دەۋاتىسىز ؟ سىز مېنىڭ بىلەن ... ؟
ئېرىڭىزچۇ ؟
ھويلىدىكى ئۆزۈم بارىڭىغا قونۇۋالغان قارىغۇجا نېمىلەرنى-
دۇر تەقلىد قىلىپ ئاجايىپ چىرايلىق سايراپ كەتتى .
— شۇنداق ، ئەگەر خالىسىڭىز سىز بىلەن تۇرمۇش قۇرى-
مەن . قانۇنلۇق ئەر - خوتۇن بولىمىز . ئەمما بىر شەرت ، مېنى
چوقۇم بىللە ئاچىقىپ كېتىسىز . ئېرىم ھەققىدە ئايرىم
پاراڭلىشىمىز ...
ئۇستىگە جۇل - جۇل كىيىنگەن ، تاپانلىرى چويۇندەك
قاتقان ئوتۇنچى ئورۇق ئېشەكتە جاڭگالغا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز
غايىب بىر خەزىنە دۇنياغا دۇچ كېلىپ قالىدۇ . ئۇ خۇشاللىقىدىن
ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپ ، بىر ئازدىن كېيىن : «يا خۇدايىم ، ھىم-
مىتىڭگە شۈكرى» دېمەكچى بولىدۇيۇ ، بىراق دېيەلمەيدۇ ، چۈن-
كى ئۇ قاتتىق خۇشاللىقتىن تىلىنى يۇتۇۋالغانىدى . ئابدۇكېرىم-
نىڭ ھازىرقى ھالىتى دەل شۇ ئوتۇنچىنىڭ ھالىتى بولسىمۇ ،
ئۇ تىلىنى يۇتۇۋالمىغانىدى ، بىراق يۈرىكى بەك سوقۇپ كەتتى .



www.uyghurkitap.com

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن ! سىز ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇغاندا ياكى كىنو كۆرۈۋاتقاندا ۋەقەلىك تازا جىددىيلىشىپ، قىزىقارلىق پەيتكە كەلگەندە ئۆزىڭىزمۇ جىددىيلىشىپ كېتىسىز. ئوخشاشلا يازغۇچىمۇ ئەسەرنى يېزىۋېتىپ شۇنداق يەرگە كەلگەندە جىددىيلىشىدۇ.

خوش، بۇ قەھرىمانلىرىمىز «يا ئاللا، يا توۋا ...» دەپ ھەيران بولۇپ تۇرۇشسۇن، بىز بىرئاز قۇرۇق پاراڭ سېلىۋالايلى.

چوكان ئۆزىنىڭ ئىسمىنى مەلىكەم، كەسپىنى دوختۇر دەپ تونۇشتۇردى. بۇ راست، مەلىكەم 1965 ـ يىلى يىگىرمە ئۈچ يېشىدا دوختۇرلۇق كەسپىنى تاماملاپ، شەھەرلىك دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتى. كەسپىتە ناھايىتى تېز ئىلگىرىلەپ زور نەتىجىلەرنى يارىتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن تەكەببۇرلۇقى، مەنمەنلىكى، باشقىلارنى قىلچىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان ئىللەتلىرى ئۇنىڭ بىلەن كەسپداشلىرى ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش پەيدا قىلدى، بىمارلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ ناھايىتى باي، ھاللىق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىدىن ئايرىلالمايتتى. كەسپتىكى پەۋقۇلئاددە قابىلىيىتى ئۇنىڭ خاراكتېرى بىلەن بىرلىشىپ، تەبىئىيلا باشقىلارنىڭ دۈشمەنلىكىنى قوزغىغۇەتكەنىدى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە بولسا لەببەيچىلەرنىڭ كۆرەش نىشانىغا ئايلىنىپ قاتتىق رىيازەت چەكتى.

چوكان ئابدۇكېرىمگە قاراپ:

— بۇ خەقنىڭ ماڭا قىلىپ كەتكەن تۆھمەت ـ خورلۇقلىرىغا پەقەت چىدىيالمىدىم. نەچچە قېتىم جاندىنمۇ كەچتىم، — دېدىدە، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق بوتا كۆزلىرى ياشتىن سۇغا چىلاپ ئالغان يېشىل زۇمرەتتەك يالتىرايتتى، — بىراق راستىنى ئېيتسام، ئاشۇ تۆت ياشلىق قىزىمغا زادىلا قىيالمىدىم. بايا سوراپ قالدىڭىز، ئېرىم دېگەن ۋىجدانسىز

لاتا مەن شۇنچە ئازاب چېكىۋاتسام «هالىڭ نېچۇك؟ سېنىڭدەك بۇ ياقتا تۇرسۇن، «مەندىن چەك ـ چېگرا ئايرىيمەن» دەپ كۆ كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ ئىدارىسىگە كۆچۈپ كەتتى.

— ۋاھ، راستلا لاتىكەن ئۇ، — دېدى ئابدۇكېرىم.

— شۇمۇ ئەرمۇ؟ — دېدى چوكان سۆزىنى داۋام قىلىپ، — شۇمۇ ۋىجدانمۇ؟ نېمىدەپ ئەر ـ خوتۇن بولۇپ بىر ياستۇققا باش قويغان؟ ... دەپ كەلسەم گەپ جىق، ئابدۇكېرىم (سىزنى ئاكا دېمەي، ئابدۇكېرىم دەۋېرەي)، شۇڭا قەتئىي قارارغا كېلىپ، ئالدىڭىزغا كەلدىم. زادى مۇشۇ يۇرتتىن كەتكىنىم كەتكەن، ۋاي... ئاتام بارمۇ بۇ شەرىڭدە، ئانام بارمۇ بۇ شەرىڭدە؟ ئەرنىڭ ئەھۋالى ئەنە! مۇشۇ ئۆيۈمنى بىر دوستۇمغا ئېيتقاندىم. ئۇنىڭ ئېرى سىزنى تازا ئوبدان تونۇيدىكەن. شۇنىڭ دەپ بېرىشى بويىچە بۇ يەرگە كەلدىم. قالغان گەپ ئۆزىڭىزدە قالدى، — ئۇ سۆزدىن توختاپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

بايىقى جىددىيلىكى سەل پەسكويغا چۈشكەن بۇ ئالا گەدەن ئەمدى بۇ ئايالنى ئۆز خوتۇنى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئايالنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە سەپسېلىپ قارىغانسېرى شەھۋەت ئوتلىرى ئۇچ-قۇنداپ، قانلىرى ئۇرغۇپ كېتىۋاتاتتى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ بۇد-رۇق، ئاپئاق قوللىرىنى كۆرۈپ: «ئاشۇ قوللار مېنىڭ بو-لارمۇ؟ ئاشۇ نازۇك قوللار مېنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرىمنى سىلار-مۇ؟ ...» دەپ شېرىن خىيالغا چۆمدى.

— گەپ مۇشۇ ... — دېدى چوكان كۈلۈمسىرەپ.

— پىكرىڭىز تۈگىگەن بولسا، — دېدى ئابدۇكېرىم (ئۇ كۈندە دېگۈدەك دۈينىڭ يىغىن، ئۆگىنىشلىرىگە قاتناشقانلىقتىن ھەرقانداق سۆزنىمۇ «پىكىر» دەپ ئاتايتتى)، — نېمە دەيمىز ئەمدى؟ مەنمۇ قوشۇلدۇم. ئايالىم تۈگىگەندىن كېيىن نۇرغۇنلى-رى لايىق تېپىپ «ئۆيلىنىۋال» دەپ سايە قىلغان. بىراق، مۇشۇ چەتكە چىقىدىغان ئىشىمىز بىلەن بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىدىم.

كۆزىڭىز كۆردى ، بالىلارمۇ بويىغا يېتىپ قالدى . ئەمدىكى گەپ ، ئېرىڭىز بىلەن قانداق قىلىسىز ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە سىزگە ئايرىم پاسپورت ئېلىش كېرەك . مۇشۇلارنى مەسلىھەت قىلىشساق باشقا تارتىشقۇدەك ھېچقانداق ئىش يوق .

— سىزگە رەھمەت ، — مەلىكەم سەل كۆتۈرۈلۈپ قويدى ، — ھەر ھالدا سۆزۈمنى يەردە قويمىدىڭىز . ئېرىم بىلەن بولغان ئىشىمنى ئۆزۈم بىر ياقلىق قىلىمەن . دېمەكچى ، پاسپورت ئەڭ مۇھىم . بۈگۈن ئارتۇق ئولتۇرالمايمەن . ھازىرلا كەتمىسەم بولمايدۇ . مېنىڭچە مەن ئەمدى كېلەلمەيمەن . ئەتە - ئۆگۈنگىچە غۇلجىغا بارسىڭىز ، بىرەر جاينى تېپىپ ئوبدانراق سۆزلەشسەك قانداق ؟

ئابدۇكېرىم ئويلىنىپ مۇنداق دېدى :

— بولىدۇ ! ئۇنداق بولسا ئەتىلا غۇلجىغا باراي . مۇنداق قىلايلى ، مېنىڭ غۇلجىدا ناھايىتى يېقىن بىر ئاغىنەم بار . ئۆيى سۇدەرۋازا تەرەپتە ، ئاشۇ يەردە سۆزلەشسەك قانداق ؟

— تازا ياخشى ! مەنمۇ بىرەر خىلۋەت جاي بولسىكەن دېگەنىدىم .

— ماقۇل ، خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئەتە دۈشەنبە مەن غۇلجىغا بارىمەن . كەچقۇرۇن سائەت ئالتىلەردە سىز مەدرىسىنىڭ ئالدىدا ساقلاڭ . يا ئۆزۈم كېلەرمەن ، يا باشقىسى سىزنى باشلاپ ئاپىرىدۇ ...

ئۇلار شۇنىڭغا كېلىشتى ، مەلىكەم قايتتى .

## 2

نامازشامغا تېخى ئەزان ئېيتىلمىغان مەزگىلدە مەلىكەم مەدرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغان ئون بەش - ئون ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزچاق كۈلۈمسىرەپ

كىلىپ : «مەلىكە ھەدەممۇ سىز ؟» دېدى .

ئۇ قىزچاقنا ئەگىشىپ ئەگرى - بۈگرى [illegible] تۈۋرۈكلاردا ماڭدى . ئىشىك ئالدىدىكى ياپپىشىل چوكانتاللاردىن ئىللىق پۇ- راق كېلەتتى . يوغان بىر دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە قىز قولىقىنى سىلىپ ، دەرۋازا زەنجىرىنى شاراقلىتىپ ئاچتى . ھويلا كىچىدە- رەك بولسىمۇ قەدىمىي پاسوندا سېلىنغان كۆك خىشلىق ئۆيلەر ، يوغان ، يورۇق دېرىزىلەر كۆزگە تاشلىناتتى . ھويلا ئوتتۇرىسىدى- كى يوغان بىر تۈپ ئۆرۈك تۇماندەك ئاپئاق چېچەكلەپ كەتكەنى- دى . يېرىم چەمبىرەك شەكىلدىكى يوغان خىش پەلەمپەي ئالدىغا كەلگەندە ئۆي ئىچىدىن ئوتتۇرا بوي ، ياشراق بىر ئايال چىقىپ مېھمانغا خۇشخۇي تەبەسسۇم قىلىپ تىنچلىق سوراشتى ۋە مېھ- ماننى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى .

تاختايلىق كەڭ پېشايۋانغا چىققاندىن كېيىن ، ئېغىر ، چوڭ كۆك ئىشىك ئارقىلىق زالغا كىرەتتى . ئايال زالدىن سەل مېڭىپ سول قول تەرەپتىكى ئىشىكنى ئېچىپ ، ئۆيدىكىلەرگە قاراپ «مېھمان» دېدى .

مەلىكەم «ئەسسالام !» دەپ ئۆيگە كىردى . ئۆيدە ئابدۇكې- رىم بىلەن ئۆي ئىگىسى ئولتۇرغانىكەن . ئۇلار تىنچلىق - ئامان- لىق سوراشتى . ئابدۇكېرىم بۈگۈن چاچ - ساقاللىرىنى ياسى- تىپ ، كېكىردىكىدىن تۈگمىلەنگەن ئاق كۆڭلەك ، تۈت يانچۇق- لۇق چاپان ۋە مودىدىن قالغان پۈچاقلىرى كەڭ ، قارا كۆك سارجا بۇرۇلكا كىيىۋالغانىدى .

— قېنى ، مېھمان ، يۇقىرى ئۆتۈڭ ، — دېدى ئۆي ئىگى- سى ، — يۇقىرى ، مانا ماۋۇ يەرگە كېلىڭ . ئابدۇكېرىم ئاداش ، سىلە ماۋۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇڭلار ، ھەببەللى ، مېھمان بۇ يەردە ئولتۇرسۇن ، قېنى ئەمىسە ... ئامىن ، ئاللاھۇئەكبەر ...

ئۆي ئىگىسى ئابدۇكېرىملەر بىلەن بىر دېمەتلىك بولسىمۇ ، ئۆزى ئىنتايىن ئورۇق ، كەينىگە سىلاپ تارىۋالغان قويۇق

چاچلىرىغا ئاندا - ساندا ئاق سانجىلغان خۇشخۇي ئادەم ئىدى . ئاستى - ئۈستى تاختايلىق ئۆيلەرنىڭ تاملىرى قىلىن ، دېرىزە-ئىشىكلىرىنىڭ مەزمۇتلىقى ، ئۆي سەرەمجانلىرى تولا «ۋال - ۋۇل » بولمىسىمۇ ، پوللارغا سېلىنغان يوغان - يوغان گىلەملەر ، دېرىزە تەكچىلىرىگە دەستە - دەستە قىلىپ تىزىلغان قەدىمىي جانان تاۋاقلارغا قارىغاندا ، بۇ ئائىلىنىڭ ئەينى يىللىرى خېلىلا ھاللىق ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى .

— ئۆز ئۆيىڭىزدەك ئازادە ئولتۇرۇڭ ، ئۇكام ، — دېدى ئۆي ئىگىسى بىرھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن ، — بايا ئابدۇكې-رىمدىن ئەھۋالىڭىزنى ئاڭلىدىم . تولىمۇ خۇش بولدۇم . ئاۋۋال ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ قوياي ، ئىسمىم ياسىنجان ، بىزنىڭ دادىلار بۇ ئاداشنىڭ دادىلىرى بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتۇشكەن بايلار ئىكەن . بىزمۇ ناھايىتى يېقىن ئۆتىمىز ... دادامنى شاۋۇ-دۇنباي دېسە تونۇمايدىغىنى يوق . مەن تىكەندەك بىر تاللا ئارزۇ-لۇق ئوغۇل ئىكەنمەن . رەھمەتلىك دادام مېنىڭ تويۇمنى قىلىپلا تۈگەپ كەتكەن . مۇشۇ ئۆيلەر بىلەن ئانچە - مۇنچە مال- دۇنيا قالغانىدى . نېمىسىنى دەيسىز ؟ ئۇنى دەپ ، بۇنى دەپ ھەممىسىنى ئېلىپ ، ئۆيلەرنى يالاڭاچلاپ قويدى . 1965 - يىلى «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتىمىز » دەپ مېنى بىكاردىن- بىكار خىزمەتتىن قاي-تۇرۇۋەتتى . نېمىشقا دېسەم ، «تەركىبىڭ يۇقىرى ، باينىڭ بالى-سى » دەيدۇ . «ھەي ! باي دېگەن نامى بار قۇرۇق ئۇستىخاننى ئىت غاجىلامدۇ ؟ ... » دەپ باقتىم . ئاخىرى «كۆتۈر خىزمىتىڭ-نى ، چېكەڭكە تاڭ ! » دەپ يېنىپ چىقتىم . ئۆتكەن يىلى ئۆينى ئاختۇرۇمىز دەپ كىرىپ ، بىر كۇنلەردە كېرەك بولۇپ قالار دەپ تىقىپ قويغان ئالىقانچىلىك بىر كېسەك ئالتۇن بار ئىدى . ئۇنى ئېلىپ ماڭدى ... مېنىمۇ ئۆگىنىش كۇرسىغا سولىۋەتكەن ، تېخى يېقىندا قويۇپ بەردى ...

بىرئازدىن كېيىن ئۆي ئىگىسىنىڭ ئايالى كىرىپ قولغا سۇ

ئالغاندىن كېيىن چاي قۇيدى .

بىرەر پىيالە چايدىن كېيىن يوغان ئىككى جاپان تاۋاقتا قورداق كىردى . ئايال مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى .

— ئۆزىڭىزمۇ كېلىپ ئولتۇرۇڭە ، — دېدى مەلىكەم ئۆي ئىگىسى ئايالغا .

— مانا هازىر كېلىمەن . ئېلىڭلار ، مەن باللارغا تاماق بېرىۋېتىپ كىرەي …

— ئابدۇكېرىم ، ئىككىمىز ماۋۇ تاماققا قارايلى ، ئاداش . سىڭلىم ، سىز ھەدىڭىز بىلەن ماۋۇنىڭغا قاراڭلار ، قېنى ئەمىسە … ھە ، راست ، ئازراقتىن ئىچەمسىلە ، ئاداش ؟

— بولارمىكىن ؟ — دېدى ئابدۇكېرىم .

— ۋاھ ! كېتەر جاھاننىڭ كارى ، مەشەدە ئۇزاق ساقلانغان بىر بوتۇلكا ھارىقىم بار . مەنغۇ زادىلا يالغۇز هاراق ئىچەلمەيمەن … بۈگۈن ئازراق ئىچەيلى ، ياخشى گەپلەر بولۇۋاتىدۇ …

سېمىز قوي گۆشىدىن قىلىنغان شورپىسى قېپقىزىل قورداق ، ئاق ئۇندىن يېقىلغان تونۇر توقاچلىرىغا قاراپ مەلىكەم ئىچىدە : «بۇ ئائىلىنىڭ راستتىنلا تېگى چىڭ ئىكەن …» دەپ ئويلىدى . چۈنكى ، بۇ كۈنلەردە ھەممەيلەنگە ئاساسەن قوناق ئۇنى بېرىلەتتى .

ئازراق ھاراق ئايلانغاندىن كېيىن ئابدۇكېرىمنىڭ كەيپى توشقان ئوخشايدۇ . كۆزلىرىنى مەلىكەمدىن ئۈزەلمىدى . «يۈز-كۆزلىرى قىزارسىمۇ چېكە ـ گەدەنلىرى يەنىلا تاتىرىپ تۇرىدىكەن» دەپ ئويلىدى مەلىكەم .

«ئالسىلا ، باقسىلا» بىلەن غىزا ئوبدان يېيىلدى . داستىخان يىغىلىپ سىنچاي قۇيۇلغاندىن كېيىن :

— خوش ، — دېدى ياسىنجان سوزۇپقىنا ، — ئەمدى نەق گەپكە كېلەيلى ، زادى قانداق قىلىمىز دەيسىلەر ؟



www.uyghurkitap.com

— مەن پىكرىمنى ئېيتىپ مەلىكەم بىلەن كېلىشىپ بولغانىدۇق . ئەمدى قاندىقى قانداق بولىدۇ ؟ شۇنى كېلىشىۋالساق ···

ياسىنجان «لاپ» قىلىپ مەلىكەمگە قارىدى . مەلىكەم ئالدىقانلىرىنى بىر - بىرىگە ئىشقىلاپ ، سەل تارتىنغاندەك سۆزلىدى :

— بۇ گەپنى ئالايتەن بېرىپ ئابدۇكېرىمگە ئېيتقان ئۆزۈم ··· ئەمدى ياسىنجان ئاكا ، مەن بۇنى ئارزۇ - ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ قىلىۋاتقىنىم يوق ···

— شۇنداق ···

— مېنىڭمۇ ھالاللاپ تەگكەن ، جەمئىيەتتە خىزمەت قىلىۋاتقان ، تۆتىنىڭ كەينى بولسا ، تۆتىنىڭ ئالدى بولۇپ سانىلىپ كېلىۋاتقان ئېرىم بار ، خۇدايىم بەرگەن بىر قىزىممۇ بار ··· مەن نېمىشقا مۇشۇ يولغا ماڭدىم ، بىلەمسىز ؟ (ئارىنى ئازراق سۈكۈت باستى ) دەرد - ئەلەم ، خورلۇق يامان ئىكەن . يېقىندىن بېرى بېشىمغا چۈشكەن سەۋدا ، ئاھانەت - خورلۇقلارنى يېزىپ كەلسە بىر كىتاب بولىدۇ . ھەممىدىن ئەلەم قىلغىنى مېنى كۆرەلمەيۋاتقان بىرقانچىسىنىڭ تۆھمەت - ئاھانەتلىرى ··· ئاڭلايدىغان بولسىڭىز ، ئېغىربوي ئايال بولسا شۇ جايىدىلا «شالاقىبدە» تۇغۇۋېتىدۇ ، جېنىنىم ئاكا (ياسىنجان كۈلۈپ قويدى) ، تەشكىل بولغۇچىمۇ مۇنۇسى راست ، مۇنۇسى يالغان دېمەي ، شۇلارنىڭكىنى راست قىلىۋاتسا ··· شۇ خورلۇقلارغا چىدىماي تۇغۇلغان يۇرتۇمنى تاشلاپ كېتەي دېدىم . شۇنچە خەق پاتقان بۇ يەرگە مېنىڭدەك بىر ئاجىزە پاتمىغان بولسام ··· بوپتۇ كېتەي ! تالاشقان شەلىرىڭ قالسۇن ···

شۇ گەپلەردىن كېيىن مەلىكەم ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى توختىماي تۆكۈلەتتى .

— يىغلىماڭ ، سىڭلىم ، — دېدى ئۆي ئىگىسىنىڭ ئايالىمۇ

(چىراغ نۇرىدا ئۇنىڭ ئالتۇن چىشلىرى بولىقچە پارقىراپ كېتەتـ
تى ) ، — كىملەرگە كەلمىدى دەيسىز بۇ دەرۋازىغىچە ...
— شۇنداق ، — دېدى ياسىنجان ، — ياخشى بولۇپ يېسىز ،
ياخشى قارارغا كەپسىز ... جان كۆندە چىچەكلەمدۇ ؟ ئەگەر ئىكـ
كىڭلارنىڭ ۋەدەڭلەر مەھكەم بولسا ... بىرىنچى ، ئىرىڭىز بىلەن
بولغان ئىشنى بىر تەرەپ قىلىسىز ، شۇنداققۇ ؟ ئاندىن كېيىن
ئىككىنچى گەپ ، قىزىل قەغەز ئالىسىلەر ، قىزىل قەغەز بولمىسا
نوپۇسقا چۈشەلمەيسىز ، نوپۇس بولمىسا پاسپورت ئالالمايسىز ...
— مەن بۇ ئىشلارنى ئۆزۈم بېجىرىمەن ، — دېدى مەلىكەم .
— ئەڭ مۇھىمى ، قىزىل قەغەز ، — دېدى ئابدۇكېرىم .
— مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە رازى ، — دېدى مەلىـ
كەم ، — ئەمدى ھەممىمىز ھەقدار ئولتۇرۇپتۇق . مېنىڭ ئىككى
شەرتىم بار ، ئېيتسام بولامدۇ ؟
— قېنى ، قېنى ئېيتىڭ ، — دېيىشتى ھەممەيلەن .
— بىرىنچىسى ، ھازىرچە مۇشۇ ئىشلارنى تولىمۇ مەخپىي
تۇتساق ، نېمە ئۈچۈن دېگەندە ، مەن بولسام ئېرىم بار ئايال ...
ئەگەردە مەسىلە ھەل بولۇپ ساق ـ سالامەت مېڭىپ كېتەلىسەم
نان ـ گۆشتەك ئىش بولىدۇ . ئالىمادىس بۇ گەپ سىرتقا چىقىپ
كېتىپ قالسا ، ماڭالماي قالسام ، ئۇ چاغدا تەشكىل ئالدىدىمۇ ،
ئېرىم ئالدىدىمۇ بالانىڭ چوڭىغا قالىمەن . ئۇ چاغدا ماڭا ئۆلۈمـ
دىن باشقا يول يوق ...
— توغرا ، — دېيىشتى ئۇلار .
— ئىككىنچى شەرتىم ، مەن ئېرىم بىلەن ئاجرىشىپ بولۇپ
قىزىل قەغەز ئالىمىز . بۇ ئېنىق . ئەمما پاسپورتۇم قولۇمغا
تەگمەي ، مېڭىشىم تايىن تاپماي تۇرۇپ نىكاھ ئوقۇتمايمىز .
گەپنىڭ ئوچۇقى بىر ياستۇققا باش قويالمايمىز . كۆنسىڭىز ،
ئابدۇكېرىم ، مېنىڭ شەرتلىرىم ئاشۇ .
مەلىكەم ئەڭ نازۇك مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى . ئۆي

ئىچىنى جىمجىتلىق باستى . ياسىنجان ئابدۇكېرىمگە قارىدى . ئۇ سەل سۇلتايغاندەك كۆرۈنەتتى .

— ئابدۇكېرىم نېمە دەيدىكىن ؟ — دېدى ياسىنجان ،— توپتوغرا گەپ قىلدىڭىز ، بىز ھەممىمىز ئەھلى مۇسۇلمان . قىزىل قەغەز ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلۇق قەغىزى . ئەمما ، نىكاھ ئوقۇتمىساق نىكاھى ھارام بولىدۇ . بۇ گەپكە مەن قوشۇلدۇم . قانداق دەيسىلەر ، ئاداش ؟

— پىكرىم يوق ،— دېدى ئابدۇكېرىم ،— ئاۋۇ نېمەڭلار-دىن ئازراق قۇيۇڭلار ، ئاداش … ئىچمەيدىغان ئادەمنى قىزىتىپ قويدۇڭلار …

— ھەببەللى ، ئىچىڭلا ، ئاداش ، ئىچىڭلا ، تېخى يېرىمىغىمۇ كەلمەپتىمىز . بىراق مەست بولۇپ قېلىپ ، تالاغا پايپاق بىلەن چىقىپ كەتمەڭلار يەنە !

ھەممىسى «پاراققىدە» كۈلۈشۈپ كەتتى .

گەپ بىرلىككە كەلدى . مۇشۇ بىر قاتار ئىشلارنىڭ ھەممى-سى بىرەر ئاي ئىچىدە پۈتۈپ قالار دەپ پەرەز قىلىنىشىپ ، كېلەر يەكشەنبە كۈنى ، يەنى 26 - ئاپرېل مۇشۇ ئۆيدە باش قوشۇشنى قايتا - قايتا جېكىلەشتى . شۇنىڭ بىلەن «مەجلىس» تۈگىدى .

— ئەمىسە سىلەرگە كۆپ رەھمەت ! — دېدى مەلىكەم ،— سائەتمۇ ئوندىن ئېشىپ قاپتۇ . دۇئا قىلىۋەتسەڭلار ، مەن كې-تەي ، شۇنداق بولسۇن …

ئابدۇكېرىم ئاپىرىپ قويماقچى بولۇپ بىللە چىقتى . ئاسمان بۇلۇتلۇق ، ئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا كېچە شۇنداق جىمجىت ، تۈن سىياھتەك قاراڭغۇ ئىدى . ئەتراپتىن چوكانتال ۋە ئۆرۈك چې-چەكلىرىنىڭ پۇرىقى دىماغقا «گۈپپىدە» ئۇرۇلاتتى . ئەتىدىن - كەچكىچە بولغان تۇرلۇك ۋاراڭ - چۇرۇڭ ، ئۇيان - بۇيان پالاقشىپ يۈرۈشلەردىن خالىي بولغان بۇ قەدىمىي شەھەر شىمال-دىكى نوغايتونىڭ دۆڭ يوتىلىرىغا بېشىنى قويۇپ ياتقان گىگانت

www.uyghurkitap.com

ئادەمدەك ئېغىر پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتكەندى .

ئۇلار چىراغ يېقىلمىغان ئارقا كوچىلاردا بىر - بىرىدىن ئارىلىق تاشلاپ ئۇن - تىنسىز كېتىپ باراتتى . ئارقا كوچىلارنىڭ بىرىگە كىرگەندە ئالدى تەرەپتىن بىرى ئوبدان كەيپ بولغان چېغى ، ئىلى ناخشىلىرىنى تولىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ رىتىم بىلەن ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى . توۋا ، ئادەملەرمۇ قىزىق - ھە ! بىرىنىڭ بېشىدا غەم - قايغۇ ، يەنە بىرىگە تاماشا ... ناخشىچى خېلى يېقىنلاپ كەلدى .

يىگىرمە ئىككى ياشىمدا ،
دەرد كەلدى بۇ باشىمغا .
ئاۋۋىلى خۇدايىم بار ،
ئىشەنچىم يوق قاياشىمغا .

«راست ، خۇدايىمدىن باشقا ھەرقانچە قاياشمۇ ۋاقتى كەلسە چاغلىق ئىكەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى مەلىكەم . ئۇن بەش مىنۇتلاردىن كېيىن ئۇلار بوك - باراقسانلىق كوچا ئېغىزىدا توختاشتى :

— سىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭ ، خوش ، مۇنۇ كوچىدىن ئايلانساملا ئۆيگە كىرىپ كېتىمەن . سىز قايتىۋېرىڭ ...

— ئەمىسە ، — دېدى ئابدۇكېرىم ، — گەپ شۇنداق بولسۇن ، توختاپ تۇرۇڭە ...

— ياق ! ياق ! ئۇنداق قىلماڭ ، رەنجىپ قالىمەن . ئېيتتىمغۇ ، ئىشلار پۈتسۇن ، قاچانلا بولمىسۇن مەن سىزنىڭ ...

— ئۇنداق بولسا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قويايلى ، خوش ! — ئابدۇكېرىم ئۇنىڭ يۇمشاق ، بۇدرۇق قوللىرىنى ئالدىقىنىغا ئالدى ۋە قويۇپ بەرمەي بوشقىنا سىلاشقا باشلىدى . ئايالنىڭ نامسىز بارمىقىدىكى ئۈزۈك قولىغا ئۇرۇلغاندا ئۈزۈكنى ئاستا تارتقانىدى ، سىيرىلىپلا قولىغا چىقتى .

— بوپتۇ ، خوش ، مەلىكەم ! ئامان بولۇڭ ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇڭ ، ئۇزۇڭىزنى ئىلتىۋالدىم . ئەسلىمە بولۇپ قالار ، خۇدا-يىم بۇيرۇسا ، نىكاھ كۈنىگە ئۇلگۇرتۇپ بىر جۈپ قىلىپ قولى-ڭىزغا سېلىپ قويىمەن .

— بوپتۇ ، خوش !

## 3

سەرەتان ئېيىنىڭ ئىسسىق بىر كۈنى چۈش مەزگىلىدە مەلى-كەم يارىشىملىق كالتە يەڭ كۆڭلەك كىيىپ ، چىرايلىق خۇرۇم سومكىسىنى بوينىغا ئاسقان ھالدا كەڭرى ئاسفالت يولدىن قايرى-لىپ ، بۈككىدە دەرەخلىك كوچىغا قاراپ ماڭدى . كوچىدىن ئۆ-رۈلگەن سالقىن شامال ئۇنى يايرىتىۋەتتى ، كوچىنىڭ بېشىغا يەتكەندىن كېيىن سول تەرەپكە ئايلاندى . چىرايلىق ئاق پىكاپ يولنىڭ چېتىدە تۇراتتى . ئۇ پىكاپ ئالدىدىن ئۆتۈپ بىرقانچە قەدەم مېڭىشىغىلا پىكاپنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ، كىمدۇر بىرى :

— مەلىكەم ، — دەپ توۋلىدى .

مەلىكەم دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلدى . قىسقا يەڭلىك ئاق كۆڭلەك ، ئاق بۇرۇلكا ، بېشىغا تۆت قىرلىق يېشىل مانچېستېر دوپپا كىيگەن ، ئاق يۈزلۈك بىر ئادەم پىكاپ ئىشىكىنى تۇتۇپ تۇراتتى . قارىماققا ئۇنىڭ يېشى ئاتمىشلاردىن ھالقىغان بولسىمۇ چىرايى بېجىرىم ، جۈسى ئەتلىك ئىدى .

مەلىكەم سەل يېقىنلاپ سىنچىلاپ قارىدى .

— قانداق ئەھۋالىڭىز ؟ ... ياخشى تۇردىڭىزمۇ ؟ ... مېنى تونۇيالمىدىڭىز ئەتىمالىم ، مەن ھېلىقى ... ئابدۇكېرىم ئەمەس-مۇ ؟

مەلىكەم باشقىدىن سەپسالدى . كۆررۈنۈشتە بۇرۇنقىدىن جىق سالاپەتلىك كۆرۈنىسىمۇ ، چېكە - گەدەنلىرى يەنىلا ئاق - ئالا ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ۋىيىەي ! كەچۈرۈڭ ، پەقەتلا تونۇيالمايتىمەن . ياخشى تۇردىڭىزمۇ ؟ قەيەرلەردىن سورايمىز ؟

— بەلكىم تونۇيالمىغانسىز ؟ ... شۇ قېتىم كۆرۈشكىنىمىزدىن بېرى توپتوغرا يىگىرمە تۆت يىل ۋاقىت ئۆتۈپتۇ ئەمەسمۇ. سىزمۇ ھېچ ئۆزگەرمەپسىز ... يەنىلا شۇنداق چىرايلىق ...

كوچا پىنھان ئىدى ، ئارىلاپ ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرسىمۇ ھېچكىم ھېچكىمگە دەخلى قىلمايتتى . ئابدۇكېرىم سۆزلىمەكتە :

— شۇ كۈنى ياسىنجاننىڭ ئۆيىدىن قايتىپ سىز ئۆيگە كىرىپ كەتتىڭىز ، مەن قايتتىم . بىز مۆلچەر قىلغان كۈنى يەنە ئۇلىجىغا كەلدىم . سىز يوق . ئىككى كۈن ساقلىدۇق ، سىز كەلمىدىڭىز ... ئىشقىلىپ ، ھەپتە ئارىلاپ دېگۈدەك ئۈچ - تۆت قېتىم كەلدىم . سىزدىن ھېچ خەۋەر بولمىدى . «يالتىيىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ قايتىپ دېھقانچىلىققا كىرىشىپ كەتتۇق . 7 - ئايلاردا پاسپورتىمىز ئىشلىنىپ كەلدى . «10 - ئايغىچە چېگرىدىن چىقىپ بولىسەن» دېدى . قارىسام ، ئەمدى سىز بىلەن كۆرۈشەلمەسەكمۇ بەربىر پاسپورتىڭىزنىڭ ئۆلگۈرۈشى ناتايىن ئىدى . شۇنىڭ بىلەن «خوش ئەمىسە» دەپ 8 - ئايلاردا مېڭىپ كەتتۇق ... دادام ، قېرىنداشلىرىم بىلەن كۆرۈشتۇق . بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگىرى دادام تۈگەپ كەتتى . ھېلىقى سىز كۆرگەن قىزىم تىللابۇۋى مېنىڭ يېنىمدا ، ئۈچ بالىسى بار ، بالىلىرى ئوقۇشلارنى تۈگەتتى . ئوغلۇم ئابلىكىم كىچىك ئىنىم بىلەن بىرلىشىپ گېرمانىيىدە بىر زاۋۇت قۇرۇۋالدى . مەنمۇ چىقىپلا ئۆيلەنگەنىدىم ، ئىككى بالام بار . ئىشقىلىپ ، ئۆلمىسەك ، ئامان بولساقلا كۆرۈشىدىكەنمىز ... «بۇ يىل ۋەتەننى ، ئەل - يۇرتنى كۆرۈپ كېلەي» دەپ كەلگىنىمگە ئون كۈنچە بولدى . مۇشۇ يەرگە خېلى كەلدىم . سىزنى ئۇچرىتالمىدىم ... ئېيتىپ بېقىڭا ، شۇ چاغدا نېمىشقا كېلەلمىدىڭىز ؟

— ۋاي ، ئۇزاق بولۇپ كەتتى دەڭا بۇ ئىشلارغا ، ئېسىمدە

قالماپتۇ ··· ھە ، راست ، ئىككى كۈندىن كېيىن مېنى دوختۇرخانا نازارەتكە ئېلىۋالدى . تالا - تۈزگە چىقارغۇزماي ئۇن سەككىز كۈن سولاپ قويدى . شۇ چاغدا ئاق - قارىنى ئۇقمايلا ئېرىمدىن رەنجىپ يۈرۈپتىمەن . ئەسلىي ئۇنىڭ مېنىڭ بىلەن چەك - چېگرا ئاجرىتىمەن دېگىنى ئۆزىنى ئايىشى بولماستىن ، مېنى ئايىغىنى ئىكەن ئەمەسمۇ ؟ ··· مەن چىققاندىن كېيىن ئېرىمنى ساقچىلار قانۇن بويىچە قولغا ئالدى . كېيىن ئوچۇق سوت قىلىپ ئىككى ئادەمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى . ئېرىمنى مۇددەتسىز كېسىۋەتتى . مېنىڭ بېشىم ساق قالدى . خۇداغا شۈكرى ، ئېرىمنىڭمۇ يەيدىغان رىزقى بار ئىكەن ، قايتا ئېنىقلاپ كۆرۈپ ، سەككىز يىل بولغاندا گۇناھسىز دەپ قويۇۋەتتى ··· ئۇ ھازىر ئاغرىقچان بولۇپ قېلىپ پېنسىيىگە چىقىۋالدى . ئۆزۈم ئۆتكەن يىلىغىچە دوختۇرخانىدا ئىشلىدىم . ھازىر مەنمۇ پېنسىيىگە چىقىۋالدىم . ھال - ئەھۋالى-مىز ياخشى ، تۇرمۇشلىرىمىز خاتىرجەم ···

مەلىكەم بوشقىنا كۈلۈپ قويۇپ سائىتىگە قارىدى .

— تولا ياخشى بوپتۇ ، — دېدى ئابدۇكېرىم ، — مېنىڭ سىزنى ئىزدەپ كېلىشىم كۆرۈشۈپ ، ئامانلىشىپ ··· ئەڭ مۇھىم-مى ، ھېلىقى ئامانىتىڭىزنى تاپشۇرۇپ بەرمەكچى ئىدىم ···

ئۇ يانچۇقىدىن يېشىل مەخمەل قاپلانغان قۇتىنى ئېلىپ ئېغىزىنى ئاچتى - دە ، مەلىكەمگە سۇندى .

— بۇ نېمە ؟

— ئېسىڭىزدە باردۇ ؟ شۇ ۋاقىتتا قولىڭىزدىكى بىر تال ئۈزۈكنى يادىكار دەپ ئېلىۋالغان . كېيىن قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغانىدىم . تەقدىر بۇگۈنگە نېسىپ قىپتۇ . قېنى ، قوبۇل قى-لىڭ !

كىچىك قۇتا ئىچىدىكى تولىمۇ چىرايلىق ، ئالماس كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك كۈن نۇرىدا ئاجايىپ جۇلالىنىپ تۇراتتى .

— ۋاي ، بولدى رەھمەت ! ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغۇ ، — دېدى مەلىكەم ···

ھېكايىمىزنى مۇشۇ يەردە توختاتساقمۇ بولار . مەلىكەم زادى ئۈزۈكنى قوبۇل قىلىپ ئالدىمۇ يوق ؟ بۇنى بىلمەيمىز . بۇ ھېكايىنى ماڭا ئاغىنەم ياسىنجان سۆزلەپ بەرگەن (ھېلىقى ئۆي ئىگىسى ) . ئۈزۈك توغرۇلۇق گەپلىرى ئېسىمدە قالماپتۇ . قايتا سوراپ باقماقچى ئىدىم . بىراق ياسىنجان ئۆتكەن يىلى يۈرەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولۇپ كەتتى …

مەلىكەم ئۆز كوچىسىغا قايرىلىپ ئۆز - ئۆزىگە مۇنداق پىچىرلىدى : «پايلىماي ، دەرد كەلدى بۇ بېشىمغا دەپ ئالدىراپ-تېنەپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتمىگىنىم مىڭ مەرتىۋە ياخشى بولغا-نىكەن … »



# ئاغىنەمنىڭ باشلىقى

ئەڭ يېقىن ئاغىنىلەردىن ھازىر ئۈچىمىز قالدۇق ، بىرى چوڭ شەھەردە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ ، ئىككىمىز مۇشۇ شەھەردە بولۇپ ، يەنە بىر ئاغىنەم مائارىپچى ئىدى . تېخى يېقىندىلا مائارىپچى ئاغىنەمنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ دوختۇرخانىغا يوقلاپ بېرىپ چۆچۈپ كەتتىم . ئۇنىڭ كالپۇكلىرى تاتىرىپ ، ئۆزى ھالسىزلىنىپ قاپتۇ . بۇ جىگەر قېتىشىنىڭ بېشارىتى ئىدى . ئۆزۈمدىكى بۇ جىددىيلىكنى بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن تاغدىن – باغدىن پاراڭ قىلىپ باقتىم . ئۇنىڭغا خۇشياقمىدى بولغاي ، ئايالى سىرتقا چىقىپ كېتىشىگە ماڭا قاراپ ناھايىتى پەس ئاۋازدا :

— بۇلار مېنى ئۇرۇمچىگە يۆتكەيمىز دەپ پالاقشىۋاتىدۇ ، ئۆزۈمنىڭ ھالى ئۆزۈمگە بەش قولدەك ئايان ، جان ھەلقۇمغا كېلىپ قالغاندا دوختۇر ، تېۋىپلارمۇ ئامالسىز . سەن ئېيتىپ قويغىن ، ئاداش ، بۇلار ئاۋارە بولۇشمىسۇن ...

ئۇ شۇ گەپلەرنى ئاستا سۆزلەۋېتىپ كۆزى ئىلىنىپ قالدى . ئاڭلىسام ، ئىككى سوتكىدىن بېرى تۇزۇكرەك ئۇخلىماپتىكەن . كەچتە تەتقىقاتچى ئاغىنەمگە تېلېفون قىلىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ قويدۇم ۋە ئۆزۈم دوختۇرخانىغا كەتتىم . ھازىر ئۇنى يوقلاپ كېلىۋاتقان ئەل – ئاغىنە ، خىزمەتداش ، مەھەللە – كوينىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى . تەتقىقاتچى ئاغىنەممۇ يېتىپ كەلدى . ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئۇدۇل دوختۇرخانىغا كەلگەنىكەن .

— ھالى پەسلەپ كېتىۋاتىدۇ ، — دېدى ئاغىنىمىزنىڭ ياش ھەم چىرايلىق ئايالى . ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى .

مائارىپچى ئاغىنىمىزنىڭ تونجى ئايالى تويى بىلەن بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشى بولسىمۇ، بىر ئۆمۈر پەرزەنت كۆرمىگىنىنىڭ ئۈستىگە مىجەزى تولىمۇ كۆكەرمە بولغاچقا، بۇلار بىر ئۆمۈر چىقىشالماي ئۆتكەن. ئاغىنىمىز ئاتمىش ياشقا يېقىنلىشىپ قالـ-غاندا ئۆزىدىن ئوتتۇز ياش كىچىك بۇ ياش چوكان كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئۇنىڭغا ئاشىق - بىقارار بولۇپ ئەگىشىپ يۈردى. بۇ ھالنى بىز دەسلەپتە «غەيرىي مەقسەتىدـ-كىن» دەپ كۆزەتتۇق. ياش چوكاننىڭ ھېسسىياتى ھەقىقىي چىن ھېسسىيات ئىكەنلىكى بىزگە ئايان بولغاندا، ئۇ ھامىلدار بولۇپ قالغانىكەن. ئەمدى بۇ ئىشلارنى سۆلەي - سالام قىلىشقا ياكى ئارقىغا سۈرۈشكە بولمايتتى. ئۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان تونجى ئايالى قاتتىق چالۋاقاپ يۈرۈپ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنى ئېلىش شەر-تى بىلەن نىكاھدىن ئاجراشتى. بۇلارمۇ توي قىلىۋالدى. ھازىر ئۇنىڭ بالىسى تۆت ياشقا توشتى. ئاغىنىمىز قايتىدىن ياشارغاندەك تۇرمۇشتىن كۆڭلى سۇ ئىچىپ پەرزەنتىنىڭ ئىللىق ھارارـ-تىدىن شادىمان ئىدى. تېخى يېقىندىلا بولغان بىر ئولتۇرۇشتا ئاغىنىمىز: «ئەمدى ھاراق ئىچمەيمەن، بېقىنىم قىسىپ ئاغرىۋاـ-تىدۇ» دېيىشىگىلا، تەرەپ - تەرەپتىن چاقچاق يېغىپ كەتتى:

— تولا ئىنجىقلىماي ئىچە مۇنۇ ھاراقنى! ئاغرىۋاتقان بېقىـ-نىڭ ئەمەس، بەلكى بېلىڭ. بۇ ھاراقتىن ئەمەس، ياش خوتۇنۇڭـ-نىڭ نازىدىن...

— ئەگەر، قارا، يامان چارچاپ كەتسەڭ ئاخشىمى ياتقاندا خوتۇنۇڭنىڭ لەۋ سۈرۈخى بىلەن يۈز - كۆزۈڭنى ئالىيىشىل قىلىپ بويىۋال. خوتۇنۇڭ بەدەر قاچىدۇ.

— يالغاندىن تۇتاقلىقى تۇتقان ئادەمدەك كۆزلىرىڭنى ئالاي-تىپ ئوڭدا يېتىۋال...

— ھا - ھا - ھا!

شۇ ئولتۇرۇش بولۇپ بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇ راستـ-

تىنلا ئاغرىپ يېتىپ قالغانىدى .
كەچقۇرۇن بىز ئۈچ ئاغىنە ئۇنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا جەم بولدۇق .
— نەچچە كۈندىن بېرى ھېچ نەرسە يېمەپسەن ، — دېدى تەتقىقاتچى ئاغىنىمىز ، — كۆڭلۈڭ نېمە تارتىدۇ ؟
— ئاغزىمغا ھېچ نەرسە تېتىمايدۇ ، — ئۇ ئوكۇل يىڭنىسى سېلىنغان بىلىكىنى ئاستا ئاۋايلاپ يانغا چۈشۈردى ، — ھەي - ھەي ! ئاغىنىلەر ، كونىلارنىڭ «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا يەتسە بۇرنى قاناپتۇ» دېگىنى راست ئىكەن ... — ئۇ ھەربىر گەپنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ، توختاپ ، ناھايىتى تەسلىكتە سۆزلەيتتى ، — مانا ئاشقىمۇ ئاغزىمىز يەتتى ... بۇرنىمىزمۇ قانىدى ... !
ئۇنىڭ دائىم پاكىز قىرىلىپ تۇرىدىغان چىرايلىق يۈزلىرى ھازىر سولىشىپ ، ساقاللىرىمۇ ئۆسۈپ قالغانىدى .
— ئۇنداق دېمە ، ئاداش ، — دېدى تەتقىقاتچى ئاغىنە- مىز ، — دەرد باشقا ، ئەجەل باشقا ، زادىلا ئۈمىدسىزلەنمە ، ياخشى بولۇپ كېتىسەن .
— خەير ! بۇنىڭغىمۇ شۈكرى ! ... بۇنىڭغىمۇ شۈكرى ... ئۆلۈم ھەممىمىزگە باقىي ... ھېچكىممۇ قېچىپ قۇتۇلغان ئەمەس . بىراق ، بىر ئۆمۈر پەرزەنت تەشنالىقىدا بولۇپ ، ھايا- تىمنىڭ ئاخىرىدا خۇدايىم بەرگەن ئاشۇ بىر تال قىزىمغا ...
ئۇ گېپىنى تۈگىتەلمەي كۆزلىرىدىن ياشلار سىرغىدى .
دوختۇرلار كىرىپ بىمارنى بىرئاز كۆزەتكەندىن كېيىن سېستىرا ئوكۇل يەڭگۈشلىمەكچى بولدى . ئاغىنىمىزنىڭ ياش ئايا- لى كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ ياشقا تولغان چىرايلىق كۆزلىرى چىراغ يورۇقىدا ئۆزگىچە يالتىرايتتى . بىمار ئارانلا :
— خوش ، سىلەرمۇ قايتىپ ... دەم ئېلىڭلار . ئەتە خۇدايىم بۇيرۇسا قالغان گەپ - سۆزلەرنى دېيىشەرمىز ...
تۈن ئاي قاراڭغۇسى ئىدى . بۇلۇتسىز ئاسماندىكى ساناقسىز

www.uyghurkitap.com

يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى . بىز كىچىكرەك بىر ئاشخانىغا كىرىپ بىر قاچىدىن ئۇگرە ئىچتۇق . ئاشخانا كىچىك بولسىمۇ پاكىز ۋە سەرەمجان ئىدى . ئۇنىئالغۇدىن ئىلى ناخشىلىرى ياڭراپ تۇراتتى .

ئاتام مەككە ، ئانام مەككە ،
تۇغۇلدۇق بىر كۈن ئۆلمەككە .
ئاتىلاردىن مىراس قالغان ،
قارا يەرگە كۆمۈلمەككە .

ناخشىنىڭ مۇڭلۇق سېھرىي كۈچى بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى ھەسرەتلەرنى يىغلاپ بايان قىلاتتى . بىز ئۇنىڭ «ئەتە خۇدايىم بۇيرۇسا قالغان گەپ - سۆزلەرنى دېيىشەرمىز» دېگەن سۆزىنى ئۆزىمىزچە تەھلىل قىلىپ بىزنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق .

راستىنىلا تەقدىر بۇيرىمىغان ئوخشايدۇ . ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئالتىلەردە ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى . ئۇنىڭ ئىپتىماقچى بولغان گەپلىرى ئۆزى بىلەن بىللە كەتتى .

شەرقتىن غەربكە تۇپتۇز سوزۇلغان ماشىنا يولىنىڭ ئۈستىدىكى قارىماي قۇياشتا پارقىراپ تۇراتتى . يول بويىدىكى سۆگەتلەرنىڭ ئەمدىلا بىخ سۈرۈپ چىققان توق يېشىل يوپۇرماقلىرى ئۇنىڭ پوتلىسىغا ئارىلىشىپ ئاجايىپ چىرايلىق بىر خىل رەڭ ھاسىل قىلغانىدى . ھەرقايسى ئىدارە ، جەمئىيەت ، مەكتەپلەردىن كېلىپ ، سەپ بولۇپ قاتار مېڭىۋاتقان چوڭ - كىچىك ماشىنىلار يولنىڭ شىمال تەرىپىدىكى دۆڭلۈككە كەلگەندە سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ دۆڭگە ياماشتى . بۇ شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىغا قاراشلىق قەبرىستانلىق بولۇپ ، مەرھۇم مۇشۇ يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن . ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسىمۇ مۇشۇ يەردە ئىكەن . ئادەملەر ئارقا - ئارقىدىن ماشىنىلاردىن چۈشتى . ئاق يېپىلغان تاۋۇت ئادەملەر دېڭىزى ئوتتۇرىسىدا ھەيۋەت بىلەن چايقىلىپ كېتىۋات-

سىمۇ ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇن قېتىپ يىغلايدىغان بىر ەرمۇ ئىچ
كۆيەرى يوق ئىدى . ھەممىدىن ئاۋۋال قەبرە ئۈستىگە چىققان بىر
مويسىپىت ساناقسىز قەبرىلەر ئالدىدا توختاپ ، توق چىلان رەڭ
ھاسىسىنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈپ چوڭقۇر دۇئا بىلەن يۈز سىيپى-
دى ، باشقىلارمۇ دۇئاغا قوشۇلدى .
بۇ دەل 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى بولغاچ ، دەل ـ دەرەخلەر
كۆكىرىپ ، بەزى مېۋىلەر تېخى چېچەك تۆكمىگەن . قەبرىستان-
لىقتىكى قۇرۇغان شىۋاقلار ئاستىدىن ياپيېشىل يۇمران ئوتلار
ئۈنۈپ چىققان . كۈنپېتىش تەرەپتىكى كۆپكۆك ئەينەكتەك بېلىق
كۆلچەكلىرى ئۈستىدە بېلىقئالغۇچلار پەرۋاز قىلماقتا . ئەتراپ
ياپيېشىل كۈزگى بۇغدايلىق ، نېرىسىدا بۈككىدە ئورمان ، قارلىق
تاغ چوققىلىرى سۈزۈك ئاسماندا ئاجايىپ تىنىق ۋە يارقىن كۆرۈ-
نىدۇ . بۇ پەقەت باھارنىڭ ئىلى رايونىغا خاس بولغان ئۆزگىچە
گۈزەللىكى ئىدى .
ئاغىنەم ئىككىمىز دۆڭگە يامىشىپ چىقتۇق . قۇرۇغان شى-
ۋاق پۇراقلىرى گۈپۈلدەپ تۇرغان بۇ كەڭرى قەبرىستانلىقتا دۇم-
چەك ـ دۇمچەك قەبرىلەر مۆڭلىنىپ ياتىدۇ . بۇلارنىڭ بەزىلىرى
تۈزلىنىپ يەر بىلەن تەڭلىشىپ قالغان ، بەزىلىرى تېخى يېقىندىلا
قوپۇلغانلار ، بەزىلىرىنىڭ يېنىغا ئەتىرگۈل ، قارىياغاچ ، سىرىن-
گۈل ، جىگدە ـ سۆگەتلەر تىكىلگەن ، بەزىلىرىنىڭ ئۈستىگە خەت
ئويۇلغان تاش مەقبەرىلەر تىكلەنگەن ، بەزىلىرىنىڭ ئۈستىگە كى-
چىككىنە تاختاي سانجىلىپ خەتلەر يېزىلغان ··· بۇ مەنزىرىنى
كۆرۈپ كۆڭلۈمنى ھەسرەت ـ نادامەت قاپلىدى . بىر تاتار شائى-
رىنىڭ مۇنۇ شېئىرى كۆڭلۈمدىن كەچتى :

تەۋرەتمە شامال قەبرە قېيىنلىرىنى ،
شۇملاندۇرما مېنى يوق بىلەن .
ئىچىم تولۇق قايغۇ ـ ھەسرەتكە ،
باغرىم يانار يالقۇن ئوت بىلەن .

مانا بۇمۇ ئۆزگىچە بىر ئالەم ! بۇمۇ ئۆزگىچە بىر دۇنيا !
ئىنسانلار ھايات مۇساپىسىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلگاھى بولغان بۇ قەبرىستانلىقتا مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان كىشىلەر بۇ بەش كۈنلۈك پانىي ئالەمنىڭ غەم - ئەندىشە ، جېدەل - ماجىرالىرىدىن خالاس بولۇپ ، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا تىنچ ، خاتىرجەم ياتىدۇ . بۇ يەردىمۇ بىزنىڭ ھاياتلىق ئالىمىمىزدىكى ئىنسانلارغا ئوخشاشلا قېرىمۇ - ياشمۇ ، ئەرمۇ - ئايالمۇ ، شاھمۇ - گادايمۇ ، سىپاھلارمۇ - ئاددىي پۇقرامۇ ، ئالىممۇ - زالىممۇ ، دانامۇ - نادانمۇ ، پاك - دىيانەتلىك ۋىجدان ئىگىسىمۇ - نائەھلىي قارا يۈزلەرمۇ ، تاھارەتسىز يەر دەسسىمەي بىر ئۆمۈر تائەت - ئىبادەت بىلەن ئۆتكەنلەرمۇ ، ئۆمۈر بويى پېشانىسى سەجدە كۆرمىگەنلەرمۇ ، ئەل - يۇرت ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى پىدا قىلغان شېھىتلارمۇ ، شۇنچە قانلىق جەڭلەردىن ئامان قېلىپ ئاخىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن غازىيلارمۇ ، ئۆز مۇرادىغا يېتەلمەي دۇنيادىن ئۆتكەن ئاشىقلارمۇ ، ھۇزۇر - ھالاۋەت ئىچىدە مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكەن ئامەتلىك كىشىلەرمۇ ، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغانلارمۇ ، باشقىلارنى ئۆلتۈرگەنلەرمۇ ، سۇدا ئېقىپ ئۆلگەنلەرمۇ ، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەنلەرمۇ ، ئوغرىمۇ - توغرىمۇ ، ئۇمۇ - بۇمۇ ، ئىشقىلىپ ، بۇ دۇنيانىڭ نازۇنېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ ، ئابھاياتنى ئىچكەنلەرنىڭ ھەممىسىلا بۇ ماكاندا تۇگەل ئىدى . بۇلارنىڭ بىزنىڭ تىرىكلىك ئالىمىمىزدىكى كىشىلەردىن پەرقى شۇكى ، بىزدە تەن بار ، جان بار ، تەپەككۇر بار ، كىيىم - كېچەك بار ، ئاش - نام يەيمىز ، بۇلاردا پەقەتلا تەن بار ، جان يوق ، تەپەككۇر يوق ، ھېچ نەرسە يېمەيدۇ ، قىپيالىڭاچ .

ھايات ۋاقتىدا بۇ كەڭرى پانىي ئالەمگە پاتماي قىيغىتىپ ، دەپىنە - دۇنيا ، ئەمەل - مەنسەپ ، گۈزەل جانانلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ، مۆرىتى كەلسە ئۆزىنىڭ جانجىگەر قېرىن-

داش ـ تۇغقان ، ئاغىنىلىرى بىلەن قان بولۇپ بوغۇشقان ۋە شۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلمىغان بىر قىسىم تويمىغۇر ئىنسانلارنىڭ ئاخىرى كېلىپ بۇ ماكاندا ئېرىشكەن نېسىۋىسى بىر سىقىم مۇز-دەك توپا . هاياتلىق ئالىمىدە بولۇپ باقمىغان تەڭلىك ـ باراۋەر-لىك مانا بۇ يەردە بار .

مانا مۇشۇنداق پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە بېرىلىپ يىراق قار-لىق چوققىلارغا كۆز تىكىپ قاراپ قاپتىمەن . بىر چاغدا :

— قېنى ، ياخشىلەر ! بۇ ياققا يېقىن كېلەيلى ، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . ئۆرۈلۈپ قارىسام ، ئوتتۇرا بوي ، كۆزلىرى يو-غان ، ئورۇق كەلگەن مەزىن ئىكەن . مەزىن يېشى خېلىگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ چاققان قەدەملەر بىلەن ياڭاقتەك ئۇششاق داڭگال-لار سېلىنغان تۈمۈر گۇرجەكنى كۆتۈرگىنىچە كىشىلەر ئالدىغا باراتتى . كىشىلەر گۇرجەكتىكى چالمىدىن بىرنى قولىغا ئېلىپ ، ئاغزىغا يېقىن ئاپىرىپ «سۇف» دەپ هۈرگەندىن كېيىن يەنە گۇرجەككە قوياتتى . بۇنى «ئىخلاس توپىسى» دەپ ئاتايتتى .

مېيىتنى لەهەتكە ئەكىردى . بىرئازدىن كېيىن بايىقى يوغان كۆزلۈك مەزىن قەبرىدىن چىقىپ ئاغزىغا تاڭغان ئاق لاتىنى يېشىپ ، ئۈستۈېشىدىكى توپىلارنى قېقىشقا باشلىدى . ئاتمىش يىللاپ نۇرغۇنلىغان تاغ ـ دەريالارنى بېسىپ ، نەچچە ئون مىڭلى-غان كىشىلەر بىلەن ئەسرا بولۇپ ، نۇرغۇن ئەۋلادلارغا نۇرغۇن ئىلىم تامغىلىرىنى باسقان بۇ ئەزىمەتنىڭ ئاخىرقى ماكانى بىر-نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا قەد كۆتۈرۈپ تەييار بولدى . بايىقى يوغان كۆزلۈك مەزىن كۆپچىلىككە قاراپ :

— قېنى ، ياخشىلەر ! يېقىن ئولتۇرايلى ! هاي ، يىگىت ! قەبرىنىڭ ئۈستىگە دەسسىمەڭ ! قولىڭىزنى كەينىڭىزگە قىلىپ تۇرماڭ ! بۇ ئەرۋاهلارنىڭ ئالدىدا گىدەيگەنلىكنىڭ بېشارىتى . هەممىمىزنىڭ ئاخىر كېلىدىغان جايىمىز مۇشۇ . ئەمىسە خەپ-شۇك ، — دېدى .

www.uyghurkitap.com

چەتكە سىلىنغان پالاس ئۈستىدە ئولتۇرغان يۇرت چوڭلىرى ئارىسىدىن ياش بىر قارىي ئۆزىنىڭ تولىمۇ ياڭراق ۋە مۇڭلۇق ئاھاڭى بىلەن «تابارەك» ئايىتىنى باشلىۋەتتى. تىلاۋەتنىڭ سېھى-رىي ئاۋازى كەڭ قەبرىستانلىق ئىچىدە ئاستا دولقۇنلىنىپ تارقى-ماقتا. قىزىل تۇمشۇقلۇق بىر بىلىقئالغۇچ كۆكتىن كۆلچەككە قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشتى. باھارنىڭ سەلكىن شامىلى چوكانتال يوپۇرماقلىرىنى كىشىلەرنىڭ دىمىغىغا ئۇراتتى. يىراق ئېدىردا مۇڭلۇق كاككۇك سوزۇپقىنا سايراۋاتاتتى. تىلاۋەت ئا-خىرلاشتى. تەرەپ - تەرەپتىن «ئامىن» دېيىشىپ ھەممىسى دۇئاغا قول كۆتۈردى. جامائەت ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشقا باي-قى يوغان كۆز مەزىن يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول قوۋۇشتۇرۇپ:

— تەقسىر! مەرھۇمنىڭ بىرەر يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى-مۇ يوق ئىكەن. مەن ۋاكالىتەن سوراپ قوياي، بۇ مەرھۇم زادى قانداق ئادەم ئىدى؟ — دېدى.

يۇرت ئىمامى تەمكىن ئاۋازدا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بۇ مەرھۇم ئەسلى بىزنىڭ مۇشۇ مەھەللىمىزدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى تولىمۇ دۇرۇس، ئاق كۆڭۈل مۆمىنلەر ئىدى. مەرھۇمنىڭ ئۆزىمۇ ئۇزاق يىل ھۆكۈمەت خىز-مىتى بىلەن بولۇپ خەلققە كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغان، بىرەر ئادەمگىمۇ ناشايان ئىشلارنى قىلمىغان دۇرۇس ئادەم ئىدى، دەپ ئاڭلايمىز ... ئامىن! ئاللاھۇئەكبەر.

جامائەت قوزغالدى. شۇ ئارىلىقتا بىزدىن سەل نېرىدا تەتقى-قاتچى ئاغىنەم ھېلىقى يوغان كۆز مەزىن بىلەن قەدىناسلارچە كۆرۈشۈپ بىر-بىرىمىزنى دېيىشىپ ئەھۋاللىشىپ كەتتى.

كەچقۇرۇن بارلىق پەتىچىلەر ۋە يىراق - يېقىندىن كەلگەن-لەر قايتقاندىن كېيىنلا بىزمۇ قورۇدىن چىقتۇق. تەتقىقاتچى ئاغىنەم ئۈچ - تۆت ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن بىرگە تۇرغانىكەن.

مەن ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم. ئاغىنەم:

— مۇنداق قىلايلى! ئەمدى ھەرقايسىڭلار بىلەن يەنە قاچان كۆرۈشكۈچە كىم بار - كىم يوق؟ تېخى ھازىرلا بىر يېقىن ئاغىنىمىزنى كەتمەنلەپ كەلدۇق. مەنمۇ ئەتە بىر كۈن تۇرۇپلا قايتمىسام بولمايدۇ. يۈرۈڭلار، بىر يەرگە بېرىپ ئولتۇرايلى، — دېدى.

— توپتوغرا گەپ بولدى، — دېدى بىرى كۈلۈپ، — ئەتىگەندىن بېرى يىغلىدۇق، ئەمدى قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرايلى.

ئۇياقتا تارتىپ، بۇياقتا تارتىپ ئاخىرى دوقمۇشتىكى نۇرمەھەممەتنىڭ ئاشخانىسىغا كىردۇق. نۇرمەھەممەت بىزنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئايرىم بىر خانىغا باشلاپ چاي قۇيدى.

— بۈگۈنكى مېھماندارچىلىق مېنىڭدىن، — دېدى تەتقىقاتچى، — خېلى بولدى ئاغىنىلەر بىلەن بىرگە بولمىغان، قېنى نېمە يەيمىز؟

باشقىلارمۇ يەڭ تۇرۇپ ئالدىغا چىققانىدى، بەربىر رەت قىلىندى.

— ئالدى بىلەن يېرىمدىن لەڭمەن يەيلى.

لەڭمەن يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈستەلگە ئارقا - ئارقىدىن پارچىلىنىپ تۇز ۋە پىياز بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان بىر تاۋاق پاقلان گۆشى، غولپىياز بىلەن قورۇلغان بىر تەخسە قوينىڭ بۆرىكى، چاچتەك ئىنچىكە توغرالغان تۇرۇپ، قورۇلغان تۇخۇم، تەرخەمەك توغرىمىسى، يوغان جانان چىنىدە ئالاھىدە تەييارلانغان ئاچچىق - چۈچۈك شورپا كەلتۈرۈلدى. ئېسىل ئىلى ھارىقىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قەدەھلەر تېز - تېز ئايلىنىشقا باشلىدى. ئەتىگەندىن بېرى ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ تۈزۈكرەك غىزا يېمىگەن ئۆلپەتلەرنىڭ قولىدىكى قوشۇق - چوكىلىرى توختىماي ھەرىكەت قىلاتتى. ئېسىل ھاراقنىڭ خۇشبۇي تەمى يۈزلەرگە

قىزىللىق ، دىللارغا ھوزۇر بېغىشلايتتى . غىزاغا تويۇنۇپ دىماغ-لار چاغ بولدى . گەپنىڭ ئاساسلىق تېمىسى يەنىلا مەرھۇم ئاغ-نىمىزنىڭ تويۇقسىز ئۆلۈمى ئۈستىدە بولاتتى .

— ھە ، راست ، — دېدى بىرەيلەن ماڭا قاراپ ، ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالىڭغا خەۋەر قىلدىڭلارمۇ ؟

— خەۋەر قىلغان ، كەلمەپتۇ ، — دېدىم .

— بۇنىسى بولماپتۇ . ھەر ھالدا ئوتتۇز يىلغا يېقىن ئۆي تۇتقان قەدىناسلار ـ دە .

— ئۆزىمۇ تولا ئۇششاق سۆز خوتۇن ئۇ !

تەتقىقاتچى ئاغىنەم چەت ئەللەرگە تەقلىد قىلغاندەك ئەينەك ئىستاكانغا ئازراق ھاراقنى قۇيۇۋېلىپ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سۈمۈر-گەچ ئۆزىنىڭ يېقىندىن بۇيان موسكۋادا ئېلىپ بارغان تەتقىقات ئىشلىرىدىن سۆزلەپ قوياتتى .

ئىككىنچى بوتۇلكا يېرىملىغانسېرى ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ بىر قىزىق ئىشقا كۆلۈشكە باشلىدى .

— بۈگۈن بەك خۇشالغۇ سەن ؟

— توۋا قىلدىم ، — دېدى ئۇ ، — ئادەم دېگەنمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن . بەزى ئىشلارنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرمىسەڭ باشقى-لار ھەرقانچە يۇمۇرلۇق قىلىپ سۆزلەپ بەرسىمۇ بەرىبىر ئىشەن-گۈڭ كەلمەيدۇ . باياتىن بىرى مۇشۇنداق بىر قىزىق ئىش كاللام-غا كىرىۋالدى .

ھەممىمىز ئۇنىڭغا تىكىلدۇق . ئۇ ھەرقايسىمىزنىڭ ئالدىدى-كى ئەينەك رومكىلارغا ھاراق قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن چايدىن سۈمۈرۈپ قويۇپ تاماكا تۇتاشتۇردى ، ئاندىن :

— خەۋىرىڭلار بار ، — دېدى ئۇ ، — مەن 1968 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىپ كەلدىم . نامدا بەش يىل بولسىمۇ ، 1966ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئاساسەن دەرس توختىغان .

خەير ، قايتىپ كېلىپ مۇشۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن توي قىلدۇق . ئاندىن ئايالىم ئىككىمىزنى بىر يېزىغا قايتا تەربىيىگە چۈشۈردى . ئايالىم ئۆز كەسپى بويىچە كەنتتە دوختۇرلۇق قىلدى . مەن شۇ كەنتنىڭ ھېسابات ئىشلىرىغا قاراشتىم . 1971 ـ يىلىغا كەلگەندە مۇشۇ ئاغىنەمنىڭ ياردىمى بىلەن (ئۇ شۇنداق دەپ مېنى كۆرسەتتى ) شەھەرگە يۆتكىلىپ كىردىم . ئايالىم شۇ يەردە قالدى . رەسمىيەتلەر پۈتكەندىن كېيىن مېنى شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ بىر شۆبە تارمىقىغا تەقسىم قىپتۇ . شەھەرگە كىرگىنىمگە مىڭ خۇشال . ئەتىسى قەغەزلەرنى كۆتۈرۈپ ئىزدەشتۈرۈپ شۇ ئىدارىنى تاپتىم . ئەسلىدە بۇ ئىدارە بىر شەخسنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان يوغان زاللىق ، تاختايلىق ئۆيلىرىگە جايلاشقانىكەن . كىرسەم ، بىرقانچىسى ئولتۇرغانىكەن ، سالاملاشتۇق . باشلىقىنى سورىسام ، بىرەيلەن چەتتىكى بىر ئىشىكنى شەرەت قىلىپ : «ئالىمكام مۇشۇ ئىشخانىدا» دېدى . ئىشىكنى چېكىپ ئۆيگە كىرسەم تۆردىكى ئۈستەلدە كونا ھەربىيچە چاپان ، شەپكە كىيگەن قىرىق نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم ئولتۇرغانىكەن .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ئالىمكا !

— ھە ! كېلىڭلار .

بېرىپ ، ئۇ ئادەمنىڭ ئارانلا ئۇزاتقان مۇبارەك قولىنى تۇتۇپ ياندىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردۇم . ئۆي ناھايىتى ئاددىي ، ئۈستەللىرىمۇ كونا ، تاختاي پوللىرى تازىلانمىغان بولۇپ ، ئالىمكامىمۇ سەل پالكۆز ، يۈزلىرى ئورۇق ، ساقاللىرى سەل ئۆسكەن ئادەم ئىكەن . يانچۇقتىن تونۇشتۇرۇش قەغىزىنى چىقىرىپ ئۇزاتتىم :

— خەۋىرىم بار ، — دېدى ئالىمكام ، — تونۇگۈن يۇقىرى ماڭا ئۇقتۇرۇش قىلغان .

— ئالىمكا …

ئۇ ئالدىراپ گېپىمنى بۆلۈۋەتتى .

— مۇنداق گەپ ، ھەممە ئەھۋالىڭلاردىن خەۋەر تاپتىم .

ئوتتۇرا مەكتەپكىچە رۇسچە ئوقۇدۇڭلار . كېيىن ئالىي مەكتەپنى تۈگەتتىڭلار . شۇنداقمۇ ؟ دېمەك ، سىلەر بىر زىيالىيلار شۇنداق ئىكەن ، بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشكەندە ئۇنداق «ئەسسالامۇئەلەي- كۇم» دەيدىغان خوراپىي گەپلەرنى قىلماي ، «ياخشىمۇسىز» دې- سەكمۇ بولىدىغۇ ، «ئالىمكا» دېگەن نېمە گەپ ؟ يا «يولداش ئالىم» ، يا بولمىسا «ئا زەنجاڭ» دەڭلار ، قانداق ؟ مەنمۇ يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق ھەربىي بولۇپ كەسىپ ئالمىشىپ كەلگەن .

تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدىم . ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى :

— بىزنىڭ ھازىرقى مۇھىم ۋەزىپىمىز ماۋ جۇشى ئەسەرلى- رىنى ئۆگىنىپ ، بۇرژۇئازىيە بىلەن كۈرەش قىلىش . مەن دەپ قوياي ، گەپ - سۆز قىلغاندا ئاغزىڭلاردىن رۇسچە سۆز چىقىپ كەتمىسۇن . بىز ھازىر شيۇجىڭجۇيىچىلار بىلەن تىغمۇتىغ كۈ- رەش قىلىۋاتىمىز . سىلەر ياش ، دىققەت قىلىڭلار . گەپ شۇ ، ئاۋۇ ئۇدۇلدىكى ئىشخانىغا كىرىپ ، سۇلايمان كويچىغا تىزىملى- تىڭلار ··· — دېدى .

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە سورۇندىكىلەر پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق . ئاغىنەم ئىستاكاندىكى هاراقتىن ئازراق سۇمۇرۇپ قو- يۇپ ، بارماقلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇۋالغان تاماكىسىنى ئاغزىغا ئېلىپ باردى .

— پاھ ! قالتىس ئادەمكەنده ئۇ ؟

— توختا ، قىزىقى تېخى بار ، — دېدى ئاغىنەم ، — بىزنىڭ بەزى ئادەملىرىمىزمۇ ئاجايىپ ، بىر تۇرۇپ ئويلايمەن ، ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ شۇنداق قىلامدۇ ؟ يەنە بىر تۇرۇپ ئويلايمەن ، ئادەم- لەرنىڭمۇ بولارى شۇنچىلىكمۇ ؟

بىر جۇمە كۈنى چۈشتىن كېيىن سىياسىي ئۆگىنىش قىلى- ۋاتاتتۇق . پوچتىكەش كىرىپ گېزىت - ژۇرنال ، خەت - چەك-

لەرنى ئۇستەلگە قويۇپلا چىقىپ كەتتى . بۇنداق چاغلاردا ھەرقاد-
داق گېزىت ۋە خەتلەرنى ئالىمكام ئالدىن كۆرەتتى . ئەگەر ئۇ
ئادەم ئىدارىدە بولماي قالسا ھېچكىممۇ چېقىلماي كەلگىچە كۈتەت-
تۇق . ئالىمكام ئالدى بىلەن خەتلەر ئارىسىدىن كونۋېرتىنىڭ چۆ-
رىسى قىزىل بالداق ، ئوتتۇرىسىدا سۇس يېشىل سۇرىتى بار
خەتنى قولىغا ئېلىپلا :

— پاھ ! قايسى قوش يۇرەككە كەلگەن خەت بۇ ؟ — دېدى .
يۇرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى . چۈنكى رۇس يېرىدە مېنىڭ
ئۇرۇق - تۇغقان ۋە ئەل - ئاغىنىلىرىم بولۇپ ، ئارىلاپ خەت
ئالاقىمىز بار ئىدى .

ئولتۇرغانلارنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ كەتتى . بۇ ئاي - بۇ
كۈنلەردە ئۇلار تەرەپتىن خەت - خەۋەر كەلگەنلىك چوڭ بالايىئا-
پەت ئېلىپ كېلەتتى . شۇڭا ئۇنداقلار «قوش يۇرەك» ئاتىلاتتى .

— قېنى ، ئوقۇپ بېقىڭلار … — ئالىمكام خەتنى ماڭا
سۇندى . تىترەپ تۇرۇپ خەتنى قولغا ئالدىم . رۇسچە يېزىلغان
ئادرېس توپتوغرا بىزنىڭ ئىدارىنىڭ ، خەت ئالغۇچىنىڭ ئىسمىنى
ئۇنلۈك ئوقۇدۇم :

— زاينالۇف سۇلايمان .

بىچارە سۇلايماننىكام تامدەك تاتىرىپ :

— بىكار گەپ ، مېنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يا تو-
نۇش - بىلىشلىرىم بولمىسا ، قانداق قىلىپ ماڭا خەت كېلىدۇ ؟
— دېدى .

— ئەمىسە داداڭلارنىڭ ئىسمى نېمە ؟ — سورىدى ئالىمكام .

— دادام ، زاينالباقى .

— بولدىغۇ ، يەنە نېمە تارتىشىدىغان گەپ ، سۇلايمان . خەت-
نى ئېلىپ ئۇنلۈك ئوقۇڭلار ، كۆپچىلىك ئاڭلىسۇن .

— ئالمايمەن ، — دېدى سۇلايماننىكام ، — خەتنى قايتۇرۇ-
ۋەتسۇن .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئالىمكام ماڭا قاراپ كەسكىن بۇيرۇق قىلدى :

— قېنى ، خەتنى ئېچىپ ئوقۇڭلار !

چاقماق دەپتەرنىڭ بېتىگە سۆسۈن رەڭ سىياھ بىلەن يېزىلغان خەت مۇنداق باشلانغانىدى . مەنمۇ ئۈنلۈك ئوقۇدۇم :

«ئەي ، جانابى ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك ، كۆرۈشكىلى ئارزۇلۇق ، مۇڭداشقىلى مۇڭلۇق بولغان ، گۈزەل غۇلجىنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ ياشاۋاتقان ، قەدىردان ، مېھرىبان ئاكام سۇلايمانغا ، جان كۆيەر ئىشچان ھەدىمىز رابىيەگۈلگە ، ئوغۇللىرىمىز ئىسمايىلجان ، ئىسرائىلجانلارغا ، ئۇماق كەنجى قىزىمىز گۆھەربانۇمغا ۋە باشقا ئىسمى يېزىلمىغان بارلىق ئۇرۇق- تۇغقان ، يارۇ بۇرادەرلەرگە :

بىزكى سوۋېتلەر سايۇزى ، بۇخارا ئوبلاستىدا تۇرۇشلۇق مىسكىن ، يالغۇز سىڭلىڭلار رىسالەتبۇۋىدىن ...»

— توختاڭلار ، — دېدى ئالىمكام ، — ئاخىرىدىكى نەق گەپنى ئاڭلايلى .

مەن نۇرغۇن ئادەم ئىسمىلىرى يېزىلغان ، ئۆلچەملىك سالام ئىبارىلىرىنى تاشلاپ ئاخىرىنى ئوقۇدۇم :

«سۇلايمان ئاكا ، رابىيەگۈل ھەدە ، سىلەرنىڭ شۇ يىلى 3- ئايدا يازغان خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇق» .

— ھەببەللى ، — چاۋاك چالدى ئالىمكام ، — خەتنى ماڭا بېرىڭلار ، قالغان تەرىپىنى ئالدىرىماي ئوقۇۋالىمىز . خوش ، سۇلايمانئاخۇن ، ئەمدى نېمە دەيسىلەر ؟

ناھايىتى تەڭقىسلىقتا قالغان سۇلايمىنىكام ئاخىرى يۈزىنى ئۆرۈپلا :

— ھە ، راست ! ئەمدى ئېسىمگە كەلدى . بۇرۇن رىسالەتبۇۋى دەپ بىر سىڭلىمىز بولىدىغان ، ئۆز ۋاقتىدا رۇس يېرىگە

ئۆتۈپ بۇخاراغا چۈشۈپتىكەن . توغرا ، توغرا ، — دېدى . شۇ ئارىلىقتا بىر ياش كادىر :

— بۇخارا دېگەن قەيەر ئۇ ؟ — دەپ سورىۋېدى ، ئالىمكام غەزەپلىنىپ :

— دىققەت ! نېمە گەپ ئارىلايسەن . ئۆزۈڭ بىر كادىر تۇرۇپ بۇخارانى بىلمەمسەن ؟ بىلمىسەڭ بىلىۋال ، بۇخارا دېگەن بۇخارىستاننىڭ مەركىزى ، — دېمەسمۇ ، ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇۋالدىم .

تاۋلىنىپ قالغان چاينى ئەمدىلا ئاغزىغا ئېلىپ بارغان بىر ئاغىنىمىز كۈلۈپ كېتىپ چاينى پۈركىۋەتتى . ھەممىمىز تېخىمۇ قاتتىق كۈلدۇق .

— ھا - ھا ! توۋا ، بۇخارىستان ! ھا - ھا ! ...

ئاغىنەم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— ئاخىرى قىزىق ! شۇ كۈنكى سىياسىي ئۆگىنىش رەسمىي بىر تەنقىد يىغىنىغا ئايلىنىپ بىچارە سۇلايمىنىكامنى ئىلگىرىكىن تويغۇزدى . شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئالىمكامدىن چۈشتىن كېيىن يېرىم كۈنلۈك رۇخسەت سورىدىم .

— شۇنچىۋالا مۇھىم نېمە ئىش ئۇ ؟ — دېدى ئالىمكام .

— مۇھىم دېگۈچىلىكى يوق . ئىككى ھەپتە بولدى ناھىيىدىكى ئۆيگە چىقالمىدىم ، ئۆينى بىر كۆرۈپ كېلەي دەپ ...

— ھە ، راست ، — دېدى ئالىمكام ، — مېنىڭمۇ شۇ ناھىيىدە بىر ئىشىم بار ئىدى ، پۈتتۈرۈپ كېلەلەمسىلەر ؟

— چاتاق يوق ! نېمە ئىش بولسا دەڭ .

— شۇ ناھىيە بازىرىدا بىر گۆشىي كارخانىسى قۇرغان قازان زاۋۇتى بار ئىكەن ، دەپ ئاڭلىغان . يېقىندا بىر قازان لازىم بوپقالغان ، — دېدى .

www.uyghurkitap.com

— ۋاھ ، بۇ كىچىك گەپكەنغۇ ، ئا زەنجاڭ ! ئۇ قازان زاۋۇ-تىدا مېنىڭ بىر تونۇشۇم بار . قانداق قازان ، دەپ بەرسىڭىز چوقۇم ئالغاچ كېلىمەن . ياق ! مەندە پۇل بار ، ئەلگەنلە بىر گەپ بولار .

— ئۇنداق بولسا سىلەرگە يېرىم كۈن ئەمەس ، بۇگۈن پۈتۈن بىر كۈنلۈك رۇخسەت بېرەي ، ھازىرلا مېڭىپ دۈشەنبە ئەتىگەندە ئۆگىنىشكە ئۈلگۈرۈپ كەلسەڭلار بولىدۇ .

خۇشاللىقتىن دەرھاللا چىقىپ ئاپتوبۇس توختايدىغان جايغا باردىم . ناھىيىگە كېلىپلا ئالدى بىلەن قازان زاۋۇتىغا كەلسەم قېرىشقاندەك پۈتۈن زاۋۇت تاقاقلىق . كۆزەتچىدىن سورىسام :

— تونۇگۈندىن باشلاپ بارلىق ئىشچىلار بەش كۈنلۈك ئورما ئورۇشقا چىقىپ كەتتى ، — دېدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قويىقا چېچىم تىك تۇرۇپ كەتتى . ئەتىسى يەكشەنبە كۈنى ئىككى قېتىم كەلدىم ، زاۋۇت ئېچىلماپتۇ . ئايا-لىمغا قازاننىڭ ئىشىنى تاپىلاپ قويۇپ دۈشەنبە ئەتىگەندە ئىدارىگە كەلسەم ئالىمكام ئولتۇرغانىكەن . ئۇ مېنىڭ قۇرۇق قول كەلگەن-لىكىمنى كۆرۈپ جىم ئولتۇرۇۋالدى . مەن ئەھۋالنى چۈشەندۈ-رۈپ قازاننى بىرنەچچە كۈنگىچە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىمنى ئېيت-تىم . ئۇ ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلماي بىرھازادىن كېيىن گېزىتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ :

— سىلەر شەنبە كۈنى خىزمەتكە كەلمىدىڭلارغۇ ؟ نەگە بار-دىڭلار ؟ — دېمەسمۇ ، ئەقلىم ھەيرانلا قالدى .

— خەۋىرىڭىز بار ، ئا زەنجاڭ . ناھىيىگە چىقىپ كەلدىمغۇ ؟

— ناھىيىگە ؟ ناھىيىگە چىقساڭلار سىلەرگە كىم رۇخسەت بەردى ؟

— ئا زەنجاڭ ، ئۆزىڭىز ماقۇل دەپ …

— بىز ھەرقانداق ئىشنى تۈزۈم بويىچە قىلىمىز . سىلەرنىڭ رۇخسەت سوراپ يازغان دوكلاتىڭلار ، مېنىڭ قوشۇلغان قەغىزىم قېنى ؟

هاراق سورۇندىكىلەرنىڭ كۆلكىمىز تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى . بايىقى بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى قايتا تەكرارلايمىز ـ دە ، كۆلۈپ كېتىمىز .

ئاغىنەم سۆزىنى مۇنداق خۇلاسىلىدى :

— مۇشۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ئوتتۇز يىلدىن ئاشتى . بىزمۇ ئۇياق ـ بۇياقلارغا تېرىلىپ كەتتۇق . بىرقانچىمىز پېنسىيىگە چىقتۇق ، بىرقانچىمىز چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز . بايا دېگەندەك ، ئىنسان زادى ئاجايىپ مەخلۇقات ئىكەنمىز . بولۇپمۇ بىزدىكى «ئۆزگىرىشچانلىق ، شەكىللىۋازلىقنى ئاجايىپ بىر مۆجىزاتكەن» دېسەكمۇ خاتالاشمايمىز . «ئەمدى بۇگۈن مۇشۇنداق بىر قـايغۇلۇق پـەيتتە بـۇ گـەپلەر قانداق ئېسىڭگە كېلىپ قالدى ؟» دېسەڭلار ، بايا قەبرىستانلىقتا كىشىلەرگە قاراپ : «هەي ، ياخشىلەر» دەپ يۈرگەن مەزىن ئاخۇنۇم مەن دېگەن ئالىمكام شۇ كىشى .

گەپنى مۇشۇ يەردىلا توختاتقىنىمىز تۈزۈك . قالغان گەپ ـ سۆزلەرگە ئوقۇرمەنلەر مۇهاكىمە يۈرگۈزەر . بۇگۈن بىز قەبرىستانلىقتا چامغۇر كۆمۈپ قويمىدۇق ، بەلكىم جانجىگەر ئاغىنىمىز ، خەلق سۆيگەن بىر مائارىپچىنى كۆمۈپ قويۇپلا بۇ يەردە يەنە هاراق ئىچىپ كۆلۈۋاتىمىزغۇ .

«جىنازا ئىشىكتىن چىقسا ، سەۋر تۈڭلۈكتىن كىرەر» دېگەن دانا ئاتىلار سۆزىنىڭ چىن مەنىسى شۇ بولسا كېرەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# چوڭ پاتى ۋە كىچىك پاتى

چوڭ پاتى بىلەن كىچىك پاتى يېقىن تۇغقان . ئوچۇقراق ئېيتقاندا ، چوڭ پاتىنىڭ ئېرى لېتىپ كىچىك پاتىنىڭ دادىسى خېتىپ ئاكىنىڭ ئىنىسى بولىدۇ . چوڭ پاتى كېلىن بولۇپ بۇ ئائىلىگە كەلگەندە كىچىك پاتى ئالتە ياشتا ئىدى . ئۇ مەزگىلدە ئاكا ـ ئۇكا بىر ئۆيدە بولغاچقا ياش كېلىن هامان كىچىك پاتىنى يېنىغا ئېلىپ يۈرەتتى . چوڭىنىڭ ئېتى پاتىگۈل ، كىچىكىنىڭ ئېتى پاتىمە بولسىمۇ ، يېزا ئادىتى بويىچە هەر ئىككىسى «پاتى» دەپلا ئاتىلىپ ، كېيىنچە تۇغقانلار ئارىسىدا «چوڭ پاتى» ، «كىچىك پاتى» دەپ ئايرىلىدىغان بولدى .

بىر قورساقتىن چۈشكەن قېرىنداشلارنىڭ مىجەزلىرىمۇ غەلىتە بولىدۇ . خېتىپ ئاكا تېگى دېهقان ، ئىشلەمچان ، گەپ ـ سۆزى ئورۇنلۇق ئادەم ئىدى ؛ ئىنىسى لېتىپ بۇنىڭ ئەكسىچە ئورۇق ، ۋىجىك ، كەم سۆز ئادەم بولۇپ ، كۆپىنچە هاللاردا يېتىم چۈجىدەك شۈمشىيىپ يۈرەتتى .

سېنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى بىر يەكشەنبە كۈنى چوڭ پاتىنىڭ ئىككىنچى قىزىنىڭ تويى بولماقچى بولدى . بۇ راسا ئەلۋەكچىلىك ، تالقان تۆكتى مەزگىل ئىدى . كىچىك پاتى تويىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ بۆلەكچە خۇشال بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۆيى ناهىيىدىن سەل چەتتىرەك مەھەللىگە جايلاشقانىدى . ئۇنىڭ ئېرى دائىم شەپكىسىنى ئوڭ قېشىغا باستۇرۇپ كىيىۋالىدىغان ، كۆرەڭ مىجەز ياش بولۇپ ، ئىسمى غوجىئەخمەد ئىدى . ئۇ مەھەللىنىڭ ئويۇن ـ تاماشىسىدىن قالمايتتى ، مۆرىتى كەلسە ئوبدانلا ئىچىپ قوياتتى . ئېرىنىڭ قوتاندىكى ماللار بىلەن هەپىلىشىۋات-

قانلىقىنى كۆرگەن كىچىك پاتى ئاستا شىپقاپ يېنىغا كەلدى .
— پاتىدەمنىڭ قىزىنىڭ تويىغا ئېيتىپ باغاق ئەۋەتىپتۇ ...
ئېرى ئاڭلىماسقا سېلىپ جىم تۇرۇۋالدى .
— «تويغا باغاق ئەۋەتىپتۇ» دەۋاتىمەن .
— ئەۋەتسە قانداق قىلاي ! ؟ — دېدى ئېرى ھومىيىپ .
— بارمامسىز ؟ — دېدى كىچىك پاتى سىلىق ناز بىلەن .
— ياق !
— سوغۇق ! — دېدى خوتۇنى ، — تۈز گەپ قىلىشنى بىلمەيدىغان ! ئۆزىنىڭ جەمەتى بولسا ئالدىراپ دوقاسلاپ كېتەتتى .
ئېرى گەپ قىلماستىن ئىشىنى تۈگىتىپ ، كۆنجۈرە ۋە كېپەك يۇقى قوللىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئولتۇردى . خوتۇنى ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇۋېتىپ يەنە سورىدى :
— گەپ قىلىڭا ، قانداق قىلىمەن ؟ !
ئېرى يەنە قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرماقچى بولدىيۇ ، بىراق خوتۇنىنىڭ كۆزىگە قاراپلا كۆلۈۋەتتى . ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن غوجىئەخمەد يانچۇقىدىن قالايمىقان پۇرلەشكەن پۇللارنى چىقىرىپ قەستەنگە خوتۇنىنى تېخىمۇ تەقەززا قىلىپ ، ئالدىرىماي ئولتۇ-رۇپ ساناشقا باشلىدى .
— ھەممىسىنى سېتىپ بولدىڭىزمۇ ؟
— تىنچ ! توختاپ تۇرە ، بىر مىڭ ئۈچ يۈز يەتمىش ، غەنى پاڭدا قالدى بىر يۈز قىرىق ... جەمئىي بەش يۈز ئون ، قاسساپقا ئۆتكۈزگەن قوي تۆت يۈز ئوتتۇز ئالتە ... ئەستاغپىرۇللا ، قانچە بولغاندى ؟ ھەي ، كىچىككىنە بىر قەغەزگە يېزىپ ھېسابلىغىنا ! ئەكەلدىڭما ؟ ھە ، بەش يۈز ئونغا ، تۆت يۈز ئوتتۇز ئالتىنى قوشقىن ، خوش ، زاكىر تۇڭگانغا ئۆتكۈزگەن تېرە ئوتتۇز يەتتە يۇەن ، قوشتۇڭما ؟ خوش ، ئالا توپاقنىڭ پۇلى ئىككى يۈز سەك-سەن ئالتە يۇەن ، بۇنىمۇ قوش ، ھەممىسى قانچە بوپتۇ ؟

— بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش توققۇز يۈەن . ئۇ كۈنى «مەشرەپكە سويۇمىز » دەپ ئەكەتكەن قارا قويچۇ ؟

— ھە ، راست ، ئاتمىش يۈەن ، قوشە !

— ۋىيەي ، شۈنچىۋالا يوغان قوي ئاتمىش يۈەن بولاتتىمۇ ؟

— بولدى ، ياز دىگەندىن كىيىن ياز ! ئۆزۈممۇ قاتناشقان تۇرسام ··· ھە ، قانچە بولدى ؟

— بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە توققۇز يۈەن .

— خوش ، بۇنىڭدىن ئىلىپ تاشلا ، شىبەگە بەرگەن چاي پۇلى ئالتە يۈەن ، كۈنجۈرگە بەرگەن يىگىرمە يۈەن ، ئورمىچى قاشقارلىققا بەردۇق يىگىرمە يەتتە يۈەن . قالغان يول كىرا ، تاماق - پاماق ···

— ھاراق - پاراق ، — دەپ قوشتى پاتى .

— ھە ، ھاراق - پاراق ، نەشە - پەشە[1] دىگەندەك ھەممىسى بولۇپ ئاتمىش بىر يۈەن ، چىقىرىپ تاشلىغاندا ، ساپ قالدى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش سەككىز يۈەن . تېخى پارچە - پۇرات خەجلىگەنلەرنى ھىسابلىمىدۇق . ئىغىلدا يەنە ئۈچ قوي قالدى ، چۈشتىن كىيىن ھەممىسىنى ئاپىرىپ سۇلتان قاسساپقا ئۆتكۈزۈۋىتىمەن . ئەتە چاپچالغا چىقىپ يەنە مال ئەكىلىمىز ، قانداق ؟ ئاكىڭىز پۇلنى پۇلغا چىقىۋاتسا ، ھەدەڭنىڭ تويىدا نىمە بار ماڭا ؟ بارساڭ ئۆزۈڭ بار !···

پاتىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر ئىقىم قۇيۇلغاندەك ھۇزۇرلاندى - دە ، چالا كۆرەڭ ، ئىشچان ئىرىغا قاراپ ھىجىيىپ قويدى .

— بۇغداي ، زىغىرلارنى قانداق قىلىسىز ؟

— ساڭا ئاش ئالمىسا قانداق قىلىمىز ؟ ئورىدا تۇرۇپ تۇرار .

— بۇزۇلۇپ قالامدۇ ؟

---

① نەشە - پەشە — چاقچاق تەرىقىسىدە ئىيتىلغان .

— بۇزۇلسا مالغا تۆكۈپ بېرەرمەن .

— ۋاي ، قوۋۇرغىمەي ! ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ چالىدىغان ، بىر زامانلاردا بىر پارچە ئاق نانغا زار بولۇپ كەتكەن ئادەم …

— بولمىسا ، بازارغا ئاچىقىپ ساتارمىز ، ماۋۇ ئىشلار بىر تەرەپ بولسۇن ، قېنى ، چاينى ئەت !

— ماڭچۇ ؟ — دېدى كىچىك پاتى ئېرىنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ .

ئۇ بەتقىلىق بەڭۋاش باللاردەك ئوڭ قولىنىڭ بەش بارمىقىنى جۈپلەپ سىلكىدى :

— مانا ساڭا .

پاتىنىڭ يۈزى «ھۆپپىدە» قىزاردى . ئۇ قىزارغاندا تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى . سەھرانىڭ ساپ ھاۋا ، كۆيۈك ئاپتاپلىرىدا پىشقان ئوتتۇز ياشلىق بۇ ئايال توي قىلىپ بالا تۇغقاندىن كېيىن مانا سەككىز يىلغا قەدەم قويدى . قايتا پەقەتلا تۇغمىدى ، شۇڭا ئۇ ھازىر يۈزلىرى قىزىل ، بەدەنلىرى ساغلام بولۇپ ، خۇددى قىسىر قالغان سېمىز غۇنجىنىدەك غارسىلداپ يۈرەتتى . ئۇنىڭ كۆكرەكلىرى ياش قىزلارنىڭكىدەك تىككىدە تۇراتتى . ئۇ ئېرىنىڭ دېگىنىگە ئىزا بولۇپ :

— ئۆل ، بېشىڭنى يەيدىغان ، بايتال ، — دېيىشىگىلا ئېرى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى يەرگە يىقىتتى .

— ۋاي ، ۋاي ، جېنىم ئاكا ، بولدى ، ئىككىنچى دېمەيمەن ، ۋايىيەي ، مىجىقلىماڭ ! بولدى ! بولدى ! كۆپكۆندۈزدىلا ساراڭ بولدىڭىزمۇ ؟ بىرى كىرىپ قالسا … ئۆل ، — دەپ ناز قىلدى ئېرىنىڭ قىيناشلىرىدىن ئاران قۇتۇلغان پاتى ياغلىقلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ .

ئۇلار ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى .

— كىم بىلەن قۇدىلىشىپتۇ ؟ — غوجىئەخمەد چاي ئىچكەچ

پاتىدىن سورىدى .
— شۇ ، ئۆتكەنكى دەپ يۈرگەن ھېلىقى ھەمىيت بوجاڭ دېگەنلەر بىلەن .
— بارساڭ ئۆزۈڭ بارغىن ، مەن بارالمايمەن ، — دېدى غوجىئەخمەد ۋە كەينىدىنلا ، — ھەدەڭمىغۇ ئازراقلا كۆتۈرۈلۈپ قانات - قۇيرۇقىنى تۈزەپ قېلىۋىدى ، بىزنى تونۇماس بولۇۋال-دى . خەپ ! شۇ قىلغىنىغا ئادىمەتچىلىكنى ئوبدانراق ئاپىرىپ ئۆزۈڭنى تونۇتۇپ قوي ! بىزمىچۇ ، دېھقان بولغان بىلەن مەيدى-مىزنى كېرىپ يۈرۈۋاتىمىز ، مە ! — دەپ يانچۇقىدىن ئون يۈەن-لىكتىن ئىككىنى ئالدى . بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن يەنە ئىككى-نى قوشتى - دە ، تۈرۈپلا بىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ ئورنىغا بەش يۈەنلىكتىن بىرنى قوشۇپ ئايالىغا بەردى .

* * *

يەكشەنبە ، ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق . سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى نەمخۇش ھاۋا ۋە سەھەرنىڭ سالقىنى بىلەن يولدىكى توپىلارمۇ نەملىنىپ يەرگە چىڭدالغانىدى . ساپسېرىق سارغايغان تېرەك يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن كۆك ئاسمان ۋە يىراقتىكى قار-لىق چوققىلار بۆلەكچىلا سۈزۈك كۆرۈنەتتى . باش - كۆزلىرىنى پاكىز يۇيۇپ ، چىرايلىق ياسانغان كىچىك پاتى كىچىككىنە ئۆس-تەڭ بويىنى ياقىلاپ كەلمەكتە . ئۇ ئۆزىنى خۇشال ۋە تېتىك سېزەتتى .. ھەدىسىنىڭ قىزىنىڭ ھەشەمەتلىك تويى ، مېھمانغا تولغان قورۇ ۋە داقا - دۇمباق سادالىرى قۇلاقلىرىغا ئاڭلانغاندەك ، كۆزلىرىگە كۆرۈنگەندەك بولاتتى . ئۇ ئۆزىنى ئاشۇ قاينام-تاشقىنلىق ئىچىدە سېزىپ كۈلۈمسىرەپ قويىدى .
پاتى تۆت كوچا ئاغزىغا چىقىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى . بىرقانچە كوچىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئەگرى - بۈگرى



www.uyghurkitap.com

تار كوچىغا كىردى . بۇ كوچا تار بولغىنىغا قارىماي بىر ئېرىق سۇ توختىماي ئېقىپ تۇرغاچقا ، ئېرىق بويىدىكى بۇككىدە ئۆسكەن دەل ـ دەرەخلەر كوچىنى بىر ئالغان . كىچىك پاتى غورۇنى ئاتلاپ قورۇغا كىردى . كۇنگەيگە قارىتىپ سېلىنغان ئۈچ ئېغىزلىق كونا ئۆي ۋە كۇنپېتىش تەرىپىگە جايلاشقان باغ هازىر ۋەيران بولغانىدى . بۇ باغقا مال سولاپ باقىدىغان بولغاچقا ، راسا ۋايىغا يەتكەن مېۋە كۆچەتلىرىنى مال غاجاپ قۇرۇتۇۋەتكەنىدى . ئۆي ئىچىدە قويۇلۇۋاتقان ئۇنئالغۇدىن چىققان ناخشا قورۇنى بىر ئالغا- نىدى . كىچىك پاتىنىڭ ئانىسى هويلىدا تۇراتتى .

— تويغا بارماپسىلەرغۇ ، ئاپا ؟ — دېدى پاتى ئانىسى بىلەن ئەهۋاللىشىپ بولۇپ كۆڭلى بىرنېمە سەزگەندەك ، — دادامۇ بارمىغاندەك تۇرىدۇغۇ ؟

— بىلمەمسەن ، بالام ، داداڭنىڭ خۇيىنى ؟

— بىر ئىش بولدىمۇ ؟

ئانىسى سۇپىنىڭ گىرۋىكىگە ئولتۇردى .

— نېمە بولاتتى دەيسەن ، «تويدىن ئاۋۋال ماڭا مەسلىهەت قىلمىدى» دەپ توقۇمنى قارىنىغا ئالدى . ئۆزى تۇرماق مېنىمۇ ئەۋەتمەيمەن ، دەيدۇ . ئۇلار ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتىپتۇ ، يېقىن يولار ئەمەس ... مەنغۇ ، بوپتىلا دېگەنىدىم ، قانداق قىلاي ! ؟ قېرىنداش بولسا ئۆزىنىڭ ، — موماي چوڭقۇر ئۇھ تارتتى ، — داداڭ تېخىمۇ كۆپچۈپ كېتىدۇ . لېتىپمۇ ، چوڭ پاتىمۇ توغرا ئىش قىلمىدى ، بالام . ئەلۋەتتە داداڭ دېگەن هېچكىمنىڭ كىچىد- كى ئەمەس ، بىلسە شۇلارنىڭ ئاتا يوللۇق ئاتىسى . مەنمۇ ئەمچەك سۇتى بەرمىسەممۇ هەر هالدا يىلىك سۇتى بېرىپ خېلى جاپاسىنى تارتقانىدىم...

كىچىك پاتى «يالت !» قىلىپ دادىسى تەرەپكە قارىدى . بوۋاي ئالما دەرىخى ئاستىدىكى يوغان كۆتەك يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، چىغ سۇپۇرگە بوغۇۋاتاتتى . بوۋاي قىزىنى كۆرگەن

www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ كۆرمىگەنگە سېلىپ ، سۇپۇرگىگە قېتىلغان تەتۈر قو-
زۇقنىڭ يوغان بېشىنى كۆتەككە ھەدەپ كۈچ بىلەن تۈرۈلدى.
ھەربىر ئۇرغىنىدا كۆتەكتىن چىققان ئاۋازغا تەڭكەش قىلىپ
«ھۆ ! ... ھۆ !» دەپ قوياتتى . بوۋاي ئۇستىگە پاختىلىق چىقىر-
قۇت شىم ـ تۇجۇركا كىيىپ ، بېلىنى پوتىدا باغلىۋالغانىدى
كونىرىغان مەسىسىنىڭ قونچى توپىغا مىلەنگەن بولۇپ ، يوغان
بەستى ۋە ئۇگىلىرى بۆرتۈپ تۇرغان بىلەك سۆڭەكلىرىگە قاراپ ،
ئەينى يىللاردا ئۇنىڭ بەستلىك ، ئىشلەمچان ئادەم ئىكەنلىكىنى
بىلىۋالغىلى بولاتتى . ھازىر يېشى يەتمىشتىن ئاشقان بولسىمۇ
ئىشتىن قالمىغانىدى . كىچىككىنە ، ئىنتىك كەكىسى بىلەن سۆ-
گەت بادرىلىرىنى يونۇپ ياسىغان چىغ سۇپۇرگىلىرى ناھايىتى
سۇپەتلىك بولۇپ ، خۇددى بەللىرى زىلۋا قىزلاردەك تامغا قاتار
تىزىلىپ تۇراتتى .

— دادا ، قانداق ئەھۋالىڭ ؟

خېتىپ بوۋاي قويۇق ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئارىسىغا يوشۇ-
رۇنغان خىرە كۆزلىرى بىلەن قىزىغا قارىدى . ئۇنىڭ تەكشى
ئاقارغان ساقىلى خېلى ئۇزىراپ قالغاندەك كۆرۈندى . «دادام بۇ
بىرنەچچە كۈندىن بېرى خېلىلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ»
دەپ ئويلىدى پاتى . بوۋاي ئالدىرىماي سۇپۇرگىنىڭ ئۇچىنى ئىنت-
تىك كەكىسى بىلەن چېپىپ تەكشىلىگەندىن كېيىن :

— ياخشى ! — دېدى . ئۇنىڭ ئوڭ قولىقىنىڭ ئۇستىگە
چاپلىشىپ قالغان چىغ پۆپۈكىنى پاتى ئاۋايلاپ ئېلىۋەتتى ، —
بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ، — دېدى بوۋاي ئالدىرىماي سۆزلەپ ، —
«پادىشاھلار ئوغۇل ئۆيلەپ ، قىز چىقارسا قىرىق كېچە ـ كۈندۈز
توي قىلىدىكەن ، پۈتۈن يۇرت ـ جامائەت چاچاڭ قۇرىدىكەن»
دېسە نېمە ئىشكىن دەپتىكەنمەن ، مانا ! كۆز ئالدىمىزدىمۇ بولۇۋا-
تىدۇ ، بىزنىڭكىلەر تېخى ئاشۇرۇۋېتىدىغان ئوخشايدۇ ...

— بولدىلا ، ھەدەپ تەرگەۋەردىلە ، — دېدى موماي .

بوۋاي قولىدىكى كەكىنىڭ بىسىنى «تاق» قىلىپ كۆتەككە سانجىپ قويدى .

— مەن گەپ قىلسام ھەممىڭلا ياقمايدىغۇ ! ··· كونىلاردا : «قۇش قانىتى بىلەن ئۇچۇپ ، قۇيرۇقى بىلەن قونىدۇ» دېگەن گەپ بار ··· ئىنسان دېگەن ئۇنچىۋالا بولۇپ كەتسىمۇ بولماس ، مەن كىم ؟ بىلگۇچىلىكى بولسا ، مەن دېگەن ئاتا يوللۇق ئاتىسى . ئىككى ئېغىز تۈزۈككىنە مەسلىھەتى يوق ، ئەمدىزە مەن بىر سىقىم پولۇسىنى يەيمەن ، دەپ بارىدىكەنمەن ـ دە ! ··· خۇدايىم بۇيرۇسا ئاچ قالمىدىم ، ئۆزۈمنىڭمۇ قازىنىم قايناپ تۇرىدۇ ··· ھەي ! كاركىراتمىغىنا ئاۋۇ نېمەڭنى ، — بوۋاي ئۆي تەرەپكە قاراپ قاتتىق ۋارقىرىدى . ئۆي ئىچىدىن «تارس !» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئۇنىئالغۇنىڭ ئاۋازى توختىدى . ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بويلۇق ياش ئۆسمۈر (بوۋاينىڭ كىـ چىك ئوغلى) يۈزلىرى قىزارغان ھالدا دومسىيىپ چىقىپ تامغا يۆلەپ قويغان ۋېلىسىپىتىنى شاراقلاتقىنىچە يېتىلەپ مىندى ـ دە ، تالاغا قاراپ قۇيۇندەك ئۇچتى .

— يا ئاللا ! يا ئاللا ! نېمىدېگەن سەپرالىق بۇ ؟ ! — كايىدى موماي .

— سەن تولا ئاربلاشما ، بېرىپ ئىشىڭنى قىل ! توي ئۇيىند-غۇڭ كېلىپ كەتسە ، بار ، بېرىپ يۇندىسىنى يالاپ كەل ! ···

— بولدىلا ، دادا ···

— يۇگۇر ! — دېدى بوۋاي پاتىگە ، — سەنمۇ جابدۇنۇپ كەپسەن . چاپسانراق بېرىپ سەنمۇ ئويناپ كەل !··· ھەممىڭنىڭ گېپى بىر ···

مومايغا ھار كەلدى بولغاي ئۇمۇ ئەزۋەيلىدى :

— ئوھوش ! بىزگە نېمانچىلا ؟ ··· قېرىنداش بولسا ئۆزلىـ رىنىڭ ، «گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان ، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن» دېگەندەك ، بېرىپ ـ بېرىپ ئوتتۇرىلىقتا كۆيىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىياز بىز ...

— بولدىلا ، ئاپا ، جىم تۇرغىنا .

— سىزنىڭ بىلەن بىز ، — دېدى بوۋاي ، — ئۇلارنىڭ خىلى ئەمەس ، ئۇلار ھېلىقى كۆڭلىرىنى ئۇنتۇپ قالدى . ئۇلارنىڭ ھازىرقى قۇدا - باجىلىرى بۇجاك - سوجاك تۇرسا بىزگە نېمە بار ! ؟

— ھە ، نېمە بوپتۇ ؟ ! — دېدى موماي ، — ھەرنېمە دەيمىز ، بۇمۇ تەقدىردىندۇ ؟ پېشانىسىگە كىمنى يازسا شۇ بولمامدۇ ؟ ماڭ ، بالام ! سەن بولساڭمۇ بېرىپ كەل !

كىچىك پاتى ئارىسالدى بولۇپ خىجالەتچىلىكتە دادىسىغا قارىدى . بوۋاي قىزىغا قاراپ :

— بارغىن ! چاپسانراق بار ، تېخى قىز كۆچۈرىدىغان بولۇپ قالسا ، ئاۋۇ بايتىلىڭنىمۇ ئالغاچ بار ، ھارۋىغا يانداق قىلىپ قوشارسەن ... — بوۋاي ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ئۆزى مەمنۇن بولۇپ ھىجايدى .

پاتى «ھوپپىدە» قىزىرىپ كالپۇكلىرىنى چىشلىگىنىچە غورۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى . دادىسى ئەزەلدىنلا ئېرى غوجىئەخمەدنى ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى .

— ئالجىغان قېرى ، — دېدى موماي ، — بارمىسىلا بارمىسىلا ، - ھوي ! شۇمۇ قىز بالىغا دەيدىغان گەپمۇ ؟ نەدە ئاقارغان ساقال بۇ ؟

بوۋاي جىم بولۇپ قالدى .

— خاپا بولما ، قىزىم ، — دېدى موماي قورۇدىن چىققاندىن كېيىن ، — داداڭدىن رەنجىگىلى بولامدۇ ؟ ئۆزىمىزغۇ قېرىپ تولا سەپرا مىجەز بولۇپ قالدى ، قانداق قىلىمىز ؟ تېخى تۈنۈگۈن دېمەمسەن ، دادىڭدىن ھېلىقى سەۋرىدىن ، بەرا ، يەنە ئىككى - ئۈچى كېلىپ : «خېتىپكا ، سىلى بىزنىڭ كونا ئەزا ، كوپېراتسىيىلەرنى دەسلەپ قۇرغانمۇ سىلى ، ھازىر ھەممىمىز خۇدايا شۈك-

ـرى ياخشى بولۇپ قالدۇق ، ماۋۇ ئۆيلەرمۇ كونىراپ قاپتۇ ، مۇشۇ ئۆيلەرنى بىز ئىپتىزغا پىلانغا قوشۇۋېتىپ ، سىلىگە باشقا يەردىن جايلىق كېسىپ ، ياغاچ ـ تاش بېرەيلى ، باللار بىلەن «هە ـ هۇ ، دەپ ئۆينى يېڭىلاۋەتسەك قانداق ؟ » دەپ شۇنداق ياخشى گەپ قىلسا ، «رەهمەت ـ تەزىم» دېگەن گەپ بۇ ياقتا تۇرسۇن ، ئۇلارغا : «بولدى ! سىلەر ئۆزۇڭلارنىڭ پىلانىڭلارنى قىلىڭلار ، موماي ئىككىمىزنىڭ پىلانى ئەنە ، ئاۋۇ دۆڭلۇكتە» دەپ تۇپراقـلىقنى كۆرسىتىۋاتامدۇ ؟ قويساڭا ، بالام ، قېرىغاندا نېمىسىدىن رەنجىيسەن ...

پاتى يۇرۇپ كەتتى .

* * *

توي بولۇۋاتقان قورۇ ناهىيىلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئارقىسىغا تۇتاش بولۇپ ، يوللىرى تۇپتۇز ، دەرەخلىرى تەكشى ئۆسكەن كوچىدىكى كۇنپېتىشقا قارىغان دەرۋازا ئىچىدە ئىدى . كۇنچىقىشقا قارىتىپ سېلىنغان پېشايۋانلىق ئىككى ئېغىز تاختايلىق ئۆي ، ئۇنى يانداپ كەتكەن يەنە بىرنەچچە ئېغىز ئۆي ، ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا بىر تۇپ ئۆرۇك بولۇپ ، هەر يىلى ناهايىتى ياخشى مېۋە بېرەتتى . هازىر باغ ئىچىگە قازان ئېسىلغان ، ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى تام تۇۋىگە يوغان ساماۋار ئورنىتىلغان ، ساماۋار يېنىدىكى خىش بىلەن كاۋاپدانغا ئوخشىتىپ ياسالغان ۋاقىتلىق ئۇزۇن ئوچاق ئۇستىگە بىرنەچچە چاي چۆگۈنلىرى قويۇلغانىدى . نېرىدىكى يوغان قازان ئېسىلغان ئالمىنىڭ ئاستىدا بىرقانچە كىشىلەر ئولتۇرۇشاتتى . ئىككى ياش يىگىت ساماۋار بىلەن هەپىلىشىۋاتاتتى . ئۇزۇن تارتىلغان سىمغا هۆل لۆڭگە ، داستىخانلار ئارتىلغانىدى ... ئەر مېهمانلار ئاساسىي جەهەتتىن ئۇزاپ ، ئەمدى ئايالللارغا تەييارلىق كېتىپ باراتتى .

ئائىلىنىڭ ئەر خوجايىنى لىتىپ ئەللىك بەش ياشلار چامى-سىدىكى ۋىجىك ئادەم بولۇپ ، بۈگۈن توي مۇناسىۋىتى بىلەن بىرقۇر يېڭى كىيىملىرىنى كىيىۋالغانىدى . نېپىز كالپۇكلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ ، ئۆزىگە كەڭ كېلىپ قالغان قارا كۆك سىزىقچا بۇرۇلكىسىنى لەپىلدىتىپ ، قورۇ ئىچىدە گوياكى هايۋانات باغچى-سىدىكى تاۋۇس قۇشىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى . ئۇ تولىمۇ ياۋاش ، كەم سۆز ئادەم بولغاچقا كىرىپ - چىققان مېهمانلارغا كۈلۈمسى-رەپ قاراپ ، ئېرەنسىز هالدا قولىنى كۆكسىگە قويۇپ هۆرمەت بىلدۈرەتتى . چوڭ پاتى پېشايۋان ئۈستىدە پەيدا بولدى . ئۇ يېشى ئەللىككە تاقاپ قالغان بولسىمۇ ياشلىق يۈزۈش - تۇرۇشىنى يوقاتمىغان ، كەڭ پېشانىلىق تولۇق كەلگەن ئايال ئىدى ، ئۇزۇن چاچلىرىنى سوقۇپ تېز - تېز هەرىكەت قىلاتتى . ئۇ ئالدىراپ ئېرىنى توختاتتى :

— ماڭا قاراڭە ، لېتىپ ، — ئۇ ئېرىنىڭ كاستۇمىنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ چەتكە تارتتى ، — تۈنۈگۈن ئېلىپ قالغان هېلىقى بىر سان گۆشنىمۇ قـوشۇۋېتەيلى . ئەهۋالدىن قارىغاندا ، ئاياللار جىقراق كېـلىدىغان ئـوخشايدۇ . يـەتمىسە قويدىن بىرنى سو-يارمىز …

— هە مەيلى ، ئىختىيارىڭ …

— شـۇنداق بـولسۇن ئـەمىسە ، مـەن ئاشپەزگە دەپ قوياي ، — ئۇ ئۆي تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى ، — هەي ، مەستۇ-رەم ! زىلەيبۇۋى ، ماڭا قاراڭلار ! ئۇكام ! ئەر مېهمانلار ئاخىرلى-شىپ قالدى ، سىلەر مۇنۇ ئۆيلەرنى سىيرىپ سۈپۈرۈپ قويۇڭ-لار ، هازىر نىكاهغا كېلىدۇ . مۇنۇ چۆگۈنلەرنى تازىلاپ ، قايناق سۇنى تەخ قىلىپ قويۇڭلار … هە راست ، مۇنۇ قول لۆڭگىلىرىنى بىر يۇيۇپ قويۇڭلار ! … ۋاي ، ۋاي ! ئەجەب پۇتلاشتى مۇشۇ ئۇششاق باللار ! هەي ، كىم ! … مۇشۇ باللارنى ئاشۇ ئالمىنىڭ ئاستىغا ئاپىرىپ بىر تاۋاق ئاش سېلىپ بېرىڭلارا ،

قورسىقىنى تويغۇزۇپ چىقىپ ئۆيىنىسۇن ، قويغان ـ تۇتقىنىمىنى تاپالمايلا قالدىمغۇ ، — چوڭ پاتى توختىماي سۆزلەيتتى . ئۇنىڭ تۆۋەن چىشلىرى زىچ ئالتۇن بىلەن قاپلانغان ئېغىزى بىردەممۇ توختاي دېمەيتتى ، — ھېلىقى كىچىك پاتىمۇ يوقالدى ، — ئۇ ئېرىغا ئاڭلىتىپ كايىشقا باشلىدى ، — بوپتۇ ، مەنلا بىر ئىش قىلسام ھەممىسىنىڭ خۇيى تۇتتى . چىرايلىق ئىززىتىنى قىلىپ چىللىدۇق ، كەلمىگەنلەر كەلمىسۇن ، خۇدايىم ، قولۇم ـ قوشنا ، يۇرت ـ جامائەتتىن ئايرىمىسۇن ...

لېتىپ گەپنىڭ ئۆز تۇغقانلىرى ئۇستىدە ئېيتىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئاستا لەپىلدەپ خوتۇنىنىڭ كۆزىدىن يىراقراق قازان بېشىغا كەتتى . قازان بېشىدا قاھار تورۇق دېگەن ئادەم يوكۇنۇپ ئولتۇراتتى . ئىككى پۇت گورۇچ بارىدىغان قازاننىڭ ئىچى قاپقارا پارقىراپ تۇراتتى . ئېشىپ قالغان ئاش بىر تەرەپكە دۆۋىلەنگەن بولۇپ ، ئۇستى داستىخان بىلەن يېپىلغان ، ئوچاقتىكى ئوت تارتىۋېتىلگەنىدى . قاھار تورۇق ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ پېشقەدەم ئاشپىزى بولۇپ ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىدىن خەۋەردار ، ئايىغى يېنىك ، ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتكەن ، چاقچاقچى ھەم ئۇششاق سۆزرەك ئادەم ئىدى . ئۇ ئوچاق بېشىدا ئولتۇرغان بىرقانچەيلەنگە ئاخشامقى ئولتۇرۇش ھەققىدە قىزىق پاراڭ قىلىۋاتاتتى .

— ئاخشامقى مېھمانلار تاڭغا يېقىن تارقالدى ، — دېدى ئۇ تاماكىسىنى يۆگەۋېتىپ ، — لېتىپمۇ ئاخشام ئوبدان ياردى ، ئون نەچچە بوتۇلكا ئالىي ئاق ھاراق ، پىۋا دېگىنىڭنى سانى يوقلا قۇيۇۋەتتى . شەھەردىن ھېساملار چىقىپتىكەن ، بوپكەتتى چاقچاق ، ئاھھاي ...

مەشھۇر قىزىقچى ھېسامنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلەر تەڭلا ھېجىيىپ كېتىشتى .

— ھەممىدىن سالايدىنكامنىڭ قۇلىقىنى يامان ئوخشىتىۋەت-تى ـ دە ، — دېدى ئاخشامقى ئولتۇرۇشقا خىزمەت قىلغۇچىلاردىن بىرى .

— لېكىنزە ، سالايدىنكامنىڭ قۇلىقىدەك قۇلاق بولماس...

قاھار تورۇق ئەمدىلا باشلىغان گېپىنىڭ بىلىگە تەپكەن ماۋۇ ئىككىسىگە ئېڭىكىنى سىلىغىنىچە بىرئاز قاراپ تۇردى ـ دە ، كەڭ بۇرۇلكىسىنىڭ پۇچاقلىرىنى لەپىلدىتىپ ، قازان بېشىدا دانلاپ يۈرگەن توخۇلىرىنى كاتەككە ھەيدەش بىلەن ئاۋارە بولۇ-ۋاتقان لېتىپقا قاراپ :

— لېتىپ ! مەيەرگە كەلگىنە ، — دەپ ۋارقىرىدى .

نېپىز كالپۇكلىرىنى چىڭ يۇمغان لېتىپ ئاستا يېقىنلاش-تى .

— بېرى كەل ! ئەتىگەندىن بېرى تۇزۇكرەك بىرنېمە يېمى-دىڭ ، ئاچ ئاغزىڭنى ، ئاچ ، ماۋۇ مەررە گۆش !

— رەھمەت ، قاھاركا ، زادى يېگۈم يوق ، مەيدەم ئېچىشىۋا-تىدۇ ...

— تاماق يېمىسەڭ يا ھاراق ئىچمىسەڭ ، مەيدەڭ نېمىشقا ئېچىشىدۇ ؟ — دېدى بىرەيلەن .

— مەن بىلىمەن ، — دېدى قاھار تورۇق ، — بۇنىڭ مەي-دىسى باشقا نەرسىگە ئەمەس ، تويغا چىققان چىقمىغا ئېچىشى-ۋاتىدۇ ...

ئولتۇرغانلار پاراقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— ھەي ، تاي ! — دەپ ۋارقىرىدى لېتىپ كىچىك بالىسى-غا ، — مەيەرگە كەل ، ساقام ، مۇنۇ كاتەكتىكى تۇخۇملارنى ئېلىۋال !

— خەقنىڭ توخۇلىرى كۈن ئارىلاپ تۇغسا ، سېنىڭ توخۇ-لىرىڭ كۈندىلا تۇغىدىكەن ـ ھە ؟ — چاقچاق قىلدى قاھار .

لېتىپمۇ بوش كەلمەي :

— ھەئە ، ئەگەر مۇشۇ توخۇلار يېگەن داننى سەنمۇ يېگەن
بولساڭ ، كۈنگە ئىككىنى تۇغاتتىڭ دېگىنە ، — دېدى .
قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى . دالان ئۆيدىن ئالدىراپ چىقىۋاتـ
قان چوڭ پاتى ئىختىيارسىز بۇرۇلۇپ قارىدى .
— يارايدۇ ، يارايدۇ ، بوش كەلمە ، لېتىپكا !
لېتىپ كەتكەندىن كېيىن گەپ باشقا تېمىغا يۆتكەلدى .
— پاتىدەم چىڭ ئايال جۇمۇ ، — دېدى بىر ياش بالا ، —
لېتىپكام ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالمايدۇ .
— ۋاھ ، بۇنى بىر دېمە ، پۈتۈن نەرسىنى مانا مۇنداق
تۇتىدۇ ، — قاھار تورۇق مايلاشقان يوغان قوللىرىنى چىڭ قىـ
لىپ يۇمۇپ مۇشتۇمىنى كۆرسەتتى ، — «مەدەنىي ئىنقىلاب»
لاردا پېپەن قىلغاندا «مىت» قىلىپمۇ قويمىدا ... سىياسىتىنى
ئەمەلىيلەشتۈرىدىغاندا ھېلىقى ھابلا سايىم جۇرىن بىلەن راسا
تاقىشىپ ، ئاخىرى ئۇرۇمچى ، بېيجىڭلارغىچە بېرىپ يۈرۈپ ئىشـ
لىرىنى «تارسىسدە» ھەل قىلىۋالدى . مانا ھازىر ھەممە نەرسىـ
سى تەل . كېلىپ ـ كېلىپ خەمىت بۇجاڭ بىلەن قۇدا ـ باجا
بولۇۋالدى ...
شاھ ئاbباس ئوردا ئەركانلىرى ئىچىدىكى ئايرىم پىتنىخورـ
لارنىڭ تۆھمىتى تۈپەيلىدىن ئۆز ئەھدىسىنى يىرتىپ تاشلاپ ،
غېرىبنى ياقا يۇرتلارغا پالىۋەتكەندە كۆپلىرى پادىشاھنى مەدھىيـ
لەپ غېرىبنى قارغاشقانىدى . ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ شاھ ئۆز
قارارىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇپ غېرىبنى كۈيئوغۇل قىلـ
دى . ئەنە شۇ چاغدىمۇ ھېلىقى ئوردا ئەركانلىرى شاھقا مەدھىيە
ئوقۇپ تەنتەنە بىلەن غېرىبنى تەبرىكلەشكەنىدى . بىزنىڭ خام
سۈت ئەمگەن بەندىلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان قاھار تورۇقمۇ ئەينى
يىللاردا : «ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم خالايىق ، چوڭ پاتى چەت
ئەلگە قاچماقچى بولغان ئىككى يۈرەك» دېگەن بىر ئېغىز پىكرى
بىلەن يىغىنغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ كۈرەشنى قىزىتىۋەتكەنىدى . مانا

ئەمدى ئىشلار ئوڭشالغاندا خۇدايىم ئۇنىڭ دىلىغا ئىنتايىن يېقىپ لىللا سۆزنى سۆزلەشكە باشلىدى ...
ئايالLARنىڭ ئالدى كېلىشكە باشلىغانىدى . قاھار تورۇق قا- زاندىكى ئاشقان ئاشنى يوغان ئاق جاۋۇرغا ئۇسۇپ ئۆيگە كىرگۈ- زۈۋەتكەندىن كېيىن ياغ ۋە گۇرۇچلەرنى كەمچەنلەپ كۆرۈۋاتات- تى . ماشىنىنىڭ يېنىك گۇركىرىشى بىردىنلا بېسىلىپ ، ئارقى- دىن دەرۋازا ئالدىدا بىر توپ ئاياللار پەيدا بولدى .
— پاتى ھەدە ! مېھمانلار ...
چوڭ پاتى ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ مېھمانلارنى كۆرۈشى بىلەن قىن - قىنىغا پاتماي ئۇلارنىڭ ئالدىغا پۇلاڭلاپ باردى .
— مانا - مانا ، پاتىنىڭ ئەڭ ئارزۇلۇق مېھمانلىرى ، — دېدى قاھار تورۇق كۆرگەزمىخانىدىكى قولىغا تاياق تۇتقان تونۇش- تۇرغۇچى قىزلاردەك ئالدىراپ سۆزلەپ ، — ئاۋۇ ئالدىدىكى خەنزۇ ئايال تاڭ شۇجىنىڭ ئايالى . شۇجىنىڭ ئۆزى ئاچچىقى يامان بولغىنى بىلەن مۇنۇ ئايالى چىقىشقاق ، بولىدىغان ئايال ، مىللىيلارنىڭ توي - تۆكۈنلىرىدىن قالمايدۇ . ئاۋۇ ئەت رەڭ پەلتو كىيگەن ھەجەر خانىم ، خەلق ھۆكۈمىتىدىكى ھابلا سايىم- نىڭ ئايالى ، ئېرىغا ئوخشاش زوغوي خوتۇن ، بۈگۈن توي باھانى- سى بىلەن كەپتۇ - دە . ئاۋۇ ياش چوكاننى تونۇيالمىدىم . بېرىقى قارا شىپىك دۇخاۋا كىيگىنى سېلىمەم ، ھېلىقى تەرجىمان تاھىر- نىڭ ئايالى . ئاۋۇ ئورۇق ئاق يۈزلۈك ئايال بۇلارنىڭ قۇدىسى دۇرنەم بولىدۇ . ۋاي - ۋۇي ، ھەممىسىلا كەپتىغۇ بۇلارنىڭ ...
— قاھاركا ، ھەممىسىنىلا تونۇيدىكەنسەنغۇ ؟
— ۋاھ ، نېمە دېگىنىڭ بۇ ؟ ! ئۆزىنىلا ئەمەس ، بۇ خوتۇنلار- نىڭ ئاچچىق ئۇچىيىدىكىلەردىن تارتىپ بىلىمەن دېگىنە . بۇلار دېگەن ناھىيىمىزدىكى خوتۇنلارنىڭ سەركەردىلىرى - دە ... مۇشۇلار تويغا كەلمىسە پولۇغا گۆش باسمىغاندەك ئولتۇرۇشنىڭ

قىزىقى بولمايدۇ ...

— خۇددى هارىقى يوق ئۆلتۈرۈشتەك دېگىنە، — دېدى ساماۋارنىڭ سۈيىنى يەڭگۈشلەۋاتقان ياش بالا.

— ھە ئە ... مانا، پاتىخاننىڭ كۆتكەنلىرىمۇ مۇشۇ مېھمانلار، ئەنە - ئەنە، ئاپلا! مېھمانلارنى ئۆيگە باشلايمەن دەپ چۆگۈنگە پۇتلىشىپ يىقىلغىلى تاسلا قالدى ...

— يەنە بىرى كەلدىغۇي! پاھ، نېمىدېگەن قاملاشقان چوكان بۇ؟ قارا، كۆكرەكلىرى ئېتىلىپ چىقايلا دەپتىغۇي؟

قاھار تورۇق قوللىرىنى سايۋان قىلىپ قاراپ:

— ھە ... كىچىك پاتى، لېتىپنىڭ ئاكىسى خېتىپكامنىڭ قىزى، ھېلىقى غوجى بايتالنىڭ ئايالى ئەمەسمۇ؟

— ھە، راست، بۈگۈن خېتىپكاممۇ، غوجىمۇ كەلمىدىغۇ؟ — دېدى بىرى.

ياشىراق بىر يىگىت سۆز قاتتى:

— غوجى بايتال ھازىر ئۇقەتنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتى. ئۆتكەندە غىق مەست چاپچالدا كۆردۇم. «مال ئالىمەن» دەپ ئۇچ - تۆت شىبە بىلەن كالا سودىسى قىلىپ يۈرەتتى ...

قازان بېشىدىكىلەر گەپ قىلغاچ ئايالالارنى كۈتۈۋېلىش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

* * *

— كەل، ئۇكام، كەل! — دېدى چوڭ پاتى، — ئەمدى بولسىمۇ كەپسەن، رەھمەت! (كىچىك پاتى ھويپىدە قىزاردى).

— مەن بولسامۇ كەلدىم، پاتى ھەدە!

— كەلمىسەڭ بوپتىكەن، — چوڭ پاتى كۆپتى، — خەپ، كېيىن پاراڭلىشارمىز. چاپسانراق بول، ئۇكام، قولۇڭدىكىنى

قويۇپ ماۋۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى قولۇڭغا ئال! باشتىسىنى قو-
يۇپ، سەن ماۋۇ ئاياللارنىڭ چېچىغا قارا! ئۇلار نىكاھ
ئوقۇيدۇ ...

چوڭ پاتنىڭ گېپى تۈگىمەيلا بىر بالا كىردى:

— يىگىتلەر كەپتىكەن، نىكاھغا كىرسۇنمۇ؟

— كىرسۇن، كىرسۇن! هاي نىكاھغا كەلدى ...

هويلىدىكى ئاياللار «دۇررىدە» قىلىپ ئاشخانا ئىچىگە ئۆز-لىرىنى ئېلىپ، ئىشىك - دېرىزىلەردىن بېشىنى چىقىرىپ قاراش-تى. قازان بېشىدىكىلەرمۇ يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— قېنى، كۈيئوغۇل قايسىسى؟

— ئەنە ئاۋۇ بېغىر رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن بالا.

— ۋىيەي، ئاۋۇ يېنىدىكىلىرى ئىچىۋالغانمۇ نېمە؟ پەمىـ-دۇردەك قىزىرىپ كېتىپتىغۇ؟

— قېنى يىگىتلەر، ئىشىككە يېقىن كېلىڭلار!

يىگىتلەر سەل تارتىنغاندەك شەپكىلىرىنى بۇرۇنلىرىنىڭ ئۈستىگە قوندۇرۇپ، ھجايغىنىچە يېقىنلاشتى.

— ھەي، تالادىكىلەر تىنچ! نىكاھ ئوقۇلدى.

— پاھ! — دەپ پىچىرلىدى بىر يىگىت يېنىدىكى ئاغىنى-سىنى نوقۇپ، — ئاخۇنۇمنىڭ ئاۋازى ئەجەبمۇ سازكەن، ئۈنئال-غۇغا ئېلىۋالغۇدەك ... خىرت، خىرت، خىرت (كۈلكە).

— تىنچ! تىنچ! خەپشۇك.

— نېمانداق كۈلىدۇ هوي ماۋۇ باللار؟ — پىچىرلىدى بىر ئايال.

— دېمىدىممۇ، ھەممىسى غىق مەست، قارىماسىز قىزىرى-شىپ كېتىشكىنىنى ...

ئىمام توختاپ يانغا قارىدى.

— سارەم.

— قىزنىڭ ئىسمى بۈۋىسارەمدۇر. مەھرى سەككىز يۈز



www.uyghurkitap.com

يۈەنگە تايىن تاپتى . سىز كىم ئابدۇلخەمىت ئوغلى نازىم جان ئۈشبۇ ھەقلەرگە رازى ۋاراغىپ بولۇپ ، ئىككى جاھان ھالال جۈپتىلىق سۈننەتى ئۈچۈن ئابدۇللېتىپىنىڭ قىزى بولمىش بۈۋە-سارەمنى ئۆز نىكاھىڭىزغا قوبۇل قىلدىڭىزمۇ ؟

— ئاداش ، سەككىز يۈز يۈەن بەك قىممەت ، مائاشىڭلاردىن تۇتۇپ قالمىسۇن يەنە ...

خىرت ، خىرت ، خىرت ... (كۈلكە) .

— قوبۇل قىلدىڭىزمۇ ؟ — قايتىلاپ سورىدى ئىمام .

— ھەئە !

— قوبۇل قىلدىم ، دەڭ !

— قوبۇل قىلدىم .

— ئامىن ! ! ! — ھەممە دۇئاغا قول كۆتۈردى .

— مۇبارەك بولسۇن ! ! !

— مانا ، مانا ماۋۇ نىكاھ سۈيى .

— ھەببەللى ، قويماي ئىچىۋەت !

— توختاڭلار ، مۇنۇ سۇلتانبەگكە ، توختاڭ ، كىيىۋىلىڭ ! راسا پەيزى بار شىلەپە ئىكەن . مۇبارەك بولسۇن !

* * *

كۈن غەربكە ئېگىلدى . ئۆي ئىچىگە ، پېشايۋاندىكى كىگىز-گىلەملەرگە ۋە ئالما دەرىخى ئاستىدىكى ئۈستەللەرگە جايلاشقان ئاياللارنىڭ ، بالىلارنىڭ قىيا - چىياسى ، ئۈنئالغۇدىن چىقىۋاتقان «ئانام» ناخشىسى قورۇنى بىر ئالغاندى .

چوڭ پاتى قورۇ ئىچىدە قۇيۇندەك پىرقىرايتتى . تۇرۇپلا ئۆيدىن پېشايۋانغا يۈگۈرۈپ چىقاتتى - دە ، خۇددى بىرنېمىسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك يەنە باشقا بىر ئۆيگە غۇيۇلداپ كىرىپ كېتەتتى . تۇرۇپ - تۇرۇپ خىزمەتچى ياش ئاياللارغا بۇيرۇق چۈشۈرەتتى :

— چايغا ئوبدان قاراڭلار ، كېسىلىپ كېتىسۇن لاپاتى ، چاپسانراق بولغىن ئۇكام ، بىر قولۇمنى ئىككى قىلالمايۋاتىمەن ... تىللاخان چوڭ ئانامغا تاھارەت سۈيى تەييارلاپ بەرگىنە ، — دەپ قويااتتى .

كۆز كۆنى بولغاچقا ھەش - پەش دېگۈچە كۈن ئولتۇراي دەپ قالدى . كەلگەندىن بېرى ئىككى كاپام مۇزدەك ئاشتىن باشقا ئاغزىغا ھېچ نەرسە سالمىغان كىچىك پاتى توختىماي ئىشلەۋېرىپ چارچاپ قالدى .

— مېھمانلار ، — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ، — بىرئاز تەخىر قىلىپ تۇرۇشسىلا ، ساندۇق ئاچىمىز .

بارلىق ئايال زاتى «دۇررىدە» قىلىشىپ پېشايۋان يېنىغا توپلاشتى . ساپسېرىق پىلتىلىرى پارقىراپ تۇرغان يوغان تۆگە ساندۇق كەلتۈرۈلدى . بۇ ئوغۇل تەرەپ ساندۇقى . ئۈستىدىكى يېشىل دۇخاۋا يوتقان - كۆرپىلەردىن كېيىن ئوغۇل تەرەپنىڭ ھازىرلىغان تويلۇقلىرى بىر - بىرلەپ مېھمانلارغا كۆرسىتىلىپ يەنە ساندۇققا سېلىندى .

كىچىك پاتى كىچىككىنە ئورۇندۇقنى دەسسىگىنىچە كۆز ئۈزمەي قارايتتى . تۇرۇپ - تۇرۇپ ، ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۆڭگە قاراپ قويااتتى . مانا غەرب تەرەپتىن يېنىك شامال سوقۇپ ئاسماندا بۇلۇتلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى .

ساندۇق ئاچقان جاۋۇلداق ئايال :

— ھۆرمەتلىك قۇدىلىرىمىز ، — دەپ خىتاب قىلدى ، — ئاز بولسىمۇ سىلەرگە تەييارلىغان نەرسىلىرىمىز مۇشۇ . كۆپكە تاۋا قىلىشقايلا ، يەتمىگەن يەرلىرى بولسا ، مانا قولىمىز كۆكسىمىزدە ، — ئۇ ئورۇق قوللىرىنى سوغۇلۇپ كەتكەن كۆكرەكلىرى ئۈستىگە قويۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى .

چوڭ پاتى ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ رەھمەت ئېيتتى .

— قېنى ، قىزنىڭ ساندۇقىنى ئاچايلى ئەمىسە ، كەچ بولۇپ

كەتتى ، — قىز تەرەپنىڭ يېتىم ئاقساقىلى بولغان ياش چوكان زىلەي ساندۇق ئاچتى ۋە ئوغۇل تەرەپ قۇدىلارغا قاراپ ، — پاتى ھەدەمنىڭ قىزلىرىنىڭ كەنجىسى ، ئەمدى بۇنداق توي قىلالمايمىز ، خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئوغۇللار بار ، ئاز بولسىمۇ سىلەرگە ئېچىپ كۆرسىتەي ... مۇنۇ قىزىمىزنىڭ ئۆزى ئىشلىگەن پەردە ، ياستۇق قاپ ، كىرلىك ، كىيىم ياپقۇچ قاتارلىق نەرسىلىرى ، مۇنۇ قىزنىڭ تۇركىيىنىڭ كۆڭلەكلىرى ، مۇنۇ شاڭخەي ، گۋاڭجۇدىن ئالدۇرغانلىرى ، مۇنۇ سوۋېتنىڭ كاستۇم - بۇرۇلكا ، پەلتو - شىلەپىلەر ئوغۇلغا ئالغانلىرى ، مۇنۇ ئاپىسىنىڭ قىلغانلىرى ، مۇنۇ ھەدىسىنىڭ ... مۇنۇ ...

— ئاشۇرۇۋەتكەنمۇ نېمە ؟

— شاڭخەي بازىرىنىڭ يېرىمىنىلا تەييارلاپتىغۇ ! ؟

— باي بولغاندىكىن ھەرنېمە قىلغۇسى كېلىدۇ دېگىنە ...

كىچىك پاتىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۆزىنىڭ بوسۇتىنى قويۇشقا ئالدىرايتتى .

ساندۇق ئاچقان ئايال :

— رەنجىمىسىلە ، قۇدىلار ، تەييارلىغىنىمىز غورىگۈل بولۇپ قالدى ، — دېدى .

— ۋاي ، ئۇنداق دېيىشمىسىلە ، رەھمەت ، جۇۋاپلا ...

— ئەمدى تۇغقانلارنىڭ قىز ساندۇقىغا سالىدىغانلىرى مۇنۇلاركەن . قىزنىڭ ھەدىسى گۈلسارەم بىر يوتقان تاش ، بىر جۈپ كاپىرون ياغلىق ... كىچىك ئانىسى گۈلپىرىسخاننىڭ بىر جۈپ توپلەي پايپىقى بىلەن ...

چوڭ پاتى ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتى .

كىچىك پاتى قىسىلىپ بېرىپ قولتۇقىدىكى تۈگۈننى زىلەينىڭ قولىغا بەردى . ساندۇقچى ئايال كۆل رەڭ سارجىنى ئېچىپ كۆرسەتتى .

— مېھمانلار ، — دېدى ئۇ تېخىمۇ جاراڭلىق ، — ماۋۇ بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇر كىيىملىك كۆل رەڭ سارجا بىر تۇغقاننىڭ بالىلىرى بولغان كىچىك پاتىنىڭ قىزنىڭ ساندۇقىغا سالغىنى ...

ھەممىسى پاتىغا قاراشتى ، پىچىرلاشتى ، ماختاشتى . كىچىك پاتى يەر ئاستىدىن چوڭ پاتىغا قارىدى . چوڭ پاتى ئېسىل ھېجىيىپ قويۇپ ئۆز قىياپىتىنى بۇزمىدى . رەھمەتتۇ دېمىدى ...

ئۇ ئىكەن ، بۇ ئىكەن بىلەن ، سۆزلەرمۇ تۈگەپ مېھمانلار تارقاشتى . چوڭ پاتى قازان بېشى بىلەن مېھمانلار ئارىسىدا چېپىپ يۈرۈپ ، ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا بىرەر چىنە ئاش سېلىپ بېرىپ يولغا سالدى . ئەتىكى چىللاقتا كېلىپ بېرىشكە ھەرقايسى-سىنىڭ قۇلاقلىرىغا پىچىرلايتتى . ئۇ كىچىك پاتىنى تامام ئۇنتۇ-دى . ئۇنىڭ تاماق يېگەن ـ يېمىگەنلىكىنى سوراپمۇ قويمىدى . قاچا ـ قومۇچلارنى بېسىقتۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق قىلىۋېتىپ يەنىلا مېھمانلارنى ئۇزىتىش بىلەن بولۇپ كەتتى .

— پاتى ھەدە ، مەن كېتەي ، — دېدى ئاخىرى كىچىك پاتى ئۈنلىرى تىترەپ .

— قايتامسەن ، ئۇكام ، بوپتۇ ، ئۆيۈڭ يىراق ... قونۇپ قالمامسەن ؟

— قايتاي ...— كىچىك پاتى سۇغۇرۇلۇپ دېگۈدەك يېنىپ چىقتى . ئۇ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ماڭماقتا . ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ غەرب شامىلى ئۇرماقتا . شامال ئۇنىڭ ئېتەكلىرىنى يەل-پۈلدىتەتتى . ئۇنى خورلۇق باستى : «قېنى ، رەھمىتى ، ئىللىق چىرايى ؟ ئەتىكى چىللاقتا ئېيتىش بۇ ياقتا تۇرسۇن ، ‹خېتىپ ئاكام ، گۆشنەم ھەدەملەر كېلەلمىدى ، ماۋۇ بىر كاپام ئاشقا ئېغىز تېگىپ باقسۇن ›مۇ دەپ قويمىدا ؟ غوجىنىغۇ كۆزگە ئىلمى-سۇن ، دادام ، ئاپاملارنىمۇ ؟ ... تۇۋا ... »

ئۇ قانداقتۇر بىر سېغىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە جەنۇب تە-رەپتىكى ئىلى دەرياسى بويىغا كۆز تىكتى . يىراقتىكى ئېگىز

دېلموك تېغى ، ئەۋلىيا چوققىسى كەچكى گۇگۇمدا قاپقارا تۇتەكـ
تەك كۆرۈنمەكتە . شەپكىسىنى ئوك قېشىغا باستۇرۇپ كىيىۋاـ
لىدىغان ئۇنىڭ ئىشچان ، كۆرەڭ ئېرى غوجىئەخمەد ئەنە شۇ تاغ
باغرىدىكى چاپچال يېزىلىرىدا تەرلەپ ـ پىشىپ مالچىلار ئارىسىدا
مال سودىسى قىلىپ يۈرگەندۇ؟ قېنى ، مۇشۇ تاپتا ئېرى ئۆيدە
بولسا ، ئۆز قولى بىلەن ئوخشىتىپ ئېرى ياخشى كۆرىدىغان خام
قىيما قىلىپ گۆشلۈك ئۇگرە ئاش ئېتىپ بەرسە ، قانچىلىك
هاراق ئىچسىمۇ مەيلى ...

ئۇ هازىر ئېرىنى تازىمۇ سېغىنندى . بىچارە ئەمگەكچان قېرى
دادىسىنىڭ ئەتىگەنكى رەنجىشلىرىنى ، مېھرىبان ئانىسىنىڭ
سەۋرچانلىق بىلەن بەرگەن تەسەللىلىرىنى ئەسلىدى . ئۇلار بەلـ
كىم هازىرغىچە رەنجىش ئىچىدە ئولتۇرغاندۇر ... بۇلارنى ئويلاپ
كىچىك پاتىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى ـ دە ، ئۆيگە يېقىن
قالغاندا مىشىلداپ يىغلىۋەتتى .



www.uyghurkitap.com

# مەن كىمدىن يامانلايمەن

زېمىندىكى بارلىق جانلىق ئادەم ۋە ھايۋان دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ . ھاياتلىق ئالىمىدە ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ، نەپەس ئېلىش ، ئەمگەك قىلىش ۋە كۆپىيىشلىرى ئوخشاش خاسلىققا ئىگە بولسىمۇ ، ئىنسانلاردىكى تەپەككۇر ، ئىقتىدار ، ھايا ۋە ئىد- لىم ھايۋانلاردا بولمىغاچقا ، بۇلار ئارىسىدىكى پەرق ئىنتايىن زور بولىدۇ .

ئالايلى ، دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ ، ئەڭ دانا — ئادەم ، ئەڭ پەسكەش ، ئەڭ دۆت — يەنىلا ئادەم ؛ قەھرىمان ، ئەلسۆيەر — ئادەم ، قورقۇنچاق ، ۋەتەن ساتقۇچ — يەنىلا ئادەم ؛ ئەڭ ئاق كۆڭۈل ، ئەڭ چىرايلىق ، ئەڭ پاكىز — ئادەم ، ئەڭ ھىيلىگەر ، سەت ، پاسكىنا — يەنىلا ئادەم .

بۇنداق سېلىشتۇرما پەرق ھايۋانلاردا بولمايدۇ . شۇڭا ئادەم- لەر خاتالىق ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە بۇنى كېيىن تونۇپ يېتىپ نادامەتلەر ئوقۇيدۇ . ھايۋانلار خاتالىق ئۆتكۈزمەيدۇ . تونۇپ يەت- مەيدۇ ۋە بۇنىڭغا پۇشايمانمۇ قىلمايدۇ .

مانا مۇشۇ خىل پىكىر - چۈشەنچىلەر پەيلاسوپلارنىڭ ئىن- سانشۇناسلىق تەتقىقات دائىرىسىگە كىرسىمۇ ، بۇ ھال مېنىڭ مۇشۇ كىچىككىنە نەرسىنى يېزىپ چىقىشىمغا تۈرتكە بولدى ، قىسقىسى ئىلھام بەردى .

ئوچۇق ھاۋالىق كەچ كۈز ، تېخى قار چۈشمىگەن بولسىمۇ ھاۋا خېلىلا سوغۇق ئىدى . شەھەرنىڭ قايناق كوچىلىرىنى ئايلى- نىپ يۈرەتتىم . بۇ دوقمۇشتىكى قاتار تىزىلغان ئۈستەللەردە تاۋۇز سۈيى ، ئانار شەربىتى ، تىلىنغان قوغۇن - تاۋۇزلار سېتىد-

لاتتى. تىلىپ قويۇلغان ساپسېرىق قوغۇننى كۆرۈپ تەشنالىقىم تېخىمۇ ئاشتى. قارىماسقا تىرىشىپ بىرقانچە قەدەم ئۆتۈپ كەتكەن بولساممۇ، بىراق نەپسىم پۇتلىرىمغا تورمۇز سالغاندەك توختىتىۋالدى. كەينىمگە قايتىپ، ھېلىقى قوغۇن ئىگىسىدىن سورىدىم:

— قوغۇننىڭ تىلىمى قانچە؟

كونىراق پەلتو كىيىپ، ئاغزىلىرىنى شارپا بىلەن يۆگىۋالغان سېتىقچى ماڭا «لەپپىدە» بىر قاراپ قويۇپ:

— قېنى، ئالسىلا، ئالسىلا، — دەپ بىر تىلىم قوغۇننى ئالدىمغا سۇرۇپ قويدى. بۇ ئادەمنىڭ ھاسىراپ نەپەس ئېلىشى ۋە خىرقىراق ئاۋازىدىن ئۇنىڭ زىققە كېسىلى بارلىقىنى سەزدىم.

— نەچچىدىن ساتتىڭىز؟

— ئا ... ئەپەندىم! ئالسىلا دېگەندىن كېيىن ئېلىپ يەپ باقسىلا، — دەپلا قولىدىكى ئەگرى پىچىقى بىلەن بىر تىلىم قوغۇننى كاسا قىلىپ ئالدىمغا سۇرۇپ قويدى. بىر پارچىسىنى يېدىم. قوغۇن چۈرۈك ۋە ناھايىتى تاتلىق ئىدى، — نەرخىنى سورىماي ئالىۋەرسىلە، ئەپەندىم. مېنى تونۇيالمىدىلا ـ ھە؟

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. ئۇ ئادەم شۇنداق دەپلا ئاغزىدىكى شارپىسىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ سېرىقتا مايىل يۈزلىرىگە، ئاپئاق قىسقا بۇرۇتىغا قاراپ كۆزۈمگە تونۇشتەك كۆرۈنسىمۇ ئېنىق بىرنېمە دېيەلمىدىم.

— ئۇرايىم قوغۇنچى، — دېدى ئۇ ھاسىراپ، — ئەسلىرىدىن چىقىپ قالدىمۇ؟ ئاۋۇ دەريا بويىدىكى جىرغىلاڭ گۇڭشېغا كادىر بولۇپ چۈشكەنلىرى ... ھېلىقى راخماق دۈيجاڭ بولغان شۇ دۈيدىكى ئۇرايىم قوغۇنچى ... ئەسلىرىدە باردۇ؟

قاراڭغۇ تۈندە تۇيۇقسىز چاقماق چاققاندەك «لەپپىدە» ئېسىمگە كەلدى. قايتىدىن سالاملىشىپ كۆرۈشتۇق. بىر خىل خىجىللىق ئىچىدە ئۇ ئادەم سۇرۇپ قويغان ئورۇندۇققا ئولتۇردۇم. ئۇ بۇنىڭدىن ئوتتۇز ئۈچ يىل بۇرۇنقى ۋەقە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*　　　*　　　*

1970 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن تارتىپ ، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ جەڭگىۋار ، دەھشەتلىك بىر سەھىپىسى بولغان «كۆرەش قىلىش ، پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىش» (دوپپىگەي ) ، يەنى ئوچۇقراق ئېيتقاندا ، سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش ھەرىكىتى باشلىنىش بىلەن خىزمەت ئەترەتلىرى تۈركۈملەپ بويىچە يېزا ، ئاساسىي قاتلام ، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرگە چۈشۈپ كۆرەشنى قىزىتىۋەتتى . ھەرىكەت شۇنداق دەھشەتلىك ئېلىپ بېرىلدىكى ، قاتتىق ئۇرۇپ قىيناپ ئۆلتۈرۈشتىن سىرت ، قورقۇپ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغانلار ھەرقايسى ئورۇنلاردا بىر ـ ئىككىدىن بولۇپ تۇراتتى .

بىزنىڭ چۈشكەن نۇقتىمىز — شەھەر مەركىزىدىن توققۇز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر يېزا بولۇپ ، ئۇ ئىلى دەريا ئېقىنىدىغا جايلاشقان مەنزىرىسى گۈزەل ، يەرلىرى مۇنبەت ئىدى . مەن ئىككىنچى ئەترەتكە مەسئۇل بولۇپ ، ئۈچ كىشى بىلەن چۈشتۈم .

— بۇ دۇينىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن مۇرەككەپ ، — دەپ تونۇشتۇرغانىدى شۇ يەرلىك كادىر ، — بۇ پۈتۈنلەي جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئۇۋىسى .

ئەتىسىدىن باشلاپ «كەمبەغەللەردىن ھال سوراپ ، يىلتىز تارتىپ ئالاقە باغلاش» دەيدىغان بىر خىل تېرمىن ئاتالغۇ بويىچە ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ كۆرگىنىمىزدە بۇ جاينىڭ مۇرەككەپلىكى شۇنىڭدىن كۆرۈلدىكى ، بۇ دۇينىڭ ئادەملىرى ھەر يەر ، ھەر يەرلەردىن كەلگەن بولۇپ ، كۆپرەكى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىدى . بۇلاردىن سىرت ، يۇقىرىسى ئۆلكە مەركىزىدىن ، ئوبلاستتىن ۋە شەھەردىكى بەزى ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردىن ئەينى چاغدا «ئوڭچىل قالپىقى» ، «سىنىپىي يات ئۇنسۇر» قاتارلىق قالپاق كىيدۈرۈلگەن خېلى ئىناۋەتلىك كادىرلار ئائىلىسى ئولتۇ-

راقلاشقانىكەن . ئۇلار مول خىزمەت تەجرىبىسىگە ۋە يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، خۇيزۇ كادىرلىرى بولۇپ ، بۇلاردىن سىرت يەنە رۇسلارمۇ بار ئىدى . ئەترەت باشلىقى يېشى ئەللىكلەرگە تاقاشقان ، ئۆز ئىسمىنىمۇ يازالمايدىغان ئېگىز گەۋ-دىلىك ، كۆزلىرى بۇركۇتنىڭ كۆزلىرىدەك راخماقباي دېگەن ئادەم ئىدى . بۇ ئادەم كەم سۆز بولغانلىقتىن ھەممىسلا ئۇنىڭدىن ھېيىقاتتى . ئۇنىڭ ئىسمى راخمانمۇ ياكى رەخمەتمۇ بونىسى نامە-لۇم . راسا ئاچچىقى كەلگەندە قوللىرى تىترەپ كېتەتتى . ئۇ شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ دائىمى ھەيئەت ئەزاسى ، گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولسىمۇ ، دا-ۋاملىق ئىش ئورنى مۇشۇ ئەترەت ئىدى . ئالدىنقى يىلى ئۇ مەملىكەت بويىچە ئۇلگە بولغان داجەي يېزىسىغا ئېكسكۇرسىيىگە بېرىپ كەلگەن . بىز جەڭ مەيدانىغا دەبدەبىلىك ھالدا كىرىپ «جەڭ» سىگنالنى ياڭراتقان بولساقمۇ ، بىزنىڭ ئەترەتتىن بىرمۇ «ئەكسىلئىنقىلابچى» چىقمىدى . باشقا ئەترەتلەردە كۇرەش راسا قىزىپ ، باغلاش ، ئېسىپ قويۇشتەك ئىشلار بولۇپ تۇراتتى . بىز بولساق بىر تالمۇ شىرالغۇ ئاتالمىغان ئۇۋچىدەك قۇرۇق قول بويىنىمىزنى قىسىپ قالدۇق . باش ئەترەت : «سىلەر سىنىپىي كۇرەشنىڭ قاپقىقىنى ئاچالمىدىڭلار» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى .

ئايرىم سۆھبەتلەردە ھەممىسلا راخماقباينىڭ ئۇستىدىن نا-رازىلىقىنى ئېيتسىمۇ ، كەچتىكى ئەزالارنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا ھېچكىم چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلمەيدۇ . بىز ماتېرىيال ، ھۆج-جەتلەرنى ئوقۇپ ئۇلارنى كۇرەشكە رىغبەتلەندۇرسەك ، راخ-ماقباي :

— كادىر ئەپەندىم ! ئەمدى پىكىر بولمىسا ماۋۇ ئىشلەپچىقى-رىش توغرىسىدا سۆزلەشسەك قانداق ؟ — دەپ قويۇپلا ئۆزىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كېتەتتى . قىسقىسى ، بىزنى كۆزگە ئىلمايتتى .

بىز بولساق نارازىلىق قىلاتتۇق .

— رۇخسەت بولسا ، — دېدى ئارقا تەرەپتىن بىرەيلەن ، — يۇقىرىدا كادىر ئەپەندىمۇ ، دۈيجاڭمۇ ئوبدان گەپلەرنى قىلدى ، مەن ئىككى ئېغىز سۆزلەپ قوياي ...

كىچىككىنە لامپا ئۈستەل ئۈستىنى خىرە يورۇتاتتى . يىغان مەجلىسخانىغا لىق ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ يۈزىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى . مەن خاتىرە دەپتەرنى ئېچىپ سورىدىم :

— بۇ كىم ؟

— ئۇرايىم قوغۇنچى ، — دېدى راخماق . مەن دەپتەرگە «ئىبراھىم قوغۇنچى» دەپ تىركەپ قويدۇم . ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى :

— ئەزالارنى ئىشلىمەمدىكىن دېسەك ، ئىشنىڭ ئېغىرى نەدە بولسا دېھقان شۇ يەردە . كۆزىمىز كۆرۈۋاتىدۇ ، كىچە ـ كۈندۈز ئۆستەڭ چېپىۋاتقان ، يەرگە ئىشلەۋاتقان ... يىل ئاخىرىدا قولىغا ئون تىيىن پۇل تەگمەكتە يوق ، كېكىردەككىچە قەرز ... مېنىڭچە ، يالغۇز بۇغداي ـ قوناق بىلەنلا ئىش تاڭ ئاتمايدۇ ، يولداشلار ! مەن دۈيجاڭلارغا نەچچە قېتىم ئېيتقان ، ئاشۇ دەريا ياقىسىدىكى بوزلۇقتا قوغۇن تېرىغان بولساق ئالامەت بولاتتى ... مانا مەن قوغۇنچى ، تېگىم پەيزاۋاتلىق . مەن دۈي رەھبەرلىرىگە نەچچە قېتىم دېدىم ، مەن «پەقەت بىر يىل قوغۇن تېرىپ باقاي ، قانچىلىك كىرىم دېسەڭلار مانا مەن ئىگە» دېسەم قۇلاق سالىدىغان ئادەم يوق ...

— بۇنىڭ ھەر قېتىم دەيدىغان گېپى مۇشۇ ، — دېدى يېنىمدىكى مۇئاۋىن دۈيجاڭ .

بىرئازدىن كېيىن راخماق سۆز ئالدى :

— ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشى «سوقۇشقا كىرىسەڭمۇ تەييارلىق قىلىپ كىر !» دەپ تەلىم بەرگەن . مانا ھازىر تېرىلغۇ باشلىناي دەۋاتىدۇ . بىزدە تېرىلغۇغا تەييارلىق بولۇش كېرەك .

ئۇرۇققا قېنى پۇل؟ سوقا ـ سايمان رېمونتىغا قېنى پۇل؟ سۇ ھەققىگە قېنى پۇل؟ ھەممىسىگىلا پۇل! پۇل! پۇل كېرەك. بۇ پۇللار قېنى؟ بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى ھەرقايسىڭنىڭ شىللىسىدە! ئەمدى يۈز ـ خاتىر قىلمايمىز جۇما! قەرزدارلارغا دەپ قوياي، نېمەڭنى ساتساڭ سات ... ھە، قايسىڭ ئۇ كەينىدە ئولتۇرۇپ غودۇڭشۇۋاتقان؟

يىغىن زالى جىمجىتلىققا چۆمدى.

— يۈيۈقسىز قالغان ئۆلۈكتەك غودۇڭشىيسەنغۇ؟ يەڭ دېسە خۇددى ئېشەكنىڭ ...— ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. كىمدۇر بىرى «پىخ» قىلىپ كۈلۈۋەتتى، — ئەمدى تۆلەيدىغان ۋاقتىدا ھۆرۈ ـ پۆرۈ قىلىشما! ھەيئەتلەر مۇزاكىرە قىلدۇق. قەرز يىغىشقا پاشاخان ئاچام مەسئۇل.

راخماق سۆزىنى تۈگىتىپ ئورنىغا ئولتۇردى.

يېشى ئەللىكلەردىن ئاشقان، يۈز ـ كۆزلىرىنى قورۇق باسقان بولسىمۇ، ئىشتا، گەپ ـ سۆزدە خۇددى ئەرلەردەك لاقاسلاپ يۈرىدىغان بۇ ئايالنى چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىلا «پاشاخان ھەدە» دەپ ئاتايتتى. ئۆمرىدە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بۇ خوتۇن ئەرلەردەك تاماكا چېكەتتى، گەپ ـ سۆزدە ھېچكىمدىن قالمايتتى. مەيلى ئەر ـ خوتۇن ئارا بولسۇن ياكى قوشنا ـ قولۇملار ئارا بولسۇن، جېدەل ـ ماجىرا بولۇپ قالسا ۋارقىراپ تىللاپ يۈرۈپ ئىشنى پۈتتۈرەتتى. ئۇ سۆز ئالدى:

— بۇ ئىشنى كۆپ ئويلاشتۇق، كۆپچىلىك، «دۆيگە قەرزدارمۇ؟» دېسەك، ھەممىمىز دېگۈدەك قەرزدار. بىراق مۇنۇ بەش قول ئوخشاشمىغاندەك، ھەرقايسىمىزنىڭ ئەھۋالى ئوخشاشمايدۇ. ئەگەر چىن كۆڭلىمىزدىن «بوپتىلا، بىزنىڭ نان يەيدىغان يېرىمىز مۇشۇ دۆي ئىكەنغۇ، بىر ئامال قىلىپ تۆلىۋېتەي» دېسەك، بەزىلەر تۆلىۋېتەلەيدۇ، — ئۇنىڭ ئاۋازى خىرىلداپ چىقاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستەل ئالدىدىكى بوشلۇققا كەلدى، —

ھەي ، يولۋاس ! ماڭا قارا ، بالىلىرىڭ ئىشقا يارىماي قالدى ، قوتان-
دىكى ئىككى قويۇڭنىڭ بىرىنى ساتىسەن ! توختا كىيىمنى
بۆلمە ! سات دېگەندىن كېيىن ساتىسەن ! ھەي ، قادى مەنىڭ
«پۇلۇم يوق ، پۇلۇم يوق» دەيسەن . ئۆتكەندە بازاردىن گىلەم
ئاپسەنغۇ ؟

— گىلەم ئەمەس ، كونا پالاس .

— مەيلى نېمە بولسىمۇ ، پۇلۇڭ بولمىسا دۇئاغا بېرەمدۇ ؟
بوينىڭغىچە قەرز تۇرۇپ ، گىلەم ئېلىشنى كىم قويدى ساڭا ؟
ئەجەب نەشە ئالساڭ پۇلۇڭ بار ... سەنمۇ ساتىسەن ! ئەمدى مۇنۇ
تۇردى ۋەيران ... بۇنىڭ راستتىنلا ئامالى يوق ، كۆپچىلىك !
يېقىندا ئايالى تۇغۇپتىكەن ، بىچارىگە بىر تال باش - سىراقمۇ
پىشۇرۇپ بېرەلمىدى ئەمەسمۇ ؟ ھاشىم ، خوتۇنۇڭنىڭ كىيىم
تىكىش ماشىنىسى بار . بۇنى بىلىمىز ...

ئۇ ئاشۇنداق ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بولغاندىن كې-
يىن :

— يۇقىرىدا دۇيجاڭ ئېيتقاندەك ، ھەممىڭ مۇشۇ دۇيدىن
يەپ - ئىچىپ گەجگەڭگە ئارتىلغان قەرز ماۋۇ ! ئۇنداق بولغاندى-
كىن تولا تىلىڭنى چايناپ ھاماچاڭغا ئەركىلىگەندەك ئەركىلى-
مەستىن نەق پۇلنى ئىككى كۈنگىچە تەييار قىلىش ، ئەمدى يۈز-
خاتىر يوق ، — دەپ كېسىپ ئېيتتى .

ئەزالار غودۇڭشىغىنىچە يىغىندىن تارقاشتى . قاراڭغۇلۇق
ئىچىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ «ئۆلمەن دېسە بىرنېمە دېگەندەك
گەپ بولدى - دە» دېگەن گېپىنى ئېنىق ئاڭلاپ قالدىم . دۇي
ھەيئەتلىرى قېپقالدى . قەرز قايتۇرۇش رەسمىي بېكىتىلگەندىن
كېيىن راخماقباي :

— مېنىڭچە ، ئاشۇ دەريا ياقىسىدىكى ئون سەككىز مو
بوزلۇقنى مۇشۇ ئۇرايىم قوغۇنچىغا بەرسەك بېرەيلى . ھەر يىلى
مۇشۇنداق دەپ قۇلىقىمىزنى ئاغرىتىدۇ . ئۆتكەندە بىز ئۇنى «ھا-

يانكەشلىك قىلدى» دەپ تەنقىد قىلدۇق. ھازىر خېلى تۈزىلىپ قالدى ... ئەمىسە مۇشۇنداق بېكىتتۇق.

خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلاندى. بىر كۈنى كەچكى يىغىندىن كېيىن ھەيئەتلەر يىغىنىدا ئەھۋالنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، دۈيىمىزدە تېخى سىنىپىي كۈرەش قايىنقى ئېچىلمىغانلىقىنى، بىزدىن بىرەرمۇ ئەكسىلئىنقىلابچى چىقمىغانلىقىنى ئېيتىپ بولۇشۇمغىلا راخماقباي گەپنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى:

— ئەپەندىم، ھە دېسىلا «ئەكسىلئىنقىلابچى» دەيدىكەنلا، ئەكسىلئىنقىلابچى دېگەن ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ھۆكۈمەتنىڭ تەييار مائاشىنى يەۋاتقان كادىردىن چىقماي، ئايدالادا يالاڭ ئاياغ كەتمەن چېپىۋاتقان دېھقاندىن چىقامدۇ؟ ماۋ جۇشىمۇ: «سوقۇشقا تەييارلىق قىلىپ، ئاشلىقنى كۆپرەك ئېلىڭلار» دەۋاتامدۇ؟ ماڭا قارىسىلا، مۇبادا سوقۇش بولۇپ قالسا شۇ ئۇرۇشقىمۇ نان كېرەك. نان نەدىن كېلىدۇ؟ مانا ناننى بىز تاپىمىز. گەپنىڭ پوسكاللىسىغا كەلسەك، «مۇنۇ ئىشلەپچىقىرىشنى قانداق قىلدىمىز؟» دەيمىز ئەمەسما!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا «بولدى» دېگەندەك قىلىپ ئورنىدىن تۇردى. مەجلىس تارقالدى.

مانا، ماڭىمۇ پۇرسەت كەلدى. راخماقباينىڭ مۇشۇ گېپىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىۋېتەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە مۇشۇ گەپنى كۆتۈرۈپ خىزمەت ئەترىتىگە كەلدىم.

— «بۇ دۈينىڭ سىنىپىي كۈرەش قايىنقى ئېچىلمىدى» دەپ مېنى ئەيىبلەيسىلەر. مانا راخماق دۈيجاڭنىڭ ھەرىكەتكە تۇتۇۋاتقان پوزىتسىيىسى، دەپ راسا پرىنسىپقا كۆتۈردۈم. گېپىم تارازا باسقان چېغى، رەھبەرلىك قاتتىق ئويلىشىپ ئاخىرى راخماق ئۈستىدىن يۇزتۇرانە پاش قىلىشقا قوشۇلدى.

— بىراق ، مۇنداق بىر ئىش بار ، — دېدى گوڭشې ئىنقىلا-
بىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ساتتار ، — ئۇنىڭ ئىككى
كۈندىن كېيىن شەھەر بويىچە «ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنى-
نىش ئاكتىپلار » يىغىنى ئېچىلىدىكەن . راخماقمۇ ئاكتىپ بولۇپ
سايلانغان . ئۇنىڭغا ئالاھىدە تەكلىپ كەپتۇ . بولمىسا ، يىغىندىن
كېيىن ئاچساق قانداق ؟
مەن قارشى چىقتىم :
— ئىنقىلاب مېھماندارچىلىق ئەمەس ، كەشتە تىكىش ، ماقا-
لە يېزىشمۇ ئەمەس . ئىنقىلاب — زوراۋانلىق ھەرىكەت ...
ئاخىرى راخماقنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتمەي ئەزالار ئارىسىدا
يۈزتۇرانە پاش قىلىش قارار قىلىندى . مەن غالىبلارچە «ئالتۇن
قۇياش قارلىق تاغدىن كۆتۈرۈلدى» دېگەن ناخشىغا غىڭشىپ
ئۆيگە قايتىپ كەلدىم . ھەممە ئەزالار جىددىي ئەمگەككە كىرىشىپ
كەتكەنىدى . ئۇستىگە ئاق ماتادىن كۆڭلەك ، تامبال كىيىپ يالاڭ
پۇتىغا كونا كالاچنى سۆرۈۋالغان ئىبراھىم قوغۇنچى مورىسىگە
يوغان كەتمەننى ئېلىپ ، دۆي تەرىپىدىن نازارەتتە ئىشلىتىشكە
بەرگەن تۆت نەپەر «قالپىقى» بار بۇزۇق ئۇنسۇر ، سىنىپىي يات
ئۇنسۇرلارنى باشلاپ خۇشال ھالدا قوغۇنلۇققا كېتىپ باراتتى .
يېشى قىرىقلاردىن ھالقىغان بۇ ئادەمنىڭ بەدىنىدىن كۈچ -
قۇۋۋەت تېمىپ تۇراتتى .
كەچقۇرۇن ئادەتتىكىدەك ئەزالار چوڭ يىغىنى ئېچىلدى .
دەسلەپتە نۆۋەتتىكى سىنىپىي كۈرەش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ دۆلەت-
مىزدىكى ئىنكاسىنى بايان قىلدىم . ئەزالار خۇشياقمىغاندەك جىم
ئولتۇراتتى . سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا :
— دېمەك ، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى سىنىپىي كۈرەش قاپقىنىنى
ئېچىشىمىزغا توسالغۇ بولغان ئامىل قايسى ؟ بىر ئېغىز سۆز
بىلەن ئېيتقاندا ، بىزگە كىلىۋاتقان ئەڭ چوڭ تەتۈر شامال —
راخماق دۆيجاڭ ، — دېيىشىم بىلەن ، ئەزالار خۇددى يىغىن

مەيداندا بومبا پارتلىغاندەك چۆچۈپ كەتتى .

— ھازىردىن باشلاپ راخماقباي ئۈستىدىن پاش قىلىش باشلىنىدۇ . راخماقباي ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ پىكىرلىرىگە بىر-بىرلەپ جاۋاب بېرىدۇ . بىزدە ھېچقانداق ئەندىشە بولماسلىقى كېرەك . خۇددى ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشى ئېيتقاندەك : «قىيما-چىيما قىلىشتىن قورقمىغان خاننى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرەلەيدۇ» . بىزدە مۇشۇنداق جەسۇرانە ئىرادە بولۇشى كېرەك ، بىزگە پارتىيە ئىگە ، خىزمەت گۇرۇپپىسى ئىگە .

يىغىن ئەھلى خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك جانلىنىپ كەتتى .

— يەنە بىر گەپ ، — دېدىم ، — تۆۋەندە ئىككى تۈرلۈك مەسىلىنى ئېلان قىلىمەن ، بىرىنچىسى ، ئەتە شەھەردە ئېچىلىدىغان يىغىنغا راخماق دۈيجاڭنى قاتناشتۇرماسلىقنى قارار قىلدۇق ؛ ئىككىنچىسى ، ھازىردىن باشلاپ راخماقباينىڭ دۈيدىكى خىزمىتىنى مۇئاۋىن دۈيجاڭ ئىسلامئاخۇن ئىشلەيدۇ . راخماقباي ئۆز مەسىلىسىنى ئويلىشىدۇ .

تاراسلاپ چېلىنغان ئالقىش چاۋاكلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتتىم ، كىمدۇر بىرى «سىنىپىي كۈرەشنى ئۇنتۇپ قالمايلى» دەپ شوئار توۋلىۋەتتى . راخماقباي تاتىرىپ كەتتى .

شۇ كۈنكى يىغىن يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى . ھېچكىم ھېچكىمگە سۆز بېرەر ئەمەس ، ھەممە ئىچىدىكى دەرد-ئەلەملىرىنى تۆكەتتى . كىملەردۇر يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى . يىغىننى ئاران توختاتتۇق . سۆزلەيمەن دەيدىغانلار تېخى نۇرغۇن . ئەزالار تارقىلىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى . مەن ھويلىغا چىقتىم . تولۇن ئاي غەربكە قىيسايغان . راخماقباي يېنىمغا كېلىپ :

— ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ پىكىرلىرى توغرا ، — دېدى ئۇ تولىمۇ مىسكىن ئاۋازدا ، قەغەزگە موخوركا سېلىپ يۆگىمەكچى بولاتتى ، بىراق قوللىرى تىترەپ تاماكىسى يەرگە تۆكۈلەت-

تى ، — قانداق ، ئويلىشىپ جاۋاب بېرەمدىم ؟ — ئۇنىڭ پۈتۈن ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلغانىدى .

— سىز دېگەن پارتىيە ئەزاسى . ئاممىنىڭ پىكىرلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ ، ئەستايىدىل ئاڭلاپ ، ئاندىن جاۋاب بەرسىڭىزچۇ بولىدىغۇ ؟ كۆپچىلىك بولغاندىكىن ھەر خىل پىكىرلەر چۈشىدۇ ـ دە !

— باشقىسىمۇ مەيلى . ھېلىقى : «ئىززەتخان تۇغىدىغان ۋاقتىدا دۇيدىن پۇل بەرمەي ، قىيىن تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتتى» دەپ ماڭا ئارتىپ قويغىنىنى ئىدىيەم زادى قوبۇل قىلالمايدۇ ، — دېدى ئۇ . ئۇنىڭ كۆز چانىقىدىكى بىر تامچە ياش ئاي نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى .

شۇنىڭدىن باشلاپ ئەزالار ئەتىگەن ئىشقا كەتسە ، كەچقۇرۇن قايتىپ تامىقىنى يەپلا يىغىن زالىغا دۈكۈرلەپ كېلىشىدىغان بولدى . پاش قىلىش ، دەرد تۆكۈش باشلىنىپ كېتەتتى . بۇرۇن گىدىيىپ ، تاقىلداپ ماڭىدىغان راخماقباي ھازىر شىپىلداپ ئۇششاق چامداپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى .

تۇنۇگۈن كىشىلەردىن ئاڭلىسام ئىبراھىم قوغۇنچى كىشىلەرگە : «مانا راخماقباي يۇرتداشلىقتا ياردى . قوغۇنلۇق ئەمدى ماڭا ئۆتتى . خۇدايىم بۇيرۇسا ، شۇنداق بىر ئىشلەپ بېقىشىمنى كۆرسىتەي ، قوغۇنلار راسا پىشىپ يېتىلسۇن . شۇ چاغدا گۈڭشى ، دادۈي باشلىقلىرىنى چاقىرىپ راسا مېھمان قىلىمەن . ئۇلار ئۇخشىغان قوغۇنلارنى تېتىپ كۆرۈپ : ‹مۇنداقمۇ ھۈنەر باركەندە ! › دەپ مېنى ماختىشىدۇ . ئەنە شۇ چاغدا مەن : ‹قانداق؟ ئۇرايىم قوغۇنچىنىڭ بېقىشىنى كۆردۈڭلارمۇ ؟ ئەمدى مۇنۇ تالاشقان قوغۇنلۇقۇڭنى ئاناڭغا بەرگىن › دەپ تاشلاپ چىقىمەن» دەپتۇ . مەن بۇ گەپلەرنى ئۆزۈمچە مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرسام ، بىر ئاكتىپ ئەزا مېنى ئىزدەپ كېلىپ ئەھۋال ئىنكاس قىلدى :

— ھازىر ئەزالار بەك خۇشال ، ئۇلاردا ھېچقانداق غەم ـ

ئەندىشىمۇ يوق . بۈگۈن ماۋۇ ئۈرايىم قوغۇنچى بىرقانچىمىزغا : «سىلەر ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتمەڭلار ، راخماقباي مەزمۇت بىر تاغ . ئۇنى ئاغدۇرۇش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس ، ئۇنداق كالتە چاپان كادىرنىڭ گېپى بىر تىيىن . ئۈستىدىن يۇقىرىغا ئەرز قىلىمەن» دېگەنىدى . شۇ گەپنى سىزگە يەتكۈزۈپ قويغىلى كەلـ-دىم . قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇرۇپ كەتتى . شۇنداق بولسىمۇ ، ئالدىرىماستىن :

— مۇشۇ گەپلەرنى يۈزتۇرانە پاش قىلالامسىز ؟ — دەپ سورىدىم .

— ئەلۋەتتە ، — دېدى ئۇ ، — بىزمۇ «خان»نى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرەلەيمىز ـ دە . ئۇ بۇنىڭدىن تانالمايدۇ . بۇ گەپنى قىلغان يەردە هوشۇر پوقاق بىلەن غوپۇرجانمۇ بار .

دەرهال ئىككى خەلق ئەسكىرىنى چاقىرىپ كېلىپ ئورۇن-لاشتۇرۇش ئېلىپ باردۇق . يىغىن باشلىنىپ راسا ئەۋجىگە چىق-قاندا هېلىقى ئاكتىپ ئەزا ئىبراهىم قوغۇنچىنىڭ هېلىقى گېپىد-نى پاش قىلدى ، ئىككى نەپەر گۇۋاهچى گۇۋاهلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن :

— ئىبراهىم ، ئوتتۇرىغا چىق ! — دەپ ۋارقىرىشىم بىلەنلا هېلىقى ئىككى خەلق ئەسكىرى سەكرەپ قوپۇپ ، قوغۇنچىنىڭ گەجگىسىدىن تارتىپ ئوتتۇرىغا ئاچىقتى . «پالتا كۆتۈرگۈچە كۆ-تەك دەم ئاپتۇ» دېگەندەك ، راخماق ئۈستىدىكى پاش قىلىش ئەمدى قوغۇنچىنىڭ بېشىغا كەلدى . ئۇ پاكىتلار ئالدىدا ئىقرار قىلىپ : «قانداق قىلىمىز ؟ ئىنسانچىلىق ، تىل دېگەننىڭ سۆڭەـ-كى يوقكەن» دەپ بېزىرىپلا تۇردى . ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە مۇئاۋىن دۈيجاڭ :

— بۈگۈندىن باشلاپ ئۈرايىم قوغۇنچى ئەزالار بىلەن بىر-لىكتە شاللىقتا ئىشلەيدۇ . قوغۇنلۇقنى بەكراخۇنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ ، — دەپ ئېلان قىلدى . ئەزالار چاۋاك چالدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

مەن تاتلىق قوغۇننى يېگەچ يۇقارقى ئىشلارنى ئەسلەپ چىقى-تىم. ئويلىغانسېرى ئۆزۈمنى تولىمۇ خىجالەتچىلىكتە ھېس قىل-دىم. بىزنىڭ راسا ئەخمەق مەزگىلىمىزمۇ ياكى شۇ ۋاقىتتىكى تەربىيە شۇنداقمۇ؟ بۇنى بىر تەرەپلىمە قاراشقا بولمايتتى. كەمبە-غەل دېھقانلارغا تايىنىش، ئاممىۋى يولدا مېڭىش شۇ چاغنىڭ ئاساسلىق شوئارى ۋە مىزانى ئىدى.

— قېنى، ماۋۇنى يەپ باقسىلا، — دەپ يەنە بىر تىلىم قوغۇننى كاسا قىلىپ ئالدىمغا سۇرۇپ قويۇپ سۆزلەپ كەتتى ئىبراھىم قوغۇنچى، — خەۋەرلىرى بار، شۇ چاغدا قوغۇنلۇقنى بەكراخۇنغا بېرىۋەتتى. «ئاپلا» دەپ تولىمۇ پۇشايمان قىلدىم. قولۇم ئىشقا بارماي ئانچە - مۇنچە ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈم. قىش كىرگەندە ئاكامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كېلىپ يۈرىكى چۇشۇپ كەتتىم. تۇغقانلار قويۇپ بەرمەستىن بىر يىل تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭغىچە راخماقبايمۇ قايتىدىن دۈيجاڭ بولدى. شەھەردىكى سىد-فەن مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئوغلۇم ئوقۇشنى تۈگىتىپ شەھەرگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. كېيىن ئۇنىمىغانغا ئۇنىماي ئاپىسى ئىك-كىمىزنى شەھەرگە ئەكىلىۋالدى. نوپۇسىمىز يېزىدا قېلىۋەردى. شۇنداق قىلىپ خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. يەرلەرنى شەخسلەر-گە كۆتۈرە بەرگەندە بىزگىمۇ ئون نەچچە مو يەر تەگكەنىكەن. بۇ يەرنى ھېلىقى بوزدىكى قوغۇنلۇققا تېگىشىۋېلىپ «مانا ئەمدى-سە» دەپ راسا ئىشلەپ كەتتىم. ئازراق يەرگە ئوزۇقلۇق ئاش-لىق، كۆكتات تېرىپ، قالغىنىغا قوغۇن تېرىدىم. قىشىچە شە-ھەردە قوغۇن ساتىمەن، باللار خىزمەتتە، كۈنىمىز يامان ئە-مەس. ھە راست، ئۈچ - تۆت يىل ئىلگىرى راخماقباي تۈگەپ كەتتى. مانا ئۆلمىسەكلا دىدار كۆرۈشىدىكەنمىز. بىرنەچچە يىل بولدى. مۇشۇ زىققە دېگەن كېسەل مېنى سەل قىيناپ قويىدى.

بولمىسىغۇ ، تېنىم ساق ، خۇدايىم بۇيرۇسا ، مانا سەكسەننىڭ قارىسىنى ئالدۇق . ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى دېسىلە ، ئەمدى كىمدىن يامانلايمىز ؟

قايتماقچى بولۇپ خوشلىشىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم .

— مۇنۇنىڭغا بالىلار ئىچىز تېگىپ باقسۇن ، — دەپ يوغان بىر قوغۇننى تۇتقۇزۇپ قويدى ئىبراھىم قوغۇنچى . پۇل بەرسەم مۇتلەق ئۇنىمىدى . تولىمۇ خىجالەتچىلىكتە رەھمەت ئېيتىپ قايتتىم .

شۇنىڭدىن كېيىن ئايلىنىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندىلا باشقا ياققا بۇرۇلۇپ كېتىمەن .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مەخسۇم

— مەخسۇمكا ! ئۇنىمۇ دېدۇق ، بۇنىمۇ دېدۇق ، زادى بىر ئەرگە نەچچە خوتۇن راۋا ؟

— بۇ ھەقتە جانابىي روسۇلۇللا ھەدىس شەرفتە مۇنداق قەيت قىلغان : «ئەل نىكاھۇ سۇننەتى فەمەل رەغىيبە ، ئەل سۇننەتى فەلەيسە مىننە» .

— بۇنىڭ مەنىسى ؟

— بۇنىڭ مەنىسى : «بەس ! نىكاھلاپ ئېلىڭلار خاتۇنلارنى ، بىرنى ، ئىككىنى ، ئۈچنى ۋە تۆتنى» دېمەكتۇر . شۇنىڭغا قارىغاندا ، بىر ئەرگە تۆت خوتۇن جايىز[1] .

سورۇندىكىلەر قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى . ئۇلار مەخسۇمنىڭ پاساھەتلىك سۆزلىرىدىن مەمنۇن بولۇشتى .

— قېنى ، مەخسۇمكا ، ئىچىۋېتىڭا ...

مەخسۇم قىزلارنىڭكىدەك قاپقارا ، ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى كۆتۈرۈپ ، ئىشىك تەرەپكە «لاپ» ئېتىپ قاراپ قويۇپ ، ئەينەك رومكىغا لىق تولدۇرۇلغان ئاق ھاراقنى بىر يوللا ئىچىۋەتتى . غوزەك مۇچقا ئارىلاشتۇرۇپ قورۇلغان توخۇ گۆشىدىن بىر پارچىنى ئاغزىغا سالغاندىن كېيىن ، چىرايلىق باغلانغان قارا گالىستۇكىنى تۈزەپ قويدى .

— چاتاق يوق ، — دېدى ئۇلپەتلەردىن بىرى چاقچاق قىلىپ ، — مەخسۇمكام ئىدارىگە كەلسە ئوقۇمۇشلۇق پېشقەدەم كادىر ، يۇرت - جامائەت ئىچىگە كىرسە مۆتىۋەر ، مەسچىتكە

---

[1] مەخسۇم دىننى بىلىمدە چالا بولغانلىقتىن ئايەتنى خاتا تەپسىر قىلغان .

كىرسە ئىمام ...

— ئاشخانىغا كىرسە هاراقكەش .

— چىرايلىق چوكانلارنى كۆرسە پاھىشىۋاز .

قاتتىق پارتلاپ چىققان كۇلكە ساداسى ئاشخانىنىڭ ئىسلاشقان تورۇسلىرىغا تېگىپ ئەكس سادا قايتۇردى . ئەتراپتىكى ئۈستەللەردە تاماق يەپ ئولتۇرغانلار بويۇنلىرىنى تولغاپ بۇلار تەرەپكە قاراشتى .

— مەخسۇمكامنى ئۆتكەن يىلى بىزنىڭ مەھەللە مەسچىتىگە مەزىن قىلىپ سايلىغاندۇق ، — دېدى يەنە بىرى چاقچاق قىلىپ ، — كېيىن پىۋا ئىچىپ قويۇپ مەزىنلىكتىن چۈشۈرۈۋەتتۇق .

يەنە بىر قەپەس كۇلكە .

ئۇلپەتلەر بەش كىشى بولۇپ ، هاراق قۇيۇۋاتقان ساقىي يېنىدىكى ياش ئۇلپىتىنىڭ قۇلىقىغا مەخسۇمنىڭ تەرىپىنى قىلىپ پىچىرلىدى :

— مەخسۇمكام شەھىرىمىزدىكى چوڭ ئىدارىلەرنىڭ بىرىدە خېلى ئىناۋەتلىك پېشقەدەم كادىر . ئۆزىنى پەقەت خوراتمايدۇ . قارىمامسەن ، كىيگەن كىيىملىرىنى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى گەپدان ، ئويۇنچى ، قىزىقچى ئادەم . 1959 ـ يىلىدىن تا 1965 ـ يىلىغىچە «ئوڭچى» بولۇپ تۇرمىدە ياتقان ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تارقاقلاشتۇرۇلۇپ يېزىدا ئىشلىگەن . 1980 ـ يىللىرى ئاقلىنىپ ، يەنە ئۆز ئورنىدا ئىشلەۋاتىدۇ .

— نېمىشقا مەخسۇم دەيسلەر ؟

— دادىسى كاتتا ئۆلىما — هاجىم بولغاچقا چاقچاق قىلىپ «مەخسۇم» دەيدۇ . قارىغىنا ، شۇ تۇرقىدا كىممۇ ئۇنى ئەللىك بەش ـ ئەللىك ئالتە ياشلارغا كىردى دەيدۇ ؟ چاچلىرى قاپقارا تۇرمامدۇ ...

كېيىنكى پىچىرلاشلار مەخسۇمنىڭ «دىڭ» تۇرغان قۇلىقىغا

يەتكەن بولسا كېرەك ، ئۇ شىلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ ، قاپقارا پارقىراق تەكشى تارالغان چاچلىرىنى سىلاپ قويدى .

— مېنىڭچە ، مۇنداق قىلساق ، — دېدى مەخسۇم ئۆلپەتلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقاندىن كېيىن تۈگەي دەپ قالغان هاراققا قاراپ قويۇپ ، — بۈگۈن ئىنىمىز ئابدۇقۇددۇس بىلەن تاماقنى يەپ بولۇپ «قايتايلى» دەپ تۇرساق ، سىلەر كېلىپ قالدىڭلار . ئوبدان بولدى . بۇ ئىنىمىز (ئۇ ياش ئۆلپەتنى ئىما قىلدى ) تاسىسىدە بىر جىك خىزمەت قىلدى . بۇنىڭغا رەھمەت ! مېنىڭچە ئەمدى هاراق ئىچىپ ئىدارىگە بارساق ياخشى بولماس . سىلەر جىم ئولتۇرىسىلەر ، قالغان خىزمەت مېنىڭدىن ، — مەخسۇم ئاخىرقى گەپنى ناھايىتى كەسكىن ئېيتىپ ، ئالدىراپ پەلتوسىنى قولىغا ئېلىشقا ئۆلپەتلەر جىددىي ، نارازىلىق بايانات-لىرىنى ئېلان قىلىپ چۇرقىرىشىپ كەتتى .

يىغىلا سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشقان ئۆلپەتلەردە مۇشۇنداق بىر ئادەت بار . دەسلەپتە ، «كىم مېھمان قىلارسىز ؟» دەپ بىر- بىرىگە بەس سېلىشىپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ . كانايدىن ئۆچ - تۆت قەدەھ ئۆتكەندىن كېيىن راسا بەگ مەست بولۇپ كېتىشىدۇ . بۇنداق چاغدا ھەرقانداق پىخسىق ئادەم بولسىمۇ ، مۇھىم ئىشلارغا ساقلاپ كېلىۋاتقان پۇلىنىڭ كۆزىگە قارىماي بەس - بەس بىلەن خەجلەيدۇ . ئەتىسى مەستلىكتىن سەگىپ ئورنىدىن تۇرغاندا ئاخشامقى مەردلىكىنى ئەسلەپ خەجلىگەن پۇ-لىغا ئىچى - قارنى مۇچ قۇيغاندەك ئېچىشىپ كېتىدۇ . بۇنى كىشىلەرگە «مېنى ئاخشامقى هاراق چىشلىۋاپتۇ» دەيدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇنى هاراق ئەمەس ، خەجلىگەن پۇلى چىشلىۋالغان .

مەخسۇم بۇنداق «چىشلەش» لەرگە «ئاھ - ۋاھ !» ئۇرۇپ كېتىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس ، بىراق ياش ئۆلپەتلەرنىمۇ بوش چاغلىغىلى بولمايدىكەن . ئۆلپەتلەرنىڭ ئۈچىنچىسى سومكىسىغا سېلىۋالغان بىر بوتۇلكا «ئىلى ئالىي ھارىقى»نى گەپ قىلماس-

تىنلا ئۇستەل ئۇستىگە «توككىدە» قويۇۋېدى ، «هاي» دېگەنگە ئۇنىماي تالاغا چۇجە خورازدەك ئېتىلىپ تۇرغان مەخسۇم بىر ئاز پەسكويغا چۈشتى . ئۇستەلنىڭ دوقمۇشىدا ئولتۇرغان كەم سۆز تۆتىنچى ئۇلپەت ئاشپەزگە شەرەت قىلىپ قويغان بولسا كېرەك ، ئۇستەلگە سوزۇنچاق تەخسىدە بېلىق كەلتۈرۈلدى . رەھمەتلىك بېلىق گوياكى ئۆلۈمگە تەن بەرمىگەندەك پۇلتىيىپ چىققان كۆز-لىرىنى پارقىرىتىپ قىپقىزىل مايلىق شورپىغا چىلىنىپ ياتاتتى .

مەخسۇم يېنىدىكى بىرەيلەننىڭ سوئالىغا جاۋابەن ، ئولتۇ-رۇش ئەھلىگە قاراپ سۆزلەۋاتاتتى :

— مەرھۇم دادام سۇلايمان خەلپەتھاجى جانابلىرىنىڭ دائىم ماڭا دەيدىغان تەلىمى : «ئوغلۇم ! هەر ۋاقىت ئاگاھ ۋە دانا بولغۇلكى ، تۇرمۇشتىكى بارلىق كەيپ ــ ساپا ئادەم ئۆمرىنىڭ ئېكىكى» دەيدىغان ، بىراق بىز خام سۈت ئەمگەك بەندىلەر ... ئاھاي ! مانا ! مانا ! ئالامەت ! ئالامەت ! — ئىشىك تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتقان مەخسۇم ئۆزىنى باسالماي ئورنىدىن تۇ-رۇپ كەتتى . تالادىن ئىككى ئادەم كىرىپ كەلمەكتە . مەخسۇم توختىماي سايرىماقتا ، — ئاپىرىن ! ئاپىرىن ! مۇبارەك قەدەملى-رىگە ھەسەنات . پاھ ! پاھ ! مۇنداقمۇ ئاجايىپ ئۇچرىشىش بولار-مۇ ؟ قېنى ، بۇ ياققا ! ئالدى بىلەن مۇبارەك قوللىرىنى تۇتۇۋالاي ...

ئېگىز بوي ، ئاق يۈزلۈك كىشى بۇ تەرەپكە كەلدى . ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى غۇچچىدە ئالتۇن چىشلىرى ، تىۋىتلىق شارپىسى ۋە قاما قۇلاقچىسىغا قاراپلا چەت ئەلدىن كەلگەن مېھمان دەپ جەزم قىلىشقا بولاتتى . ئۇ ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ چىققاندىن كې-يىن ئورۇندۇققا ئېرىنىپلا ئولتۇردى . مەخسۇم مېھماننى تونۇش-تۇردى :

— خوش ! مانا بۇ مېنىڭ يېقىن بۇرادىرىم مۇختەر سالى . بۇرۇن مەن مالىيە بۆلۈمىدە ، بۇ ئاغىنەم ئىسلاھات بۆلۈمىدە

ئىشلەيدىغان ، راسا يېقىن مۇشۇنداق بىر جۈپ ئاغىنىلەر ئىدۇق (مەخسۇم ئىككى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى جۇپلىدى) 1962 –
يىلى چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپتۇ . بۇ ئاغىنەم ئۇ ياققا كەتكەندە
مەن ھېلىقى «ئالىي مەكتەپ»تە ئىدىم . ئاغىنەمنىڭ كەلگىنىگە
ئون بەش كۈندەك بولۇپ قالدى . ئۆتكەندە كۆرۈشكەنىدۇق
بىراق تېخى قېنىپ پاراڭلىشالمىدۇق . بىر قېتىم ئىزدەپ بارسام
سۇيدۇڭگە كېتىپ قاپتىكەن . خوش ، ئەمدى بۇ ئاغىنىلەرنى تو-
نۇشتۇراي ...

مەخسۇم ئۇلپەتلەرنى بىرمۇبىر تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كې-
يىن ، ئۇلپەتلەر :

— قانداق ، تىنچ - ئامان كېلىپ قالدىڭىزمۇ ؟ تۇغقانلار
بىلەن دىدارلىشىپ خاتىرجەم بولدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سوراشتى .

مېھمانمۇ بارلىق چەت ئەللىكلەرگە ئوخشاشلا :

— شۇنداق ، رەھمەت ، — دەپ جاۋاب بەردى .

چەتتە ئولتۇرغان ئۇلپەت :

— مېھمان ، قەيەردىن كېلىسىز ؟ — دەپ سورىدى .

— ئالمائاتا گوروت[1] ئىچىدىن .

— ئۇنداق بولسا تونۇمسىزكىن ؟ مېنىڭمۇ بىر ئاكام ئالمائا-
تادا . ئىسمى ئەدھەم ، ئەدھەم سۇلايمان .

— ۋاھ ! — دېدى مېھمان ، — نېمىشقا تونۇمايمىز ؟ سۇلاي-
مانوف ، توغرا ، توغرا ، يېقىندا ئايالى قايتىش بولدى . كىچىك
ئوغلىنى ئارمىيەگە ئۇزاتتى ... ئۆزى بۇرۇن سكارپوماشىندا[2]
ماشىنا ھەيدەيتتى . ئۇلار بىزدىن ئىككى ئاستانوفكا[3] تۆۋەندىكى
ئېتاژدا[4] تۇرىدىغۇ ؟ ... ئۆزىمۇ كېلىپ قالار .

---

① گوروت — شەھەر .
② سكارپوماشىن — دوختۇرخانىلارنىڭ تېز قۇتقۇزۇش ماشىنىسى .
③ ئاستانوفكا — ئاپتوبۇس بېكىتى .
④ ئېتاژ — قەۋەتلىك بىنا ئۆي .

سورۇندىكىلەر يەنە نېمىلەرنىدۇر سورىماقچى بولۇۋېدى، مەخسۇم:

— توختاپ تۇرۇڭلار، ئالدىرىماي مۇڭدىشىمىز. مۇنداق قىلايلى، ئاغىنىمىز مۇختەر بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتۈشكەن. مېنىڭ بۇ ئاغىنەمگە ئاتاپ قويغان بىر قويۇم بار، بۇنى ئايرىم ئورۇنلاشتۇرىمىز. بۈگۈنكى سورۇنىمىز جانلىنىدىغان بولدى. ئەمدى مېنىڭ تالاغا چىقىپ كېلىشىمگە رۇخسەت ... — دېدى.

مېھمانمۇ ئورنىدىن «لىككىدە» تۇرۇپ مەخسۇمنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى:

— رەھمەت، دوستۇم! رەھمەت! بىر چىرايلىق ئولتۇرۇپ-سىلەر. ئاۋارە بولماڭ. بۈگۈن زۆرۈر ئىشىم بار.

— ھەرقانچە زۆرۈر ئىشىڭىز بولسىمۇ ...

— كۆپ رەھمەت! — مېھمان سۆزىنى كېسىپ ئېيتتى، — بۈگۈنچە ۋاقىت چىقىرالمايمەن. خۇدايىم بۇيرۇسا، كېيىن بىر گەپ بولار ... ئەنە ماشا قاراپ تۇرغان ئادىمىم بار.

ھەممەيلەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. نېرىقى ئۇستەلدە يۈزلىرى كۆمۈردەك قارا، پالكۆز بىر «بەندە» بۇ تەرەپكە قاراپ پارقىراپ ئولتۇراتتى. يانچۇقىدا بىر بوتۇلكا ھاراق، ئۇستەل ئۈستىدە تاماق تالونى تۇراتتى.

مېھمان شۇنچە زورلاشلارغا قارىماي ئۆلپىتىنىڭ يېنىغا كەتتى. بۇ ئىش مەخسۇمنىڭ غۇرۇرىغا قاتتىق تەگدى بولغاي، قاپقارا كىرپىكلىرىنى كۆتۈرمەيلا:

— ماشا بەش مىنۇت رۇخسەت - ھە ... ! — دېگىنىچە تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى.

ساقىي يېرىمى يېيىلگەن بېلىقنى چوكىسى بىلەن ئاغدۇرۇپ قويۇپ، ئالدىدىكى بوشىغان رومكىغا ھاراق قۇيدى. ھەممىنىڭ كەيپى بىرئاز بۇزۇلغان بولدى.

— ئىززىتىنى بىلمىگەن ، — دېدى ئاخىرى ساقىي جىمجىت-لىقنى بۇزۇپ ، — ئاغىنەم دەپ شۇنچە ئىززىتىنى قىلدى . بول-مىسا مەخسۇمكامنىڭ نېمە ئىلا - تەتۈرى ؟ — ئۇ مېھماننى تەرەپكە «لاپپىدە» قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — سىنىغىنىڭىزگە ئېيتىپ بەرسەم ، 1958 - يىللىرى مەخسۇمكامنىڭ ئۈستىدىن راسا سايراپ ، ئۇنى ئوتقا ئىتتىرىۋېتىپ كەتكەن ئاغىنىلىرىنىڭ بىرى مۇشۇ ئىكەن . يېقىندا «كەپتۇ» دەپ ئاڭلاپ مېنى بىرگە ئېلىپ بارغانىدى . چىرايلىق كۆرۈشتۇق . ئۇ بولسا گەپ ئارىسىدا ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق ئۆزىچىلا : «دوستۇم ، ئاڭلىسام خېلى دەرد تارتىپسىز . شۇ چاغلاردا بىز بىلەن كەتمەي ‹ۋەتەن› دەپ قالغىنىڭىزغا تويغانسىز ؟» دېمەمدا ، مېنىڭ «غۇژژىدە» ئاچچىقىم تۇتۇۋېدى ، مەخسۇمكام كۈلۈپ تۇرۇپ : «راست دەي-سىز ، خېلى دەرد تارتتىم . بىراق نېمىلا دېگەنبىلەن ۋەتەن دېگەن ئانا ، بىز بولساق يەنىلا بالا ئىكەنمىز . نۆۋەتتە كەلسە ئانا بالىسى-نى ئۇرۇپمۇ قويىدىكەن ، بىراق كۆڭلى ئېرىگەندە يەنە شۇ بالى-سىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ باش - كۆزىنى سىلايدىكەن . مانا قاراڭ ، ھازىر بىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ بېشىمىزنى سىلاۋاتى-دۇ . چىدىماي رەنجىپ كەتكەنلەرگىمۇ قۇچىقىنى ئېچىۋاتى-دىغۇ ...» دېۋىدى ، ئىلگىرى - كېيىن ئۇجۇقۇپ كەتتى .

ئۆلپەتلەر ساقىينىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ كۈلۈشتى . مەخسۇم تالادىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك كىرىپ كېلىپ ، ئۆز ئورنىغا ئولتۇردى . بايىقى كۆڭۈلسىزلىك سەل - پەل پەسەيگەندەك بولدى .

ئاللىقاچان دېرىزە يېنىدىكى ئۈستەلگە جايلىشىپ ئولتۇرغان مېھمان ئاغىنىسى بىلەن تاماقتا كىرىشكەنىدى . ئۇ هاراقنى پىيا-لىگە قۇيۇپ ئىچەتتى . ئارىلاپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا مەخسۇملار تەرەپكە قاراپ قوياتتى .

ئۆلپەتلەردىن بىرى ئۇلارغا قاراپ ئىچىدە ئويلاۋاتاتتى : «ئا-

غىنىسىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ بىردەم ئولتۇرۇپ، بىرەر رومكا ئىچىپ قويسا بولاتتى … قېنى، ئەمدى مەخسۇمكام بۇنىڭغا ئاتىغان قويىنى سويارمۇ - سويماسمۇ؟» ئۇ خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە كەلگەن هاراقنى قولىغا ئېلىپ، كۆڭۈلگە تەسكىن بېرىدىغان چىرايلىق گەپتىن بىرنى قىلدى:

— قېنى ئەمىسە، مەخسۇمكامنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن …

1989 - يىل، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تەكەببۇر ئەيلىمە ھەرگىز

«ئەپەندىم» دېگەن بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى بىر بولسىمۇ، بىراق ئىستېمال مەنىسى كۆپرەك، ئەسلىدە ئوقۇمۇشلۇق، ئابرۇيلۇق كىشىلەرنى «ئەپەندىم» دەپ ئاتايدۇ. تېخىمۇ ئومۇملاشقان مەنىسى — بۇرۇنلاردا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىلا «ئەپەندىم» ئاتىلاتتى. يەنە بىر خىلى بولسا، گەپ - سۆزى، قىلغان ئىش - ھەرىكەتلىرى نورمال بولمىغان كىشىلەرنى «ئەپەندىمدەك نەرسىكەنسەن»، «ئەپەندىمنىڭ چاي خالتىسى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن مازاق قىلىشىدۇ، بۇ سۆزمەن خوجا نەسرىدىن ئەپەندىگە قارىتىلغانمۇ قانداق؟ بۇنى بىلەلمىدۇق.

مەن مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ، خېلى چوڭ ئىدارىلەرنىڭ بىرىگە ئورۇنلىشىۋالدىم. ئۇ مەزگىللەردە شەھەر بويىچە ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن مىللىي كادىرلار يوق دېيەرلىك بولغاچقا، خىزمەت ئىشىم تولىمۇ ئوڭۇشلۇق بولغاندى، مەن كەلسەم بۇ ئىدارىدە مەن تونۇيدىغان ئىككى كىشى بار ئىكەن، ئۇنىڭ بىرى، مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم كەرىم؛ يەنە بىرى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىمىز شاھىدىن ئەپەندى ئىدى، بۇ ئادەم ھازىر ئىشتىن سىرتقى مائارىپ خىزمىتىنى ئۆتەيدىكەن، ئىدارىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسىلا ئۇنى «ئەپەندىم» دەپ چاقىرىدىكەن.

شۇ يىللى شەھىرىمىزنىڭ سىياسىي ھاۋاسىدا زور دولقۇنلار ھاسىل بولدى، بۇ يەردە يۈز بەرگەن چوڭ بىر سىياسىي ۋەقە خېلى يىللارغىچە كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى، ۋەقەدىن كېيىن شەھەر ھەربىي ھالەتكە كۆچۈپ، كېچىلىرى يول

يۇرۇش مەنئى قىلىندى ، ئىدارە مەشغۇلات تۈزۈملىرى كۈچەيتىلـ-
دى ، كېچىلىرى كادىرلار نۆۋەت بىلەن دېجورنىلىق قىلاتتى .
6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىكى بىر كۈنى كەچلىك دېجورنىلىق
نۆۋىتى ئەپەندىم ئىككىمىزگە كەپتۇ . مەن كەچلىك تاماقنى يەپلا
ئىدارىگە كەلدىم ، بىرئازدىن كېيىن قولىغا كىچىكرەك بىر سومـ-
كا تۇتقان ئەپەندىممۇ كەلدى ، ئۇ بۈگۈن خۇشخۇي كۆرۈنەتتى .
ئوتتۇرا بوي ، دۈگىلەك يۈزلۈك بۇ ئادەمنىڭ يۈزلىرى دائىم
پارقىراپ تۇراتتى .

— كېچىكىپ قالمىغاندىمەن ؟ قارىمامسىز ؟ ھەدىڭىز بۈگۈن
نان يېقىپتىكەن ، كەچتە تاماق ئەتمەپتۇ ، مەندە ئاشلىق بېلىتى
بار ، يۈرۈڭ ، «ئىلى پەندىيەن»[1] ئاشخانىسىغا كىرىپ ئازراق بىر
نەرسە يېگەچ مۇنۇنى بىر ياقلىق قىلىۋېتەيلى ، — ئۇ سومكىسىد-
دىن يېرىم بوتۇلكىدىن جىقراق ئاق ھاراقنى چىقاردى ، —
ئۆزۈن ساقلىنىپ ، راسا قۇرتلاپ كەتكىنىدىن دەڭا ، بولمىسا تاڭ
ئاتقۇزماق ئوڭايمۇ ؟
مەن سەل خىجىل بولدۇم .
— مەن ھازىرلا تاماق يەپ كەلگەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز
ماڭا ئىلىم بەرگەن ئۇستازىم تۇرسىڭىز ...
— ھەببەللى ، — دېدى ئەپەندىم ، — مۇشۇ گېپىڭىزنىڭ
ئۆزىگە رەھمەت ! ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ھازىر جەمئىيەتكە چىقتىد-
ڭىز ، خىزمەتداش بولدۇق ، ھۆرمەت ئۆز يولى بىلەن ، ئويۇنمۇ
ئۆز يولى بىلەن بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟ يۈرۈڭ .
ئىدارە ئىشخانىلىرى بىر قەۋەتلىك بولۇپ ، ئۆزۈن زال
ئىشكى كۈنپېتىشقا قارايتتى ، ئىشىك ئالدى ئازراق گۈللۈك ،
گۈللۈكنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ئىدارە
ئىشچىسى ئابلىمىت ئولتۇراتتى . بىز ئابلىمىتقا ئېيتىپ قويۇپ

---

① «ئىلى مېھمانخانىسى»نى دېمەكچى .

www.uyghurkitap.com

ئاشخانىغا چىقتۇق .

ئەپەندىمنىڭ بۇ ئاشخانا بىلەن خېلىلا تونۇشلۇقى بولسا كې-
رەك ، كاسسىغا بىرىپ پۇل ۋە ئاشلىق بېلەتنى تاپشۇرغاندىن
كېيىن ، مېنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئاشخانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ
كەتتى . بىرھازادىن كېيىن كىچىككىنە تەخسىدە توغرالغان قىز-
رىن بىلەن مەررە بولۇپ پىشقان ئىككى تال قوي پاقالچىكىنى
ئاچىقتى .

— قېنى ، لەگمەن چىققۇچە مۇشۇنىڭ بىلەن مەززە قىلىپ
تۇرايلى ، — ئەپەندىم شۇنداق دەپلا ھاراقنى قولغا ئالدى . پاھ !
راست دېگەندەك ئۆزۈن ساقلانغان ھاراق ئىكەن ، ئىچ - قارىن-
مىزنى ئۆرتەپ ، يۈزلەرگە قىزىللىق تەپتى . لەگمەننى ھەش -
پەش دېگۈچە يەپ تۈگىتىپ ، ئىسسىق ئاش سۈيىنى ھۇزۇرلىنىپ
ئىچتۇق . شۇ ئارىلىقتا كاسسىر ئايال ئاشقان ئاشلىق بېلەتنى
ئەپەندىمگە ئەكىلىپ بەردى ، بېلەت خېلىلا بار ئىدى .

— بېلەتكە باي بوپسىزغۇ ، ئەپەندىم ؟

— ھە ، قارىماسىز ، بۇ كۈندە پۇل بولمىسا بىر گەپ ،
بىراق ئاشلىق بېلەت بولمىسا ئىش چاتاق دەگا ، تونۇگۈن ئاشلىق
ئىدارىسىگە خىزمەت تەكشۈرۈپ بارغان ، شۇ جايدىن بەش كىلو
بېلەت ھەل قىلغان گەپ ...

شۇنىڭ بىلەن پاراڭ تېمىمىز ئاشلىق نورمىسى ، ئاشلىق
بېلىتىگە كۆچتى . ئەپەندىم بىردىنلا :

— توختاڭ ، ئاشلىق بېلەت دېسىڭىز قىزىق بىر گەپ ئې-
سىمگە كېلىپ قالدى ، بىرنەچچە ئاي ئاۋۋال بولسا كېرەك ، ماۋۇ
تەرەپتىكى يېزىدىن ئۈچ بالا چېگرادىن رۇس يېرىگە قاچماق-
چى بولۇپ ، مەسلىھەتنى ئوبدان پىشۇرۇپ ، ئازراق نان - توقاچ
ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ . ئۇلار تۈتۈلۈپ قېلىشتىن قورقۇپ كۈندۈ-
زى پىنھان بىر جاينى تېپىپ ھاردۇق ئېلىپ ئۇخلايدىكەن ،
نامازشام بولغاندىن كېيىن تەۋەككۇل قىلىپ قىبلىگە قاراپ ما-

ڭىدىكەن ، ئۇلار شۇ ئاخشىمى بىردەم ئىتىزلىقلار ، بىردەم دۆڭ-
لەردىن ئۆتۇپتۇ ، قارىسا يەنىلا ھېچ نەرسە يوق ، شۇ ئارىلىقتا
تاڭ ئېتىپ يەرگە يورۇق چۇشۇپتۇ ، ئۇلار دەرھال بىر سايىنىڭ
بويىدىكى بۇلاق تۇۋىدە نان يەپ يەنە ئۇخلاپتۇ . گۇگۇم چۇشكەندە
«بىسمىللا » دەپ يەنە يولغا چىقىپتۇ ، بىركەمدە قارىسا يىراقتىن
ئېلېكتر چىراغلار ، ئاق ئۆيلەر كۆرۈنۈپتىكەن ، ئارىدىن بىرى
خۇشاللىقتىن سەكرەپ : «مانا ، ئاغىنىلەر ، كەلدۇق ، قانداق ،
ئاكاڭ باشلىغان يولدا چاتاق يوق» دەپ ماختىنىپ كېتىپتۇ .
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنىمۇ ئىلدام مېڭىپ خۇپتەنگە يېقىن ھېلىقى
مەنزىلگە كەلسە كىچىكرەك بىر مەھەللە ئىكەن ، ئارىدىن يەنە
بىرى : «پاھ ! رۇسلارنىڭ مەھەللىسىمۇ بىزنىڭ مەھەللىلەرگە
ئوخشايدىكىنا ؟» دېسە ، يەنە بىرى : «ئاداش ! بۇ دېگەن ياركەنت ،
بۇ يەردە رۇس يوق ، ساپلا ئۇيغۇرلار ياشايدۇ» دەپ چۇشەندۇرۇپ-
تۇ . يېقىنلاپ قارىسا بىر دۇكاننىڭ ئالدىدا بىر سامسىپەز سامسا
يېقىۋاتقانىكەن ، بۇلاردىن بىرى : «ئاكاۋۇي ، مۇنۇ سامسىلىرىڭ
قانچە ؟ » دەپ سورىغانىكەن ، سامسىپەز : «بىر سومغا يىگىرمە
سامسا ، ئىككى يۇز ئەللىك گرام ئاشلىق بېلەت» دەپتۇ . ئۇلار :
«بەللى ، قالتىس گەپ بولدىغۇ - بۇ ؟ رۇس يېرىدە ئاشلىق
نورمىسىز دەپ قېچىپ كەلسەك ، بۇ يەردىمۇ بېلەت ئالغىنىڭلار
نېمىسى ؟ » دېيىشىگە ، سامسىپەز ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ . شۇ
يەردىلا يۇرگەن خەلق ئەسكەرلىرى خەۋەر تېپىپ ، بۇ ئۇچەيلەننى
ھەيدەپ كېتىۋاتسا ، ئارىلىقتىن بىرى : «ئاداش ، بىزچە گەپ
بىلىدىغانسەن ؟ بىزنى سولاپ قويساڭمۇ سولاپ قوي ، ئەمما چېگ-
رادىن قايتۇرۇپ دادۇيگە تاپشۇرۇپ بەرمە !» دېگۇدەك ، كېيىن
ئۇقسا بۇ ئەخمەقلەر ئىككى كېچە تېنەپ ، ئادىشىپ سۇيدۇڭنىڭ
چەت بىر يېزىسىدىن چىقىپ قالغانىكەن ، — دېدى .
بىرپەس كۇلۇشكەندىن كېيىن ئىدارىگە قايتىپ كەلدۇق .
كۇن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى ، ئابلىمىتنىڭ ئۆيدىكىلىرى ئى-

شىك ئالدىدىكى پاكىز سۇپۇرۇلگەن يەرگە كىگىز سېلىنگەچكى تاماقنا ئولتۇرۇشقانىكەن .

— ئەپەندىم ، تاماقنا كېلىمىز ، — تەكلىپ قىلدى ئابلىمىت .

— رەھمەت ! بەھۇزۇر ئېلىڭلار ، بىز ھازىر تاماق يەپ چىقتۇق ، بولسا بىر چىنىدىن قىزىق چاي بەرسەڭ ، — دېدى ئەپەندىم . شىرەنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ياشانغان ، گەۋدىلىك بىر ئادەم تاماق يەپ بولغان چېغى ، تەكىيىگە يۆلەنگىنىچە چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى . ئۇ ئادەم بىر كۆزىنى ئاق داكا بىلەن تېڭىۋاپتۇ ، ئۇنىڭ چارلاشقان قىسقا ساقاللىرى قويۇق ئىدى ، ئۇ ئادەم چېيىنى ئىچىپ بولۇپ ئاچا مالىخىيى بىلەن يۈزىنى توسۇپ ئوڭدىسىغا ياتتى .

ئابلىمىت بىر چەينەك چاي بىلەن ئىككى پىيالىنى ئاچىقىپ ئالدىمىزغا قويدى ، نېمىدۇر بىرنېمىنى ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ :

— نېمە ، ئازراق ئوينىغان ئوخشىمامسىلەر ؟ نەلەردىن تاپ- تىڭلار ۋې ؟ — دېدى .

— قىزىقكەنسەن ، — دېدى ئەپەندىم ، — ئوغرىغا مال كەممۇ ؟ ئۆيۈڭگە مېھمان كەلدىمۇ نېمە ؟ دېۋەدەك يوغان ئادەمغۇ ؟

ئابلىمىت شىرە تەرەپكە قاراپ قويۇپ ئاستاغىنا :

— بىزنىڭ قېيناتا ، كۆزى ئاغرىپ دوختۇرغا كەپتىكەن ، «بىر - ئىككى كۈن تۇرغىن» دەپ ئېلىپ قالدۇق ، — دېدى .

— ھىم ! — دېدى ئەپەندىم ، — قېيناتاڭ بولسا تونۇيمەن ، مەن ئىسمىنى ئاڭلىغان ... بوپتۇ ، ئوبدان كۈتۈپ قوي !

ئوبدان دەملەنگەن چايدىن ئىككى پىيالە ئىچىپ كەيپىمىز جايىغا چۈشتى .

— مانا ئەمىسە ، مۇنۇ ئامانەتلىرىڭلارنى تاپشۇراي ، — دېدى ئۆيگە كىرىپ چىققان ئابلىمىت بىر دانە مىلتىقنى بىزگە سۇ-

نۇپ، ئارقىدىنلا يانچۇقىدىن بەش تال ئوقنى چىقاردى، — ئەتە ئەتىگەن سائەت يەتتىدە قولۇمغا ساق - سالامەت تاپشۇرىسىلەر، بۇنىڭ تۈزۈمى مۇنداق: مىلتىققا بەش تال ئوقنى باسىمىز، كېچىسى يوچۇن ئادەم كەلسە: «كىم سەن؟ جايىڭدىن قوزغالما!» دەپ ئۈچ قېتىم سورايمىز، جاۋاب بەرمەي يەنە ئالدىغا ماڭسا، ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتىمىز. ئارقىمىزدىلا قوراللىق ھەربىيلەر بار، بولمىسا قەتئىي ئوق چىقارمايمىز، مەنمۇ سەگەك ياتىمەن، بىر ئىش بولسا مېنى ئويغىتىڭلار. قېنى، ئۇكا، ياش بولغاندىن كېيىن قورالنى سەن تۇت، تۇنۇگۇن بولغان ئىشنى دېمەمسەن، تۇنۇگۇن ئەمگەك بۆلۈمىدىكى ئىگەمبەردىكام بىلەن سىنىڭ ئاغىنەڭ كەرىم دىجورنى بولغانىدى، كەرىم مىلتىقنى تۇتقىنىچە كارىۋاتتا ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۆزىمۇ بىرئاز كەيپ ئوخشايدۇ، ئاۋۇ ئىگەمبەردى دېگەن جا ئاكتىپ ئاستا مىلتىقنى تارتسا كەرىم تۇيماي ئۇخلاپتۇ، ئۇ كىسپۇرۇش مىلتىقنى يوتقىنىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىپ كۆرمىدىم دەپ كەرىمنى تازا قورقۇتۇپتۇ، بۇنى ئاز دەپ مىلتىقنى ئىشخانىغا تاپشۇرۇپ، مۇدىرغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىپتىكەن، بىچارە كەرىمنى خېلى تەنقىد قىلدى.

— ئۇ توخۇ پوقىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، — دېدى ئەپەندىم.

مەن مىلتىقنى مۇرەمگە ئارتىۋالدىم، ئابلىمىت چىنە - چەينەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كىرىپ كەتتى.

— ئېھ! دۇنيا، — دېدى ئەپەندىم يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا كۆز تىكىپ تۇرۇپ، — ئوغۇل بالىنىڭ بېشىدىن نى - نى سەۋدالار ئۆتىدۇ جۇمۇڭ، — مەن ئۇنى كەيپچىلىكتە ھېسسىياتقا بېرىلىپ قاپتۇ دەپ ئويلىدىم، — يۇرۇڭ، ئۇكا، دىجورنى بۆلۈمىگە كىرىپ پاراڭلىشايلى، ئەكېلىڭ، مىلتىققا ئوقنى بېسىپ قۇلۇپلاپ قويايلى، ماۋۇ تاسمىنى بېلىڭىزگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ كارىۋاتقا قىيسايسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ.

دىجورنى بۆلۈمىگە ئىككى كارىۋات ، بىر ئۇستىۋال قوبۇلغانـ-
دى ، ئەپەندىم نېرىقى كارىۋاتقا بېرىپ يۇك ئەدىيالنى بۇرلاپ
بېشىغا قويدى ۋە گەپكە چۈشتى .

— مۇنداق ئويلاپ باقسىڭىز ، مۇشۇ دۇنيادا نەچچە مىليارد
ئادەم بولسىمۇ ، ھەممىسىنىڭ تۇتقان يولى ، قىلغان كەسپى باشـ-
قا ـ باشقا ، شۇنداققۇ ؟ بىرى ئالىم ، بىرى پادىشاھ ، بىرى گاداي ،
بىرى دېھقان ، بىرى ئىشلەمچى ، ھۈنەرۋەن ، كادىر ، تېخنىك ،
ئەڭ قىسقىسى ، ئالدامچى ، ئوغرى ، قىزىقچىلار بولسۇن يىغىپ
كەلسە بىرلا مەقسەت — قانداق قىلغاندا مۇشۇ تۆت كۈنلۈك
ئالەمدە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشتىنلا ئىبارەت . دېمەكچى ، ئۇ-
سۇل باشقا ، ئەمما مەقسەت بىر .

ئەپەندىم بىرئاز جىم بولدى . «مانا پەلسەپىۋى پىكىرلەر»
دېدىم ئىچىمدە .

— مەن سىزگە بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەنى سۆزلەپ
بېرەي ، بىكار ئولتۇرغۇچە بىر گەپ دەڭا ، — ئۇ گېزىت قەغىزد-
گە تاماكا يۆگەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — مېنىڭ تۇنجى خىز-
مەتكە چىقىپ ئىشلىگەن ئورنۇم ماۋۇ بۇلاق دادامتۇدىكى مەكتەپ
ئىدى . كېيىنكى يىلى يازلىق تەتىلدە بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى
بىلىم يۇرتىغا يىغىپ بىر ئايلىق كۇرس ئاچتى ، بۇنىڭغا ھەممە
ناھىيە ، يېزىلاردىكى ئوقۇتقۇچىلار كەلدى ، ئۆگىنىشنى باشلىد-
دۇق . شۇ يەردە مۇشۇ باياندىي مەكتەپ مۇدىرى ئەدھەم دەيدىغان
يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالدىم ، پاتلا ئاغىنە بولۇپ قالدۇق .
ياتىقىمىزمۇ بىر يەردە ، دەرستىن سىرت ۋاقىتلاردا تالا ـ تۈزلەر-
گىمۇ بىللە چىقىمىز ، شۇ ئەدھەم بىلەن بىللە كەلگەن دۇرنەم
دەيدىغان بىر چوكان بولىدىغان ، يېشىمۇ بىزلەر بىلەن بىر قۇ-
راملىق بولسا كېرەك ، ئەمما كۆرسىڭىز بۇ ئاياللىكى كىلىشكەن
بەدەن ، چىراينىڭ پاكىز ، سۆزۈكلىكچۇ تېخى ! دەسلەپ كۆر-
گەندە قاراپ قېتىپلا قاپتىكەنمەن ، كۆرستىكى بارلىق ئەر زاتىد-
نىڭ كۆزى شۇنىڭدىلا ئىدى . ئەدھەمدىن ئۇقسام ، تېخى يېقىندىلا

بۇ چوكاننىڭ ئېرى كېزىكتىن ئۆلۈپ كېتىپ تۇل قالغانىكەن ، گەپنىڭ ئۇرانىغا قارىسام ، ئەدھەمنىڭ بۇ چوكانغا كۆڭلى بار دەك قىلاتتى . شۇنداق قىلىپ بىر ئايلىق كۇرس ئاخىرلىشىپ ھەرقايسىمىز ئۆز جايىمىزغا قايتتۇق . شۇ يىلى قىش ناھايىتى قاتتىق كەلدى . يېڭى يىلغا ئىككى كۈن قالغاندا ، بىر كۆمۈرچى ھارۋىكەش ماڭا بىر پارچە خەت بەردى . قارىسام ، ئەدھەمنىڭ باياندايدىن ئەۋەتكەن خېتى ئىكەن . خېتىدە ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئىشتىن تولىمۇ خۇش بولغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ ، «بىرەر ئاغىنەڭنى باشلاپ بىزنىڭ مەكتەپكە كەلسەڭ ، يېڭى يىلنى بىرلىكتە قارشى ئالساق !» دېگەن مەزمۇندا ئىكەن . شۇئان قىياس قىلدىمكى ، ئۇنىڭ دۇرنەم بىلەن بولغان ئىشى ئوڭۇشلۇق بولغان چېغى . ئەتىسى مەھەللىمىزدىكى ئۇستا تەمبۇرچى ئابدۇقېييۇم دېگەن يىگىت بىلەن مەسلىھەت قىلسام بېرىشقا ماقۇل بولدى ، چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە ئىككىمىز ئىككى ئاتقا مىنىپ باياندايغا قاراپ يولغا چىقتۇق . ھاۋا ئوچۇق ، سوغۇق دېگەن جاڭگىرلاپ تۇرىدۇ ، يىراقتىكى قارلىق چوققا ۋە دۆڭ - يوتىلار ، سۇزۇك ئاسمان كۈن نۇرىدا كۈمۈشتەك يالتىرايتتى . يول بويى بۇلاقلاردىن پۇرقىراپ هور كۆتۈرۈلمەكتە ، دەل - دەرەخلەر ، بېشىمىزدىكى قۇلاقچا ، ھەتتا قاش - كىرپىكلىرىمىزمۇ ئاپئاق قىروغا كۆمۈلگەنىدى . يول ئۇستىدىكى قېلىن جۇۋا ، پىيما كىيگەن كۆمۈرچى ھارۋىكەشلەر ھارۋىدىن چۈشۈپ ئاتنىڭ يېنىدا پىيادە قاتراپ ماڭماقتا ، ھارۋا ۋە ئادەم ئايىغىدىن چىققان «غاچ - غۇچ» قىلغان ئاۋاز يىراقلارغىچە ئاڭلىنىدۇ ، بۇ ھال كىشىگە روھ ، شجائەت بېغىشلايتتى . كۈن ئولتۇراي دېگەندە مەنزىلگە يېتىپ كەلدۇق . ئەدھەم تولىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى ، بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ ئاتلارنى قولىمىزدىن ئالدى ، ئۆزىمىزنى بىر ئۆيگە باشلىدى .

— دېگەنبىلەن گېپىمنى يەردە قويماپسەن ، ئاداش ، — دېدى ئۇ ، — بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار ، يۇرت چوڭلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىلەن يېڭى يىلنى تەبرىكلىگەنىدۇق ، ئەمدىلا ئولتۇرۇشىمىز ئايرىم بولىدۇ ، ئاۋۋال تاماق يەۋىلىڭلار .

شۇنىڭ بىلەن قولىغا سۇ ئالدى ، شىرە قويۇپ داستىخان سالدى . مەن ئابدۇقېيۇمنى تونۇشتۇردۇم .

ئۆي ئىگىسى داستىخانغا سېمىز ئات گۆشى ، قېزا ، قارتىلار بىلەن نېرىن چۆپ ئەكەلدى ، تاماقنى ئوبدان يەپ ، قىزىق چاي ئىچىپ بايىقى سوغۇقنى ئۇنتۇدۇق ، ئەدەھەم بىزگە قاراپ :

— ئۇنداق بولسا ياتاقتا چىقايلى ، باشقا ھېچكىم يوق ، سەن تونۇيدىغان دۇرنەمنى دەپ قويدۇم ، ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ 1948 - يىلىنى خۇشال كۇتۇۋالايمىزمۇ ؟ ئاتلارنى ئېغىلغا قاڭتۇرۇپ قويدۇق ، يەم - بوغۇز تۆكۈپ بېرىدۇ ، خاتىرجەم بولۇڭلار ، — دېدى .

مەكتەپ زالىنىڭ تۆرىدىكى يوغانراق بىر ئېغىز ئۆي ئەدەھەمنىڭ ھەم ئىشخانىسى ، ھەم ياتىقى ئىكەن . تۆردە بىر ياغاچ كارىۋاتتا ئورۇن - كۆرپىلەر يىغىلغان ، ئوتتۇرىدا ئۇستەل - ئورۇندۇق ، تامدا دۇنيا خەرىتىسى ، دۇتار ، تەمبۇر ، داپلار ئېسىقلىق تۇراتتى ، مەشتە گۇرۇلدەپ ئوت كۆيمەكتە ، يوغان گازۋاي لامپا ئۆينى كۇندۇزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى .

ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىمىزغا زالدا يېنىك ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى . ئەدەھەمنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى . ئىشىك بوشقىنا چېكىلدى ، ئەدەھەم بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى ، چىرايى بەئەينى ھۆر - پەرىزاتلارنى ئەسلىتىدىغان دۇرنەم ئۆي ئىچىگە بىر ئىللىقلىق ئېلىپ كىردى ، ئۇ قارا دۇخاۋا پەلتو ۋە تۇۋت ياغلىقىنى يېشىۋېتىپ مەن بىلەن قەدىناسلاردەك ئەھۋاللاشتى ، ئۆزئارا تونۇشتۇرۇشلاردىن كېيىن ئەدەھەم ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنى رەتلەپ ئۇستىگە ئاق داستىخان سالدى ، ئۇستەلگە توقاچ ، سامسا ، توغرالغان پاقلاق گۆشى ، قېزا ، ھەسەل ، قەنت ، ئالما ، نەشپۈت قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى تىزدى ، دۇرنەم مەش

ئۈستىدىكى قايناق سۇدىن چەينەككە ئېلىپ پەمىلچاي دەملىدى، پىيالە، چوكىلارنى تەخ قىلدى.

— رەنجىمەيسىلەر، — دېدى ئەدھەم، — شۇنچە قاتتىق سوغۇققا قارىماي، يىراقتىن كۆڭۈل ئىزدەپ كەلگىنىڭلارغا تۇشلۇق لايىق بىرنېمە قىلالمىدۇق، نېمىسىنى دەيمىز، بويتاقچىلىق…

— دۈرنەم، — دېدىم مەن، ئۇ ئىتتىك مەن تەرەپكە قارىدى، — سىزدىن رەنجىپ قالدىم جۇمۇڭ.

— ۋىيەي، نېمىشقا ئەمدى؟ — ئۇنىڭ چىرايلىق، ئىنچىكە قاشلىرى يىمىرىلدى.

— مۇشۇ ئاغىنەم ھەرقايسىڭلارنىڭ خىزمىتىنى دەپ دۇم يېتىپ، دۇم قوپۇپ ئىشلەۋاتقىلى خېلى بولدى. «ساۋابى بولار» دەپ بىرەر لايىق تېپىپ، بېشىنى ئوڭشاپمۇ قويماپسىز… قويۇڭلا سىزنى.

دۈرنەم «ھۆپپىدە» قىزىرىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى، قىپقىزىل تۆۋەن كالپۇكىنى بوشقىنا چىشلەپ ئەدھەمگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى. ئابدۇقېيىيۇم كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ بىردەم دۇتارنى، بىردەم تەمبۇرنى ساز قىلغاچ تىرىڭشىتىۋاتاتتى.

— قېنى، مېھمان، ئۈستەلگە كېلىڭلا، — دېدى ئەدھەم، — مانا مەيەرگە كېلىڭ، سىلەرنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ مۇنۇنى ئەكەلگەنىدىم، — دەپ ئەسكەرلەرنىڭ سۇ ئىچىدىغان باكلاشكىسىدىكى ئاق ھاراقنى ۋە قىرلىق ئىستاكاننى ئۈستەلگە قويدى. دۈرنەم چاي قۇيدى. مەن قولۇمدىكى داپنى ئۈستەلنىڭ پۇتىغا يۆلەپ قويۇپ چاينى قولۇمغا ئالدىم، بىر چىنە چاينى ئىچىپ بولۇپ سىرتقا چىقماقچى بولدۇم، ئەدھەم بىللە چىقتى، بۇ ئىككىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم خالىي قېلىشىمىز ئىدى، ئۇ ماڭا:

— ئارىمىزدىكى ئىش پۈتتى، ئاداش، توي قىلايلى دېسەم، ئېرىمنىڭ يىلى ئۆتسۇن دەيدۇ، مۇنداق قارىسا، بۇمۇ

توغرا ، — دېدى .

— ھەر ھالدا يۇرت چوڭلىرى بار ، بامەسلىھەت بىلەن ئىش قىلغىن ، — دېدىم .

كەچ كىرگەنسېرى سوغۇق تېخىمۇ جاراڭلاپ كېتىپتۇ ، ھە-
قىقەتەنمۇ قاتراپ كېتىۋاتقان ئىت قېتىپ قالغۇدەكلا ئىدى ، قو-
لىمىزنى يۇيۇپ ئۆيگە كىردۇق . ئۆي ئىچى يورۇق ۋە ئىسسىق ،
يېقىن ئاغىنىلەر ۋە ئەمدىلا بىر - بىرىگە كۆڭلى چۈشكەن ئا-
شىق- مەشۇقلارنىڭ ۋىسال شاراپىتى بىلەن بۇ ئۆيگە يەنىمۇ
ئىللىق ھارارەت مۇجەسسەم بولغانىدى .

ئەدھەم باكلاشكىنىڭ بۇرما ئاغزىنى ئەمدىلا ئاچاي دەپ تۇ-
رۇشىغا زال ئىشىكى ئېچىلىپ ، قوپال ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى .
ئەدھەم باكلاشكىنى دەرھال ئۈستەل ئاستىغا تىقىپ ئۈستىگە
داپىنى توراپ قويدى ، ئۇ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئىشىك
تەكەللۇپسىزلا ئېچىلىپ ، گەۋدىلىك ، ئوتتۇرا ياش بىر ئادەم
كىرىپ كەلدى .

— ئوھوي ! كېلىڭ ، سوجاڭ ، كېلىڭ ! ئەسسالامۇئەلەي-
كۇم .

ئۇ ئەدھەم بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇپ ئۈستەل ئالدىغا كەلدى ،
بۇركۈتنىڭ كۆزىدەك چاقناپ تۇرىدىغان چېقىر كۆزلىرى بىلەن
ھەممىمىزگە تەكشى بىر قارىۋېتىپ بىز بىلەنمۇ قول ئۇچىدىلا
كۆرۈشۈپ قويدى ۋە كۆرسىتىلگەن ئورۇندۇققا ئولتۇردى .

— ھە ! ئەپەندىلەرنىڭ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشىنى بۇزۇپ
قويدۇممۇ قانداق ؟ خانىم ، سىزمۇ باركەنسىز - دە ؟

ئۇنىڭ ئاغزىدىن گۈپۈلدەپ ھاراق پۇراپ تۇراتتى . ئەدھەم
بىزگە قاراپ :

— ئاكىمىز مامۇت سوجاڭ مۇشۇ يەرنىڭ ساقچى باشلىقى ،
بۈگۈن مۇنۇ خىزمەتداشلىرىم بۇلاق مەھەللىسىدىن كەپتىكەن ،
بىردەم پاراڭلىشايلى دەپ ... كىرگىنىڭىز ياخشى بولدى ،—

دېدى ۋە سوجاڭنىڭ ئالدىغا بىر چىنە چاي قويدى .

— ياخشى گەپ بوپتۇ ، ئەپەندىم ، چاقىرمىسىڭىزمۇ ئۇس-سۇپلا كىرىپ كەلدۇق ... قېنى ، هارنىڭىزدىن قۇيمامسىز ؟

دۇرنەم كۆزىنى ئالدىدىكى پىيالىسىگە تىككىنىچە پىيالىنى قولى بىلەن ئايلاندۇرۇپ ئولتۇراتتى .

— هاراق - پاراق ئىچمىدۇق ، ئاكا ، — دېدى ئەد-هەم ، — قېنى ، چايغا بېقىڭ .

— شۇنداقمۇ ؟ — دېدى سوجاڭ ، — ئۇنداق بولسا ياخشى قىپسىلەر .

ئۇ قىسقا قونچىلىق ئۆتۈك كىيگەن پۇتىنى شۇنداق ئالدىغا سوزىۋېدى ، داپ بىلەن تەڭ باكلاشكىمۇ پولغا ئۆرۈلۈپ كەتتى ، ئۇ چەبدەس هەرىكەت بىلەن ئېڭىشىپ باكلاشكىنى قولىغا ئالدى-دە ، زەرب بىلەن ئۈستەلگە «تاق !» قىلىپ قويدى .

— قېنى ، زۇۋان سۇرۇڭ ، ئەپەندى ! بۇنى نېمە دەيمىز ؟

ئەدهەم بىر ئاز غەيرەتكە كەلدى :

— بۇگۈن يېڭى يىل ئاخشىمى ئىكەن ، ئاغىنىلەر يوقلاپ كەپتۇ ، شۇڭا بىردەم ئولتۇرايلى دەپ ...

— توختا ! — سوجاڭ يوغان ئالىقانلىرى بىلەن ئۈستەلگە بىرنى ئۇرۇپ بوراندەك ھۆركىرىدى ، — بىلەمسەن ، قەيەر بۇ ؟ گەپ قىل دېسە ئالتە ئېشەككە يۈك ، مائارىپ ، تەرەققىيات دېسە هەدەپ گەپ قىلىسەن ، بۇ يەردە بالا ئوقۇتامسەن ياكى هاراق ئىچىپ جالاپخانا ئاچامسەن ؟ ئېيتە !

دۇرنەم كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى ، ئەمدى بۇ زومىگەرگە يا گەپ قىلىشنىڭ ، يا چۇشەندۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى ، پەقەت ئەرلىك غۇرۇرىغا خىلاپ هالدا سۈكۈت قى-لىپ ئولتۇرۇشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى .

شاهىدىن ئەپەندىم سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە يەنە تاماكا يۆگىدى .

— هاراق ئىچكەنگىمۇ شۇنچىۋالا قىلىپ كېتەمدىكىنە ؟ —

دەپ سورىدىم .

— ياق ! گەپ ئۇ ئەمەس ، بۇ گۇي باياندای سۈچىسىنىڭ باشلىقى ئىكەن ، كىشىلەرگە تولىمۇ بىرەھىم ، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان ياۋۇز نەرسىكەن ، شۇڭلاشقا «مامۇت قورساق» دەيىلـ غان بولسا ، ھەممىسى تىك تۇرىدىكەن . كېيىن ئۇقساق ، بۇ گۇي دۇرنەمگە ئىش ـ پەش تارتىپ يۇرىدىكەن ، بولمىسا ، خوتۇن ـ باللىرى بار ئىكەن . بۇ ئەدھەم بىلەن دۇرنەمنىڭ ئىشىدىن ، شۇ كۇنكى ئولتۇرۇشتىن خەۋەر تېپىپ ئالايتەن ئۆچ ئالغىلى كەلگەن گەپكەن .

ئەپەندىم ھېكايىسىنى داۋام قىلدى :

— بىر دەم تىللىغاندىن كېيىن ، بۇ قورساق ھاراقنى كۆر. كىرتىپ ئىستاكانغا يېرىم قۇيدى ۋە ئەدھەمگە قاراپ :

— ئىچە بۇنى ! — دېدى .

— مەن ئىچمەيمەن ، — دېدى ئەدھەم .

— سەن ئىچمىسەڭ مانا كۆرە ، — دەپ غورتۇلدىتىپ ھاراق. نى ئىچىپ تۈگىتىپ «تاق !» قىلىپ ئۈستەلگە قويدى ، ئۇ ئالىقىنى بىلەن ئېغىزلىرىنى ئېرتىۋېتىپ ، بىر كېسىم قېزىنى ئاغزىغا سالدى ، — ھاراق دېگەننى بارغۇ ، — دېدى ئۇ ، — سەندەك لۆم ـ لۆم ھەزىلەكلەر ئىچەلمەيدۇ ، بىزدەك بېلىنىڭ تۆۋىنىگە پولۇنىڭ قۇۋۋىتى بارغان ئوغۇل باللار ئىچىدۇ جۇمۇ .

بولۇۋاتقان ئىشلارغا زادىلا چىدالماي ، غەيرەتكە كېلىپ ئىك. كى ئېغىز گەپ قىلاي دەپ :

— ئاكا ، بىز بۇ يەرگە ئاغىنىمىزنى يوقلاپ ، — گېپىمنى ئەمدىلا باشلىشىمغا ئۇ ماڭا قاراپ :

— قىسىپ ئولتۇرە ، ئەپەندى ! ساڭا گەپ يوق ، ئۆزۈڭچە بېشىڭغا ئىككى قاداق قارا يۇڭنى چاپلىۋېلىپ ئەپەندى بولدۇم ، دەپ مەمەدانلىق قىلاي دەمسەن ، سېنىڭ بېشىڭدىكى ئۇ يۇڭ مېنىڭ پالان نېمەمدىمۇ بار ، — دېدى ھۆركىرەپ .

بىشىمدىن كىرگەن بىر تۇتۇن تاپىنىمدىن چىقىپ كەتتى ، «پاھ ! مۇنداق خورلۇقنى كۆتۈرگىچە يانچۇقۇمدىن قەلەمتىراچنى چىقىرىپ كانىيىغا ئۇرايمۇ ؟ » دەپ ئويلىدىم ، بىراق بۇنداق قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

— مەن ساڭا دەپ قوياي ،— دېدى ئۇ ئەدەھەمگە قاراپ ،— ماۋۇ دېگەن باياندا ، مەن دېگەن مامۇت قورساق ، بۇنىڭدىن كېيىن «غىت» قىلىپ يۈر ، بولمىسا مانا ،— ئۇ قويىنىدىن ئىنچىكە ئىستىۋوللۇق ، دىسكىسى پىرقىراپ ئايلىنىدىغان باراباﺋلىق تاپانچىنى چىقىرىپ ئۈستەلگە قويدى ۋە بىزگە قاراپ قويۇپ ، — ئايىغىڭنى قاراپ باس ، بىزنى يۇمشاق باش قىلمەن دەيدىكەنسەن ، تاپانچىنىڭ ئۇچىنى كۆتۈڭگە تىقىپ ، ئۇچىيىڭنى سۇغۇرۇۋالىمەن سەن ھەزىلەكىنىڭ .

مامۇت قورساق تاپانچىنى قولىغا ئېلىپ ، تورۇسقا قارىتىپ «ۋاڭ !» قىلىپ بىر پاي ئوق ئۈزدى . دۈرنەم چىرقىراپ يىغلىۋەتتى . ئۆي ئىچىنى پۇرۇخ ھىدى قاپلىدى ، ئۇ كۆكۈچ ئىس چىقىپ تۇرغان تاپانچىنىڭ ئاغزىغا «پۇۋ» دەپ پۈۋلەپ قويۇپ قويىنىغا سالدى ـ دە ، گۇرسۇلدەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

ئەپەندىم تاماكىدىن ئىككى نەپەس تارتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى :

— بىچارە ئەدەھەمنىڭ شۇ ھالىتىنى ھازىرمۇ ئېسىمغا ئالسام يىغا يامىشىدۇ ، «ئۇرغاندىن تەڭلىگەن يامان» دېگەندەك ئوغۇل بالىغا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خورلۇق ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىزا بارمۇ ؟ بىرنېمە دەي دېسەڭمۇ جاھان شۇ گۇيىنىڭ . مامۇت قورساق چىقىپ كېتىشى بىلەن ئەدھەم بېشىنى ئۈستەلگە قويۇپلا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . ئۆزىنى ئەر دەپ سانىغان بىر ئوغۇل بالا ياخشى كۆرگەن مەھبۇبىنىڭ ئالدىدا كىشىلەردىن ئاشۇنداق ئازار ئاڭلاپ گەپ قىلالمىسا ياكى «تاراس ـ تۇرۇس» ئىككى قەپەس مۇشت ئاتالمىسا ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئازاب بارمۇ ؟ بۇ قورساق

بىزنى نەق ئىككى سائەت ئاشۇنداق ساراسىمىگە سالدى. ئۇلتۇ-رۇش ئۇلتۇرۇش پېتى قالدى، يېڭى يىل كىردىمۇ — كىرمىدى-مۇ، كارىمىز بولمىدى. بىر چەتتە دۇرنەم، بىر چەتتە ئەدھەم يىغلاۋاتقان.

— ئاخىرى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدىم.

— قانداق بولاتتى، تەسەللى بەردۇق، بولمىدى، ئەتىسى كۆڭلىمىز غەشلا قايتىپ كەلدۇق. كېيىن ئۇقسام، بىچارە ئاغى-نەم ئىككى كۈن ياتاقتىن چىقماي يىغلاپتۇ، ئۈچىنچى كۈنى كۇدە- كۆرپىسىنى ئالغانچە ھېچكىم بىلەن، ھەتتا دۇرنەم بىلەنمۇ خوشلاشماي ئۆز يۇرتى جاغىستايغا يېنىپ كەپتۇدەك. خىزمىتىنى كېيىن يۆتكىۋالغان ئوخشايدۇ، دۇرنەم بىلەنمۇ توي قىلماپتۇ، مېنىڭمۇ ئاخىرقى كۆرگىنىم شۇ بولۇپ قالدى، — دېدى.

ئەپەندىم تاماكىسىنى ئۆچۈردى. ھېكايە ماڭا خېلى تەسىر قىلغانىدى، بوغۇزۇمغا بىرنەرسە كەپلىشىۋالغاندەك بولۇپ قالدىم.

— ئۇ قورساق بارمىكەن؟ ئەدھەم كېيىن ئۆچىنى ئاپتۇمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— شۇنىڭدىن كېيىن ئەدھەمنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدىم، — دېدى ئەپەندىم، — ھاياتمۇ، ئۆلدىمۇ ياكى چەت ئەلگە چىقىپ كەتتىمۇ بۇنىڭدىن بىخەۋەر. ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، «مەنمەن» دەپ جاھانغا پاتمىغان ماموت قورساقنىڭ ئەھۋالىنى سىزمۇ كۆردىڭىز، ئاخىرقى ئۆمرىدە كۈيئوغلىنىڭ بىر پارچە نېنىغا قاراپ ياتامدۇ؟

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— بايىقى ئابلىمىتلارنىڭ داستىخىنىدا ئولتۇرغان قېيناتى-سى ماموت قورساق دېگەن شۇ. مەن بۇرۇن «ئابلىمىت ھېلىقى ماموت قورساقنىڭ كۈيئوغلى ئىكەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان، شۇ ۋاقىتتا ماڭا قىلغان بىر ئېغىز ئاھانىتى ھازىرمۇ يۈرىكىمدىن



www.uyghurkitap.com

چىققىنى يوق ، يوگوروپ بېرىپ ئېتىكىگە بىرنى تەپسەممۇ ئۆچۈم چىقمايتتى ، بىراق نېمە قىلاي ، قانىنى قان بىلەن يۇيغىلى بولامدۇ ؟

ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بۇزۇلغاندەك بولدى ، ئەپەندىمنىڭ گېپىنى ئىسپاتلاش ، ئېنىقراقى ، مامۇت قورساقنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن قورۇغا چىقتىم ، ئابلىمىت ھويلىدا يۈرگەنىكەن .

— ھەي ، ئابلىمىتكا ، مەيەرگە كەلگىنە ، ماۋۇ مىلتىقنى بەتلەپ بەرگىنە ، — دېدىم .

ئابلىمىت بۆلۈمگە كىرىپلا :

— خوش ، ھارىقىڭلار بارمۇ نېمە ؟ بايا «ھايت !» دەۋالساڭلار بولمايتتىمۇ ؟ — دېدى .

— قېيناتاڭ قاراپ تۇرسا ، — دېدى ئەپەندىم .

— ئابلىمىتكا ، قېيناتاڭ كىم بولىدۇ ؟ — دەپ سورىدىم .

— قېيناتىمىز ئەسلىي باياندايلىق ، بۇرۇن مامۇت قورساق دېسە ھەممە ئادەم بىلەتتى ، ئازادلىقتىن بۇرۇن ساقچىدا ئىشلىگەن ، ئۆزى ئويۇنچى ، قاتتىق قول ئادەم بولغاچقا پارتىيە كەلگەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ چاقۇسى بىلەن بىرنەچچە يىل تۈرمىدە ياتتى ، «قان قەرزى يوقكەن» دەپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى ، ھازىر ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ئەنە ، ئۆزىنىڭ ھالىدىن ئۆزى چىقالمايدۇ ، قېيناتىمىز تۇگەپ كەتكەن ، بالىلىرى كۆيۈمى يوق باللار ، تولاراق مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ ، «ۋاي ، دادا» دەپ قويىمەن ، — دېدى .

ئابلىمىت چىقىپ كەتتى . بىزمۇ كارىۋاتقا قىيسايدۇق . ئەپەندىم يەنىلا شۇ توغرۇلۇق بەزى پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ، ئاتىلار سۆزلىرىنى مىسال كەلتۈرگەچ ئاخىرىغا كەلگەندە پەس ئاھاڭدا خەلق ناخشىلىرىدىن بىرنى ئېيتىشقا باشلىدى ، ئەپەندىمنىڭ ئاۋازى ساز ئىكەن .

تەكەببۇر ئەيلىمە ھەرگىز
مەگەرچە ئاسمان بولساڭ .
ئۆزۈڭنى بارچىدىن پەستە تۇت ،
سۇلايمان پادىشاھ بولساڭ ...

ئەپەندىمنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ۋە ھاراقنىڭ كەيپى بىلەن كۆزۈم ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن ، ھويلىدا ئابلىمىتنىڭ :

— ھەي ، ئەكرەم ! بوۋاڭنى يىتىلەپ ھاجەتكە ئېلىپ بار ! — دېگەن ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتىم ۋە مىلتىقنى مۈرەمگە ئېسىپ قورۇنى چارلاشقا چىقتىم .



# هاراق ئىچىدۇ دەيدۇ

خېلىل ئەپەندى كاستۇم ئۇستىدىن شارپىسىنى يۆگەپ پەل-
توسىنى كىيدى - دە، ياقىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىدارە ئىشى-
كىدىن چىقىشىغا شىۋىرغان ئارىلاش ئاچچىق سوغۇق يۈزىگە قات-
تىق ئۇرۇلدى.

— ھە، قايتىپسىز - دە؟

ئۇ پەلەمپەيدە تۇرغان ئىككى بۇرادىرىنى كۆردى. ئۇلارمۇ
پەلتو، قۇلاقچىلارغا ئوبدان چۆمكەلگەنىدى.

— ۋاقىتمۇ توشۇپ قالاي دەپتۇ، شۇڭا قايتتىم، — دېدى
ئۇ، — بۇ يەردە تۇرۇپسىلەر، بىرەر گەپ - سۆز بارمىدى؟

— ھاۋانىڭ ئەلپازى يامان تۇرىدۇ. ئازراق قىزىساقمىكىن
دەپ تۇرۇشىمىز، تاۋىلىرى قانداقكىن؟

— تاۋىمدا چاتاق يوق.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى كۆزەينەكلىك، يەنە بىرى تۆۋەنكى
ئۇدۇل ئۈچ چىشىغا ئالتۇن قاپلاتقانىدى. خېلىل ئەپەندى بۇلار
بىلەن ياخشى ئۆتۈشەتتى. بۇ ئىككىسى شەھەردىكى مۇشۇ چوڭ
ئىدارىنىڭ ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرلىرىدىن بولۇپ، قولىدىن ئىش
كېلىدىغان، شىجائەتلىك كىشىلەر ئىدى.

— ئەمىسە نەگە چۆكىمىز؟ — سورىدى خېلىل ئەپەندى.
ئالتۇن چىش جاۋاب بەردى:

— بۈگۈن قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتىدۇ. ئارتۇق ئولتۇرمايـ
مىز. بارىمىزدە ئازراق زاكۇسكا بىلەن بىر بوتۇلكىنى ئۈچكە
تەڭ بۆلۈپ، ئۆرە تۇرۇپ كوملا قويىمىز، ۋەسسالام.

ھەممىسى ئۇنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بولۇپ مېڭىشتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇلپەتلەر مەشتە ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان ئازادە ئاشخا-نىغا كىرىشكە ئاشخانىدا شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئۈچ نەپەر تەپتىش خادىمى ئۇلارنى قىيقاس - چۇقان بىلەن ئۆز شىرەسىگە سۆرەپ كېلىشتى. ئۇلار ھەرقانچە ئۆزرىخاھلىق قىلىپ باقسىمۇ بولمىدى.

— چوڭ ئىدارىنىڭ باشلىقلىرى بىلەنمۇ بىردەم ئولتۇرۇپ باقايلى، — دېدى سېمىزرەك كەلگەن تەپتىش چاقچاق قىلىپ، — قېنى، بۇ ياققا كېلىڭلار. مانا، مانا ماۋۇ ئورۇندۇققا ... پەلتو، قولاقچىلارنى ماڭا بېرىڭ، مانا بۇ يەرگە ئاسىمىز. قېنى، ئولتۇرۇڭلار. ھاي بالا، بېرى كېلىپ ماۋۇ شىرەنى رەتلەپ پاكىز سۈرتۈۋەت!

بىرئازدىن كېيىن خوجايىن شىرە يېنىغا كەلدى:

— خوش، مېھمانلار، كۆڭلۈڭلار نېمە تارتىدىكىن؟

— ئالدى بىلەن ئىسسىق چاي ئىچەيلى. نېمە تامىقىڭىز بار، ئۇستام؟ — سورىدى خېلىل ئەپەندى.

— ھەممە تاماق بار، يەنە پاقلان گۆشى، كاۋاپ، ساماۋار شورپىسى، بېلىق، توخۇ ...

— ئالدى بىلەن ئازراقتىن تاماق يەيلى، — دېدى كۆزەينەك تاقىۋالغىنى باشقىلارغا قاراپ، — يېرىمدىن ئالتە لەڭمەن.

— بىز ھېلىلا تاماق يەۋالدۇق ... سىز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن بۇيرۇتاي. مېھمانلارغا يېرىم تەخسىدىن ئۈچ ئاش، بىر جىڭ پىششىق گۆش ...

— ئازراقتىن جۇۋاۋا يەيلى.

— مەيلى، نېمە بولسا بولسۇن. قورساقمۇ تازا ئاچتى، — دېدى ئالتۇن چىش، — ئوتتۇز زىخ كاۋاپ ئەكىرگىن!

تالادا شۇرغان ئارىلاش قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتاتتى. ئۆي ئىچىدە گۇركىرەپ ئوت كۆيمەكتە. دەسلەپتە تاماق كەلتۈرۈلدى. ئارقىدىن قورۇما كاۋاپ ۋە كاۋاپ تارتىلدى. ھاراق يوغان روم-

كىدا بىردىن ئايلىنىشى بىلەنلا يۇزلەرگە قىزىللىق تەپتى ، يۈ-رەككە شاد - خۇرام بەخش ئەتتى .

تۇيۇقسىز بۇلۇڭ تەرەپتىن ناخشا ئاڭلاندى . ئۇلار ئۆرۈلۈپ قارىشىدى ، دېرىزە تۈۋىدىكى شىرەدە تۆت يىگىت ئولتۇرغانىكەن . شىرەدە قورۇمىلار ، كاۋاپ زىخلىرى ، هاراق ۋە پىۋا بوتۇلكىلى-رى قالايمىقان چېچىلغانىدى . ئۇلاردىن بىرى بېشىنى شىرەگە قويۇپ ئۇخلاۋاتاتتى . ئىككىيلەن قولاقلىرىنى يېقىن ئەكېلىپ تولىمۇ بېرىلىپ سۆهبەتلىشىۋاتاتتى . يەنە بىرى بولسا كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ كۈچەپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى . ئاۋازى غەلىتە چىققانلىق-تىن ناخشىسى ئانچىمۇ قاملاشمايتتى .

— هەي ! بىزنىڭ ياشلىرىمىز ، — ئېغىر خۇرسىندى كۆ-زەينەكلىك ، — ئىسىت ! ئىسىت ! نېمە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدۇققۇتاڭ ! ياش بولغاندىكىن غايە بولسا ، ئىلىم ئۆگەنسە بولماسمىدى ؟ نومۇس قىلماي ئاشخانىدا ناخشا ئېيتىۋاتـ-قىنىنى قارىمامدىغان . شۇڭلاشقىمۇ بىز خەق ئىلىم - پەندە ، تەرەققىياتتا كېيىن قېلىۋاتىمىز .

ئالتۇن چىش گەپنى تارتىۋالدى :

— تېخى بۇلارنىڭ گېپى يوغان ، بىلىم يوق . هازىر بېرىپ «مىللىتىڭ نېمە ؟» دەپ سورىساڭ «ئۇرغۇي» دەيدۇ .

ناخشا تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى :

هاراق ئىچىدۇ ، دەيدۇ ،
تاماكا چېكىدۇ ، دەيدۇ .

— هەي ، ئۇكىلىرىم ! — دېدى ئالتۇن چىش ئۇلارغا قاراپ ، — ماڭا قاراڭلارا ، بىر چىرايلىق باللار ئىكەنسىلەر ، بىر ئوبدان ئولتۇرۇپسىلەر . مۇشۇنداق سورۇندا ناخشا ئېيتساڭ-لار سەت بولمامدۇ ؟ ناخشا دېگەننى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئېيتىدىغان نېمە .

پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ياشلاردىن بىرى تۈرتكىنىدىن سەل قوزغىلىپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويدى :

— چاتاق يوق ، ئاكىلار ، خاپا بولماڭلار . توختاڭلار، ناۋايى ناخشاڭنى ! — ئۇ ئاغىنىسىنى سىلكىپ ناخشىدىن توختاتتى — ئاغىنىمىز بىرئاز كەيپ بولۇپ قاپتۇ . رەنجىمەيسىلەر …

ئۇخلاۋاتقان ياش بېشىنى كۆتۈردى :

— نېمىگە توختاپ قالدىڭ ؟ ئېيتمامسەن ناخشىنى ؟

— بولدى ، تىنچ ئولتۇرغىنا ، ئاۋۇ ئاكىلىرىمىز پىكىر قىلىۋاتىدۇ .

— ئاكىلىرىمىز ؟ … ئاناڭنى ، — دېدى مەست بۇ تەرەپكە ئالىيىپ قويۇپ ، — ناخشىنىڭ پەيزىنى بىلەمدۇ ئۇ نېمىلەر …

— تولا كاپشىماي جىم ئولتۇرغىنا ، — ھېلىقى ياش ئاغىنىسىنى باستى .

— بولدىلا ، قارىمايلىلا ، — دېدى سېمىز تەپتىش خادىمى ، — بۇلار بىلەن تەڭ بولۇپ نېمە قىلىمىز .

— قۇيە ھارىقىڭنى ، — دېدى كۆزەينەك بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى بېسىش ئۈچۈن ، — قېنى ، شوخ ـ شوخ ئىچەيلى ، بۇ خەققە غەرەز ئۇقتۇرۇش ئىشەكنىڭ قۇلىقىغا تەمبۇر چالغاندەك گەپ .

ئولتۇرۇش ئاستا ـ ئاستا قىزىپ بايىقى كۆڭۈلسىزلىك ئۇنتۇلدى . گۇگۇم ۋاقتى بولغان بولسىمۇ شۇۋىرغان ھامان ئۇۋۇلاپ تۇراتتى .

ئۈچىنچى بوتۇلكا يېرىملاشقاندا سورۇن ئەۋجىگە چىقتى .

— ساماۋار شورپىسى كەلدى ، — دېدى خېلىل ئەپەندى ، — توختا ، ئۇكام ، ماۋۇ بېلىقنى … مۇنۇ ئاشقان تاماقلارنى ئېلىۋېتىپ ساماۋارنى ئوتتۇرىغا قوي ! ھە ، ماۋۇ ئاكاڭنىڭ چوكىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى ، باشقىنى يەڭگۈشلە ! مۇزدەك چايلارنى تۆكۈۋېتىپ ئىسسىق چاي قوي !

كېيىن كىرگەن مېھمانلارنىڭ كەيپچىلىكتە ھېسسىياتى را-

سا پەلەككە يەتكەن بولسىمۇ ، بىراق تەپتىش خادىملىرى مەست بولۇشقا باشلىدى . بولۇپمۇ ، سىمىزرەك كەلگەن تەپتىش خادىمى مەست بولغانسىرى قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ سول قېشىنىڭ قۇيرۇقى ئېگىز كۆتۈرۈلەتتى . ھەركىم ئۆز پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتى . قېشى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن تەپتىش خادىمى خېلىل ئەپەندىگە سۆزلىمەكتە :

— شۇنداق قىلىپ ئىككى قېتىملىق دېلو مۇزاكىرە قىلغاندا مەن ئۆزۈمنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدىم . «زادى مۇشۇنىڭدا مەسىلە بار ، ئاغىنىلەر» دېسەم ، باشقىلار ئۇنىمايدۇ ، قاراڭ ! شۇنىڭ بىلەن تۈرمىگە يەنە بىر قېتىم چىقىپ جىنايەتچى بىلەن راسا تەپسىلىي سۆھبەتلەشسەم ، مەن دېگەندەك ھېلىقى مەسىلىنى كوپپىدە ئوتتۇرىغا قويماسمۇ ، «قاسىسدە» قولىنى قويدۇرۇپ ، باشلىقنىڭ ئالدىغا «پاققىدە» تاشلاپ ، «قانداقكەن ؟» دېسەم ، باشلىق دېگەن تۇرۇپلا كەتتى يېرىم سائەت ، ھا ... ھا ... ھا ! ئاخىرىدا «يارايسەن» دەپ غولۇمغا ئۇرۇپ كەتتى . ھې ... ھې ... ھې !

كۆزەينەك سول تەرىپىدە ئولتۇرغان بىرىگە سۆزلەۋاتاتتى :

— زادى قۇلاقتىن قۇلاققا ، شوپۇر دېگەننى چىڭ تۇتماي سەللا ئەركىلىتىپ قويسىڭىز بېشىڭىزغا چىقىمەن دەيدۇ ...

ھەممەيلەن هاراققا تويدى بولغاي ، ئەمدى ئۆز ئالدىغا كەلگەن هارىقىنى كۆڭلىدىكى كىشىگە «خوش كەتتى» قىلىشقا چۈشتى .

— مۇنداق قىلساق ، — دېدى ياشراق تەپتىش خادىمى ئورنىدىن تۇرۇپ ، — بۈگۈن ھەرقايسىڭلار بىلەن ، ئوچۇقراق ئېيتسام ، سىلەردەك جانجىگەر ئاكىلىرىم بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ ھەمتاۋاق بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشال ، بەختلىك ھېس قىلىمەن . شۇڭا مۇشۇ قولۇمدىكى بىر رومكا هارىقىمنى ، — ئۇ كۆزىنى خېلىل ئەپەندىگە تىكتى ، — مۇشۇ ئاكىمىزغا

تۇتىمەن . ئالدى بىلەن تاتلىقىنى سىز ئىچىڭ ، قالغان ئاچچىقىنى مەن ئىچەي ! ياق ! ياق ! زادى قولۇمنى قايتۇرمايسىز ، ئىچىپ بولـ مىغاندا ، مۇبارەك ئاغزىڭىزنى هاراققا بىر تەگكۈزۈپ قويۇڭ ، هەببەللى ! رەھمەت ! ياشاڭ ئاكا . سىلەردەك پېشقەدەم رەھبەر- لەردىن ئۆگىنىمىز ـ دە . ئىچتۇق ئەمىسە ...

— خوش ، ئۇنداق بولسا مەنمۇ بىر شىڭگىل گەپ قىلىپ قوياي ، — دېدى كۆزەينەك ئورنىدىن تۇرۇپ قولىغا هاراقنى ئالدى ، — هاراق ئۇ يامان نەرسە ئەمەس ، ياخشى نەرسە . گەپ ، بۇنى قانداق ئىچىش مەسىلىسىدە ، — هەممە جىم بولۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى ، — مەن ئۇلۇغ شائىرىمىز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ هاراق هەققىدىكى بىر نەزمىسىنى ئوقۇپ ، مۇشۇ هاراقنى مۇشۇ بۇرادىرىمىزگە تۇتماقچىمەن ، — ئۇ يەنە بىر تەپتىش خادىمىنى كۆرسەتتى .

زاهىر ، ساڭا هۆر ، ماڭا جانانە كېرەك ،
جەننەتنىڭ ساڭا بولسۇن ، ماڭا مەيخانا كېرەك ،
مەيخانە ئارا ساقىيۇ ، پەيمانە كېرەك .

— ئاپىرىن ! ياشاپ كېتىڭ ، دوستۇم .
— قېنى ، كۆتۈرىۋېتىڭ .
— خېلى ئۇزۇن نەزمە ئىدى ، ئاخىرىنى ئۇنتۇپ قاپتىـ مەن ، — دېدى كۆزەينەك .

سىمىز تەپتىش خادىمىنىڭ سول قېشى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ ، تەخسىدىكى توخۇ گۆشىگە قول ئۇزارتىمەن دەپ ئۇستەلگە دۇم چۈشكىلى تاس قالدى .

— مەن شېئىر ئوقۇيالمايمەن ، — دېدى ئالتۇن چىش رومكىنى قولىغا ئېلىپ ، — ئاغىنىمىزنىڭ ، — ئۇ كۆزەينەكنى كۆرسەتتى ، — بۇ هەقتە ساۋاتى يۇقىرى . ئۆزىمۇ قالتىس شېئىر

يازىدۇ ، بىرەر نەرسىنى كۆرسە ئىلھامى شۇنداق تېز كېلىدۇ . خاپا بولمىساڭلار مەن سىلەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرەي . ئاۋۇ شۇمتەكلەر تېخى بىزنى «ناخشىنىڭ پەيزىنى بىلمەيدۇ» دەيدۇ تېخى . ئۇ ناخشىسىنى باشلىۋەتتى :

هاراق ئىچىدۇ ، دەيدۇ ،
تاماكا چېكىدۇ ، دەيدۇ .

— توختاڭ ، ئاداش ، — دېدى كۆزەينەك ، — بۇ ناخشىنى ئايارەينىڭ ئۇچىنچىسىگە ئەمەس ، دەردىڭ يامانىنىڭ بىرىنچىسىگە سېلىپ ئېيتسا قالتىس چىقىدۇ . سىز ئاڭلىغانمۇ ؟ مانا تىڭشاڭ ئەمىسە مەن ئېيتاي :

هاراق ئىچىدۇ ، دەيدۇ ،
تاماكا چېكىدۇ ، دەيدۇ .
ئەللەر ھەرنېمە دەيدۇ ،
دەرد كەلمىسە بىلمەيدۇ .

ناخشا ئاخىرلىشىش بىلەنلا ئالتۇن چىش ئاشىقلارچە سوزۇپ- قىنا «ۋاي ئۆلمەك» دەپ ماختاپ كەتتى :
— ئاپىرىن ! ئاتەش ! ئىتتەك ئېيتتىڭ دوستۇم ، ئۆلمە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سىلىم ھاجى

چۈشلۈك تاماقتا بازار ئاشخانىلىرىنىڭ بىرىگە كىرگەنىدىم . ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا بۇلۇڭدىكى شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارغا كۆزۈم چۈشتى . بۇلارنىڭ ئىچىدىكى سىلىم «قالايمىقان» ماڭا تونۇشلۇق . ئۇ ئۆتكەندە مەككەئى مۇكەررەم ، مەدىنەئى مۇنەۋۋەرلەرگە بېرىپ جانابى روسۇلۇللانىڭ قەدەم ئىزلىرىنى تاۋاپ قىلىپ ھاجى بولۇپ كەلگەچكە ، كىشىلەر ئۇنى ھازىر «سىلىم ھاجى» دەپ ئاتىشاتتى . ئۇنىڭ يۇقىرىسىدا ئولتۇرغان قارىراق كەلگەن كىشىنى «چەت ئەلدىن كەلگەن مېھمانمىكىن» دەپ قىياس قىلدىم .

— ئاغىنىمىز تەلئەت بېشكەكتىن كەلگىلى بىر ھەپتە بولدى ، — دېدى ھاجى ھەممىسى بىلەن بىر قۇر كۆرۈشۈپ بولۇپ بولغاندىن كېيىن مېنى شىرەگە تەكلىپ قىلىپ ، — بۈگۈن «مازار»دىكى تۇغقانلىرىنىڭ قېشىغا ئويناپ چىقماقچى ئىدۇق . ماشىنا كۈتكەچ تاماق يەپ ئولتۇرۇشىمىز ، خوش ، ساڭا نېمە ئەكەلسۇن ؟

— مەن بۇيرۇتۇپ قويدۇم .

تاماقتىن كېيىن بىر پىيالىدىن چاي ئىچكەچ ئۇياقتىن - بۇياقتىن پاراڭلاشتۇق .

— قانداق قىلىمىز ؟ — سىلىم ھاجى تەقەززا بولۇپ سوردى ، — چىقىپ قاراپ باقايمۇ - يا ؟

— ھەي ! كەلمەيدۇ جۇمۇ ، — ئارىدىن بىرى ئەنشەنچىسىز ھالدا دېدى .

— نېمە دەيسىنۇي ؟ — ھاجى چەكچەيدى ، — ئەكرەمجان

ئۇنداق ئىشەنچسىز بالىلاردىن ئەمەس . ۋەدە قىلدىمۇ ، ۋەدىسىدە ئۆلگۈچە تۇرىدىغان بالا دېگىنە . ئۇ دېگەن ئۆز قولۇم بىلەن ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگەتكەن شاگىرتىم تۇرسا ...

— قايسى ئەكرەم ئۇ ؟ — سورىدىم ئۇلاردىن .

— سەن بەلكىم تونۇيسەن ، — دېدى ھاجى ، — ھېلىقى ئەكرەم بىگگۇرچۇ . بۇرۇن پاراۋانلىق شىركىتىنىڭ گاز ماشىنىسىنى ھەيدىگەن . ھازىر يەككە ...

ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى ، سېلىم ھاجىدىن باشقىلىرى مۇنۇ چەت ئەللىك مېھماننىڭ ئالدىدا خىجىل بولغاندەك بىر ھازاغىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇشاتتى . مېھمانمۇ خىجىللىقنى يوشۇرماقچى بولغىنىدەك دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇۋالدى . باياتىن ئۇچقۇنلاۋاتقان قار ئەمدى لەپىلدەپ چۈشۈشكە باشلىغانىدى . چايمۇ ئىچىلىپ بولدى ، ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى . ئەمدى شوپۇرنىڭ كېلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن مېھمانلار ئورنىدا ئولتۇرالماي تېپىرلاپ قېلىشتى .

— ئەمدى كەلمەيدۇ جۇمۇ ! — دېدى چەت ئەللىك مېھمان مۇنداق ئاخىرى چىقماس كۈتۈشتىن زېرىكىپ ، — ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ .

— ئۆزىغۇ ئانچىمۇ يامان بالا ئەمەس ئىدى ، — دېدى سېلىم ھاجى بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ .

— سەل يالغانچىمۇ قانداق ؟ — دېدى چەت ئەللىك مېھمان سۆز قىستۇرۇپ . سېلىم ھاجى ئەمدى ئۆزىنى تۇتالمىدى :

— تاپتىڭ ! توپتوغرا گەپ قىلدىڭ ! بايىتىن بېرى ئاغزىمدىن چىقىرالماي تۇراتتىم . شۇنداق بىر قويمىچى دېگىنە ! شاگىرتىم دېگەن بىلەن كاززاپلىقتا كەلگەندە شەيتانغا دەرس بېرىدۇ ، ئۇنىڭ بۆكىنى بۇنىڭغا ، بۇنىڭكىنى ئۇنىڭغا ...

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم !

سېلىم ھاجىنىڭ سۆزى ئۈزۈلدى . ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ

www.uyghurkitap.com

قاراپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى . ئالدىدا ئەكرەم شوپۇر تۇراتتى .

— قانداق ؟ — دېدى سېلىم ھاجى ھەممىگە غالىبلارچە تەكشى بىر قارىۋېتىپ ، — كېلىمەن دېدىمۇ جەزمەن كېلىدۇ .

— سىلەرنى ساقلىتىپ قويىدۇمغۇ دەيمەن ، — دېدى ئەكرەم دورداي كالپۇكلىرىنى تامشىپ قويۇپ ، — ماشىنىدىن ئازراق چاتاق چىقىپ قالغان ، سەل ھايال بولۇپ قالدىم . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇستام (ئۇ ھاجىغا قاراپ ) ، بۈگۈن كوچىدا ئادەم تولا ، يول يامان قالايمىقان .

كۆپچىلىك يېنىك كۈلۈشتى .

— مەنمۇ ئويلىدىم ! بىگۇر يەۋاتامدىكىن دېسەم كۆن سوغۇق .

ئەمدى ھەممىسى شادلىقتىن كۈلۈشتى .

ھايال ئۆتمەي بۇيرۇلغان تاماق كەلدى . ئەكرەم شوپۇر تاماق يەۋاتاتتى .

— دېدىمۇ چاتاق يوق دەپ ، — سېلىم ھاجى تېخىمۇ روھلىنىپ سۆزلىدى ، — مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ شاگىرتىمدە بۇ ! بىر ئىشنى قىلىمەن دېدىمۇ چوقۇم قىلىدۇ . قېنى ، ئۇكام ، تامىقىڭنى تېزرەك يېگىن . سىلەرگە دەپبەرسەم بىر يىللىرى بۇ بالا ماڭا شاگىرت بولۇپ يۈردى . شۇنداق قارىسام قولىدىن خېلىلا ئىش كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ . «توختا» دېدىم ـ دە ، قورساقتىكى بارلىق ھۈنەرنى ئۆگىتىۋېدىم ، بىر ئوبدان ھۈنەر ئۆگىنىپ ئاندىسى بىلەن سىڭلىسىنى كىشىنىڭ قولىغا قاراتماي باقتى . ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر ، مېنىڭمۇ قولۇم كەڭ ئىدىغۇ ؟ بۇ تەرەپتىن ئەكرەم مەندىن ئېشىپ كەتتى . «بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن ، كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەن شۇ ئىكەن . ئىشلار ئىزىغا چۈشكەندە ، مەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا : «ئىدارىنىڭ ماشىنىسىنى كۆتۈرە ئال !» دەپ شىۋىرلىدىم . ئۇ ئىشنى ئېپىگە كەلتۈ-

رۇپ «قاسسىدە» ماشىنىنى ئالدى. مانا ئەمدى تۆت چاق ئەكرەمـ-
جان ئۈچۈن پىرقىراۋاتىدۇ. ئىقتىسادىمۇ «لەپپىدە» كۆتۈرۈلۈپ
كەتتى. هازىر قولىنى نەگە سۇنسا شۇ يەرگە يېتىدۇ.

ئەكرەممۇ ئۇستازىنىڭ ماختاشلىرىغا مەست بولغاندەك تا-
ماقنى ئىشتىھا بىلەن يەپ بولۇپ ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇشقا
چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا بىزمۇ قوزغالدۇق. سىرتقا چىقساق
بايا يېغىۋاتقان قار تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىغانىكەن. ئەكرەم
شوپۇرنىڭ سۈت رەڭلىك مىنىبۇسىنىڭ ئۈستىگە ئىككىلىك قار
چۈشۈپتۇ.

— قېنى ئەمىسە، ماڭايلى، — دېدى سېلىم هاجى غالىبلار-
چە گىدىيىپ، — قېنى تېز!...

— هاجىكا، — دېدى ئەكرەم كابىنكىدىن بېشىنى چىقىـ-
رىپ، — ماشىنىنىڭ كاربيوراتورىدىن ماي ئېقىۋاتىدۇ. سىلەر
جىندەك ساقلاپ تۇرۇڭلار، مەن بىرىپلا تۈزىتىپ كېلەي...

شوپۇر ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى.

— چاپسان كېلەرسەنمۇ، ئۇكا؟ — دېدى سېلىم هاجى
ماشىنىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، — چاپسانراق ـ هە!

ئەكرەم ماشىنىسىنى هەيدەپ كەتتى.

مەنمۇ خوشلاشتىم. دوقمۇشقا بارماي كەينىمگە بۇرۇلۇپ
قارىغىنىمدا ئۇلار يەنىلا ئاشخانا ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىقتا تۇرۇ-
شاتتى.

ئەمدى شوپۇر ئەكرەم كېلەمدۇ، يوق؟ سېلىم هاجى ئۆز
شاگىرتىنى ماختامدۇ، تىللامدۇ؟ بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ ئىدى.

1987 ـ يىل، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىللار

## 1

ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىپ شەھەردىكى چوڭ ئىدارىلەرنىڭ بىرىگە ئورۇنلاشقانىدىم. ياندۇرقى يىلى كۈزدە مېنى يېزا خىزمىتى ئىشلەشكە ئەۋەتتى. دەسلەپتە كۆڭلۈم خىرە بولۇپ، بۇ قايناق ھاياتتىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىغان بولسىمۇ، يەنىلا بەلگىلەنگەن جايغا باردىم. بۇ ئىلى دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان، مەنزىرىسى تولىمۇ چىرايلىق بىر باغۇەنچىلىك كەنتى ئىكەن. كۆڭۈل غەشلىكىم سەل كۆتۈرۈلگەندەك بولدى.

ئانچىمۇ چوڭ بولمىغان ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنلىرىغا تايىنىپ چوڭ ئېرىقتىن ئۆتتۇم. بۇككىدە دەرەخلىك ئەگرى كوچىغا ئايلىنىپ بىرقانچە قەدەم مېڭىشىمغىلا ئىشىك ئالدىدا تۇرغان سەپەركام ئۇچرىدى. ئۇنى كۆرۈپ خۇددى ئىدارىگە قايتىپ بارغاندەكلا خۇشاللىقتا چۆمۈپ كەتتىم ۋە قولۇمنى كۆكسۇمگە قويۇپ ئەدەپ بىلەن سالام بەردىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ئوھوي… كېلىڭ، ئۇكام، كېلىڭ… ياخشىمۇسىز؟! قانداق قىلىپ بىزنىڭ بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟

سەپەركام گەپ قىلسا يۇقىرىقى كالپۇكى ئۆز ئورنىدا جىم تۇرۇپ، تۆۋەنكى كالپۇكى ھەرىكەتلىنىپ ئاپئاق تەكشى چىشلىرىنى كۆرسىتىپ گەپ قىلاتتى. بۇ ئادەمنىڭ سالام ئورنىغا «ياخشىمۇسىز» دېيىشى ماڭا ماقۇل كەلمىدى. ئۇنىڭ يېشى ئوتتۇزلاردىن خېلىلا ئاشقان، تۇرقى دوغىلاق، يۈزى قىزىل،

كۆكۈچ كۆزلىرى كۈلۈمسىرەپلا تۇراتتى . ئۇزۇن مۇددەت سوت خىزمىتىنى ئىشلىگەچكە ھەممىسى «سەپەر سوت » دەپ ئاتايتتى .

— ھە ··· مۇنداق دەڭ . سىزمۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن كەپسىز دە ، ياخشى بوپتۇ . مانا بىزنىڭ ئۆي مۇشۇ . ئەتىسى-ئاخشىمى بىكار بولسىڭىز كېلىپ تۇرۇڭ ··· ھە ، تاماقنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇردى ؟

— ئاۋۇ مەسچىتنىڭ سول تەرىپىدىكى ئايلانما كوچىدا باتاي دەيدىغان بىر ياش بالا بار ئىكەن ، شۇلارنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇر-دى .

— ھە ··· بولدى ، بولدى ، — دېدى سەپەركام ، — بىز بىر مەھەللىلىك كونا قوشنىلار ، ئاپىسى ئايەتخان ھەدىمىز ياخشى ئايال . ئۇلارنىڭ دادىسى «سەلەيكام ۋاپۇرۇش» دەيدىغان ئادەم ئىدى . ئۇزۇن بولدى تۈگەپ كەتتى . باتاينىڭ ئاكىسى تۇرغانجان بىلەن بىز بىر دېمەتلىك . ھازىر ئۇ ئاياغ كىيىم كارخانىسىدا ئىشلەيدۇ ···

سەپەركام بۇ ئائىلىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى .

— ئوبدان يەرگە ئورۇنلىشىپسىز . بۇلارنى ھەقىقىي كەمبە-غەل دېھقان دېسە بولىدۇ . تازا تايىنىدىغان كۆچ دەڭا . ئەمما بىر گەپنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويااي ، ھەممىمىز دۆلەت كادىرى . مەن بولسام پارتىيىلىك ، سىز دىققەت قىلىڭ ! ··· (ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتتى ) مۇشۇ باتاي بەلكىم سىز بىلەن بىر دېمەتلىك بولسا-مۇ ، بىر تەرىپى دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك ، ئارىلاپ جۈمە نامىزى-غا كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالىمەن ؛ يەنە بىر تەرىپى ، دۆي ئەمگەكلىرىگە ئانچە قاتناشمايدۇ . ھە دېسىلا بازارغا قېچىپ ئاياغ سېتىپ ھايانكەشلىك قىلىدۇ ، بولمىسا ئۆزلىرى جىڭ كەم-بەغەل . قالغان تەرەپلىرى يامان ئەمەس . ھەر ھالدا سىز تەربى-يىنى كۈچەيتسىڭىز بولىدۇ . مۇشۇ گەپ . بوپتۇ ، ئاخشاملىرى مەن ئۆيدە بولىمەن ، كېلىپ تۇرۇڭ ··· ھە راست ، سىلەرنىڭ

تۇزۇم قاتتىق بولمىسا بىرە رومكىدىن ئىچىشىۋالالىمىز تېخى ، باغدا مېۋىلەر بار ... كېلىپ تۇرۇڭ جۇمۇ !

مەن خوشلاشتىم .

## 2

ئانچىمۇ چوڭ بولمىغان سېمونت كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنلىرىغا تايىنىپ چوڭ ئېرىقتىن ئۆتتۈم . بۇكىدە دەل ــ دەرەخلىك ، تانا تارتقاندەك تۈپتۈز كوچىغا كىرىشىم بىلەن يەنە سەپەركامغا ئۇچراپ قالدىم . ھەر ئىككىمىز ناھايىتى خۇشال كۆرۈشۈپ كەتتۇق .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! ... بەللى ، مانا ، مانا ، ئۆلمىسەك كۆرۈشىدىكەنمىز ... خېلى بۇرۇنلا سىزنى ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتتى دەپ ئاڭلىغانىدىم ، ياخشى قىپتىكەنسىز ، قاچان كەلدىڭىز ؟

— كەلگىلى بىر ھەپتىدەك بولۇپ قالدى . ھە ، ئاكا ، ئۆزىڭىز ؟ ئۆيئىچى ؟

— ئەلھەمدۇلىللا ، ياخشى ... مانا بىزمۇ مۇشۇنداق يۈرىدۇق . خوش بۇ ياقلارغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ قاپسىز ؟ يۈرۈڭ ، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى .

— رەھمەت ، — دېدىم مەن ، — بىز بىرقانچىمىز مۇنداق بىر ئىش بىلەن كەلگەن : يېقىندا «ئىلى مەشرىپى»نى كىنوغا ئالماقچى بولغان دەڭا . بۇنى يېزىلىق ھۆكۈمەت مۇشۇ ئەتراپتىكى قۇربانتاي ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ . كۆرۈپ كېلەي دېسەم يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئادەم يوق . ئۆيىنى بىلمەيدىكەنمەن . ھېلىمۇ ياخشى سىز ئۇچراپ قالدىڭىز ...

— قۇربانتاي ھاجىمنىڭ ئۆزىنى كۆرمىدىڭىزمۇ ؟

— يوقسۇ ...

— مۇنداق دەك ، — دېدى سەپەركام ، — هاجىم هازىر قالتىس باي بولۇپ كەتتى . سالغان ئۆيلىرىنى كۆرسىڭىز راستلا كىنوغا ئالغۇدەك ئېسىل ، ئۆز زامانىسىدىكى هۇسەنباي هاجىمۇ مۇنداق قورۇ - جاي سالمىغاندۇ ... ئۇنىڭ ئۇستىگە مەهەللىنىڭ مەسچىت ، مەكتەپلىرىنى يېڭىلاپ چىقتى . مۇنۇ كوچىلارغا شېغىل ياتقۇزۇپ بەردى . ئۆزىنى راستلا تونۇمامسىز ؟

— پەقەت ئەسلىيەلمىدىم ...

سەپەركام كۇلۇپ كەتتى .

— ها - ها - ها ! ... ئۇنداق بولسا مەن سىزگە تونۇشتۇرۇپ بېرەي . بىر ۋاقىلاردا سىز شېجاۋ (سوتسىيالىستىك تەربىيە )غا كەلگەندە ئۆيىدە تاماق يېگەن كەمبەغەل دېهقان باتاي شۇ ...

— نېمە ؟ !

هەيرانلىقتىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم .

— ئەسلىي ئىسمى قۇربانتاي . كىچىكىدە ئەركىلىتىپ «باتاي» دەۋالغان . قېنى مۇنۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇڭا ، پۇتىڭىز تېلىپ قالدى . كېيىن شۇ سېتىقچىلىق بىلەن بولۇپ يۈرۈپ ، زامان ئوڭشالغاندا ئاتا كەسپى ۋاپۇرۇشلۇق بىلەن بىردىنلا بېيىپ كەتتى . ئۆزىنىڭمۇ جىگىرى بار يىگىت ئىدى . مانا قارىمامسىز ، شۇ ئىشلارغا قانچىلىك بولدى ؟ (ئۇ بارماقلىرىنى پۈكۈپ هېسابلاپ ) قېنى ، 1964 - يىلىدىن هېسابلىغاندا توپتوغرا يىگىرمە توققۇز يىل بوپتۇ . مانا مەنمۇ بۇ يىل ئاتمىش تۆت ياشقا كىردىم . سىزمۇ بالا ئىدىڭىز ، هازىر ئەللىكلەردىن ئاشقانسىز ؟ (ئۇ كۇلۇپ كەتتى ) مۇشۇنداق جاهان ئىكەن . بىر زامانلاردا ئەڭ كەمبەغەل دەپ ئىزدىگەن ئادىمىڭىز هازىر كاتتا باي بولۇپ كېتىۋېدى يەنە ئىزدەۋاتىسىز ...

چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كېتىپتىمەن . «راست ئەمەسمۇ ، نېمىدېگەن ئۆزگىرىشلەر ؟ ! ... » .

— خوش ، ئۆزىڭىزچۇ ، سەپەركا ؟

— خېلى بولدى پېنسىيىگە چىقىۋالدىم ، ئۆزۈڭىز ياخشى مۇشۇ گۆجى زىڭشىك[1] دېگەن كېسەل چاپلىشىۋېلىپ ، بىراق ماڭالمايمەن ، — ئۇ قولىدىكى هاسا تايىقى بىلەن ئۆتۈكنىڭ قونچىغا بوش ئۇرۇپ قويدى . ئۇنىڭ سەل چاڭ باسقان ئۆتۈكنىڭ باشلىقىدا بەش بارمىقىنىڭ ئىزى تۇراتتى . دېمەك ، بۇ سەپەركام هازىر بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىكەن ـ دە … ئۇ ئانچىمۇ ئۆزگەرمەپتۇ . گەپ قىلغاندا يەنىلا تۆۋەن كالپۇكلىرىنى هەرىكەتلەندۈرۈپ شالاڭلاشقان ئاستىنقى چىشلىرىنى كۆرسىتىپ قوياتتى .

— مەسچىتكە چىقىپ تۇرارسىز ؟ — دەپ سورىدىم .

— هە ، پېنسىيىگە چىققاندىن بېرى … «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە» دەپ جامائەت بىلەن جۈمە نامىزىغا چىقىمەن . بامداتنى ئۆيدە ئوقۇيمەن . زېرىكىپ كېتىپ تۈت كوچا ئاغزىغا بىر دۇكان ئېچىپ قويدۇم . ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر … ئەل ـ ئاغىنىلەر يىغىلىپ پاراڭلىشىپ قارتا ئوينايمىز . هوي ، پاراڭ بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ئۆيگە كىرمەپتىمىزغۇ ! ؟ يۈرۈڭ ، ئۆيگە كىرەيلى …

ئۇ ، ئالدىمدا هاسىسىغا تايىنىپ توكۇسلاپ ماڭدى . مەنمۇ ئەگىشىپ قورۇغا كىردىم .

— ئاھ ! يىللار …

[1] گۆجى زىڭشىك — كۆمچەك ئۆسمىسى دېمەكچى .

# ئىككى جۈپ كۆز

يىگىت كۈننىڭ ئىسسىقلىقىدىن پاناھلىنىپ ، يولنىڭ غەر-بىي قاسنىقىدىكى بۈككىدە ئاكاتسىيە دەرەخلىرى ئاستىغا قاتار قويۇلغان ئۇستەلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بىر بوتۇلكا پىۋا ئالدى . «ۋاققىدە» ئېچىلغان بوتۇلكىدىن ئېتىلىپ چىققان كۆ-پۈكلۈك مۇزدەك پىۋىنى ئەينەك ئىستاكانغا قۇيۇپ بىر قېتىمدىلا ئىچىپ تۈگىتىپ راھەتلىنىپ كەتتى .

— ئۇھ ، پاھ ! پاھ ! نېمىدېگەن راھەت ...— ئۇ ئىستاكاننى ئىككىنچى قېتىم تولدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن قاپلىق تاماكىسى-دىن بىرنى ئېلىپ لىۋىگە قىستۇرۇپ ئوت تۇتاشتۇردى .

ئەتراپقا «سوغۇق ئىچىملىك» ساتقۇچىلارنىڭ توڭلاتقۇلىرى قاتار قويۇلغان ، ھەربىرىنىڭ ئۈستىدە پىۋا ، ماروژنى ، قېتىق قاتارلىقلارنىڭ ئەۋرىشكىسى قويۇلغان . پىيادىلەر ماڭىدىغان يول مۇشۇ باراقسان ئاكاتسىيە دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدا بولۇپ ، ئىس-سىقتا ئادەمگە تولىمۇ راھەت بېغىشلايتتى .

يىگىت ئىككىنچى ئىستاكان پىۋىنى ئەمدىلا ئاغزىغا ئاپىرى-شىغا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا چىرايلىق بىر پەرىزات ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ نېپىز ، قىسقا كوپتا-يوپكىسى ئاپئاق بەدىنىگە ھىم كەلگەن ، چېچىنى يېڭى پاسوندا تۈرمەللەپ ، يۈزىگە بىلىنەر - بىلىنمەس پەرداز قىلغانلىقتىن تولىمۇ چىرايلىق ، ئوماق كۆرۈنەتتى . «پەرىزات» دۇكان ئىگى-سىگە تېلېفون ئۇرماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . بۇ دۇكاندا «ئام-مىۋى تېلېفون» بارلىقىنى يىگىت ئەمدى بايقىدى . قىز تېلېفون ئارقىلىق چاقىرغۇ ئاپپاراتنى چاقىرىپ بولۇپ ، قارشى تەرەپكە

www.uyghurkitap.com

بۇ تېلېفون نومۇرىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئاپپاراتنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان نومۇرنى ئېيتىپ بېرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى-دە، يىگىتكە «لەپپىدە» قارىدى.

قىزنىڭ ئوتلۇق قارىشى يىگىتنى سەل بىئارام قىلدىمۇ، ئۇمۇ قىزنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە بىر قاراۋېتىپ ئىستاكاننى ئاغزى-غا ئاپاردى. ياشقىنە دۇكان ئىگىسىمۇ بۇ قىزنىڭ نازۇكەرەشمى-لىرىگە شەيدا بولۇپ، «پەرىزات»نىڭ خىزمىتىگە تەييارلىنىپ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالالماي قاراپ تۇراتتى.

تېلېفون جىرىڭلىدى.

— مېنىڭغۇ دەيمەن؟! — قىز شۇنداق دېگەچ تېلېفوننى دەررۇ قولىغا ئالدى. راستتىنلا قىزنىڭ ئىكەن.

يىگىت بىر جۈپ كۆزىنى قىزنىڭ تۇرقىغا تىكىپ قاراپ تۇرۇپلا قالدى. قىز سۆزلەشمەكتە:

— ئۇنتۇپ قالدىڭىزما؟ ھەي، ماڭا قاراڭە، سىز نېمىدېگەن يالغانچى ... ئاخشام ياتاققا ئەكېلىپ قويۇپ، «كېلىمەن» دېگەن ئادەم تېخىچە نەدە يۈرۈيسىز؟ ھۇ، ئالدامچى! پوچى، — قىز كۈلۈپ كەتتى، — ۋەي، ماڭا قاراڭە، «غولجىلىق پوچى» دېسە ئىشەنمەپتىكەنمەن، راستتىنلا پوچى ئىكەنسىز جۇمۇڭ، نېمە؟ ياق بولدى! كېلەمسىز؟ ئۇنداق بولسا مەشەدە قاراپ تۇرىمەن، قەيەردە دەمسىز؟ مەن نەدىن بىلەي، شەھىرىڭىزگە تېخى ئاخشام كەلسەم ... ھازىر كوچىدىن تېلېفون بېرىۋاتىمەن ...

قىز تېلېفوننى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ يىگىتتىن سورىدى:

— بۇ قەيەر؟

— ئېلى مېھمانخانىسىنىڭ ئالدى دەڭ، — دېدى يىگىت، — توختاڭ، بولمىسا، رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئالدى دېسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— ۋەي! مېنىڭ تۇرغان يېرىم رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئالدى ئىكەن. نېمە؟ ھا! ھا! ھاي، كالۋا! «ئىشتانسىز» دېمى-

دىم ، رادىئو ئىستانسىسى دەۋاتىمەن . مېھمانخانىنىڭ يېنىدىمۇ ؟
ئۆلە قېرى ، تېزرەك - ھە ! ھا - ھا !

قىز تېلېفوننى قويۇپ كىچىككىنە پۇل قاپچۇقىدىن بىر سوم چىقاردى .

— يەتمىش تىيىن ، — دېدى دۇكانچى ، — توختاڭ ، ماۋۇ ئوتتۇز تىيىننى ئېلىڭ .

قىز يېنىك قەدەملەر بىلەن بەللىرىنى تولغاپ مېھمانخانا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى . يىگىت بىر جۈپ كۆزىنى قىزنىڭ ھۆسن- جامالىدىن ئالالمىغان ھالدا ئويلىدى : «كاساپەت ، سىرتتىن كەپ- تۇ . چوقۇم بىر چوڭراق پۇللۇق سودىگەر ئېلىپ كەلگەن ئىكەن- دە ؟ پاھ ! نېمىدېگەن بەدەن بۇ ؟ !»

ئۇ قالغان پىۋىسىنى ئىچىپ تۈگەتتى - دە ، پۇلنى تۆلەپ دەرھال قىزغا ئەگەشتى . قىز يىگىرمە قەدەمچە ئالدىدا تولغىنىپ كېتىپ باراتتى . قىز بىردىنلا مېھمانخانا دەرۋازىسى يېنىدىكى ماگىزىن ئالدىدا تاكسىدىن چۈشكەن گەۋدىلىك بىر ئادەمنىڭ يېنىغا ئۈچۈپ دېگەندەك يېتىپ باردى . بۇ ئادەم قويۇق قارىياغاچ سايىسىدە تۇرغانلىقتىن يىگىت ئۇنى ئوچۇق كۆرەلمىسىمۇ ، ئۇ ئادەمنىڭ كىيىۋالغان شلەپىسى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزلىرى- نىڭ قىزغا تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى پەرەز قىلدى - دە ، ئىتتىك ئايلىنىپ ئۆتۈپ ، ئۇ ئادەمگە كۆزى چۈشۈشى بىلەنلا ۋارقىراپ تاشلىغىلى تاسلا قالدى .

— دادام ! ! !

1996 - يىل ، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سەپەر ئالدىدا

يولۇچىلار ئاپتوبۇسنىڭ كابىنكىسى ناھايىتى ئازادە بولغاچلىقتىن ھەرقانداق كىشىنىڭ ئولتۇرغۇسى كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بەزى يولۇچىلار ماشىنىغا چىقىشتىن بۇرۇن، كەچقۇرۇنلىرى توخۇلار قونداقنى بويلىغاندەك، كابىنكا ئەتراپىنى بىرقۇر بويلاپ باقىدۇ. بىراق، بۇنداق راھەت ئولتۇرۇش ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش ناھايىتى قىيىن. مىجەزى ئوسال، قاپىقى يامان شوپۇرلار كابىنكىغا ئاسانلىقچە ئادەم سالمايدۇ. مۇبادا ئادەم سېلىۋېلىش توغرا كەلسىمۇ، تولا يۆتىلىپ، ئۆزىنى ئارانلا ئوڭشاپ ماڭىدىغان بوۋايلارنى ياكى ماشىنا ئازراقلا لاڭقىپ كەتسە ئەنسىزلىك بىلەن ئىنجىقلاپ ئولتۇرىدىغان مومايلارنى ۋە ياكى شەپكىسىنى بېشىغا چوقچايتىپ قوندۇرۇۋالىدىغان ئۇزۇن چاچ ياشلارنى سالماستىن، تولا ھاللاردا خۇشخۇي ياش چوكانلارنى سېلىۋالىدۇ. ئاندىن شوپۇر يول بويى ئاغزىغا تاماكىنى قىڭغىر چىشلىۋېلىپ، قوشۇمىسىنى سەل تۈرگەن ھالدا ئۆزىنى كىنولاردىكى رازۋېدكىچىلار قىياپىتىگە كىرگۈزۈۋېلىپ رولنى ھەۋەس بىلەن ئايلاندۇرىدۇ. ئۇلار بۇ رول بىلەن ماشىنىنى ئەمەس، بەجايىكى دۇنيانى پىرقىرىتىۋاتقاندەك لىرىك ھېسسىياتقا تولۇپ ماڭىدۇ. ياش چوكان بولسا قىپقىزىل، نەمخۇش لەۋلىرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، شوخ نازۇكەرەشمە بىلەن ئۇنىڭ جىددىي قىياپىتىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرىدۇ. شوپۇر بۇ ھالنى ئالدىدىكى كىچىككىنە ئەينەكتىن بايقاپ تۇرىدۇ.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. مېنىڭ بېلىتىم بىرىنچى نومۇر بولغاچقا، ئالدىنقى رەتتىكى دېرىزىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدىم.

كابىنكا ئىچى تېخى بوش . «يېنىمدىكى ئىككى كىشىلىك ئورۇنغا قانداقراق ئادەم كېلىپ ئولتۇرار» دېگەن ئەندىشە مېنى بەند قىلىۋالدى . «مۇبادا ئاغزى بېسىلمايدىغان كاسكا كېلىپ قالسا ئىككى كۈنلۈك بۇ ئۇزۇن سەپەردە ئادەمنى تويغۇزۇۋېتىدۇ-دە !» بىرئازدىن كېيىن يېنىمغا ئىككىنچى نومۇر كېلىپ ئولتۇردى ، بۇ يېشى ئوتتۇزلار ئەتراپىدىكى ئورۇق كىشى ئىكەن . ئىككى مەڭزى زىنىخلارغا چاپلىشىپ كەتكەنىنىڭ ئۈستىگە يۈزى سوزۇق ، كۆز قاپاقلىرى ساڭگىلاپ چۈشكەن بولۇپ ، تۇرقى بەئەينى قارا سۇدىكى ئىت بېلىققا ئوخشاپ كېتەتتى . ئارقىدىنلا ئۈچىنچى نومۇر چىقتى ، ئۇنىڭ ياش قۇرامى ئىككىنچى نومۇر بىلەن ئانچە پەرقلەنمىسىمۇ ، ئۆزى خېلى كېلىشكەن ، چىشىنى كۈنگە ئىككى قېتىم چوتكىلاپ ، چاپىنىنىڭ ئىزمىسىنى كېكىردىكىگىچە ھىم ئېتىۋالىدىغان كادىر سۈپەت ئادەم بولۇپ ، قارا سوكنا چاپىنىنىڭ ئۈستىگە كونىراق ھەربىيچە جۇۋا يېپىنىۋالغانىدى . ئۇ چىقىپلا كابىنكىنىڭ بوش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، كابىنكا ئىچىگە بويىنىنى سوزۇپ قاراشقا باشلىدى . ماشىنىنىڭ ئىچى بىلەن كابىنكا ئارىلىقىدىكى ئىشىك ئېتىك بولغاچقا يېنىمغا كېلىپ ئەينەكتىن بېشىنى تالاغا چىقاردى . ئۇنىڭدىن مەرۋايىت ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان ئېسىل يۈز ماينىڭ ھىدى كېلىپ بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى . ئۇ ماشىنا ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن شوپۇرغا قاراپ :

— ئۇستام ، مېنى كابىنكىغا سېلىۋالسىڭىز ، — دېدى .

شوپۇر ئۇستام زۇۋان سۈرمىدى .

— مېنى كابىنكىغا سېلىۋالسىڭىز قانداق ! — دېدى ئۇ يەنە ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ ، — مەن بولسام پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە بىلەن كېتىۋاتقان «خادىم» ، سومكامدا مەخپىي ھۆججەت ...

شوپۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق بىر ئالايدى - دە ، گەپ قىلماستىن نېرى بېرىپ ماشىنىنىڭ ئالدى دېرىزە ئەينىكىنى سۈرتۈشكە باشلىدى ، پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە بىلەن كېتىۋاتقان «خا-

دىم» ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىغىنىچە تۈتۈنچى يارقى-
راپ تۇرىدىغان ئىچى لىق «مەخپىي ھۆججەت» بىلەن تونۇلغان قارا
سومكىسىنى ئالدىغا قويۇپ ئۆز جايىغا ئولتۇردى . «ئىت بىلىقى،
مەن تەرەپكە سۈرۈلۈپ ئورۇن بەردى . بەشىنچى ، ئالتىنچى ،
يەتتىنچى ، سەككىزىنچى نومۇرلار ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىشقا
باشلىدى . شۇ ئارىلىقتا بېكەت نازارەتچىلىرىدىن بىرى ساغرىسى
تار شىمىغا «لىققىدە» كەلگەن ياش بىر چوكاننى باشلاپ كېلىپ ،
شوپۇرغا بىرنېمىلەرنى دېدى . شوپۇر گەپمۇ قىلماي ، ئالدىرىماي
كابىنكا ئىشىكىنى ئېچىۋېدى ، چوكان چەبدەسلىك بىلەن كابىنى-
كىغا كىرىپ ، ئوڭ قول تەرەپتىكى يۇمشاق ئورۇندۇق ئۈستىگە
جۈۋىسىنى قويۇپ ساق ـ سالامەت جايلىشىۋالدى . چوكاننىڭ
ياشلىق بەرق ئۇرۇپ تۇرغان تولۇن ئايدەك جامالىدىن كۈلكە
يېغىپ ، مەمنۇن بولغان ھالدا ئەتراپقا كۆز تاشلىدى . شوپۇر
بولسا ھامان بىر خىل ھالەتتە قاپىقىنىمۇ ئاچماي ، ئۆز ئىشى
بىلەن بەند ئىدى . «بۇ ئۇلارغا زاكىسىدىن تەگكەن كېسەل ، —
دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ، — ھازىرچە بۇ چوكانغا ئېتىبارسىز
قارىغاندەك قىلىدۇ ، قېنى ، ئالدىمىزدىكى قونالغۇغا بارغاندا چو-
كاننىڭ ئالدىدا ايناقلاپ كەتمىگىنىنى كۆرەي !» بۇ ھالنى كۆر-
گەن ھېلىقى پەۋقۇلئاددە «خادىم» تېخىمۇ غەزەپلەندى ۋە ئاڭلى-
نار ـ ئاڭلانماس قىلىپ كىمدۇر بىرىنى «ئىت ئەمگەن» دەپ
غايىبانە تىللىدى . ئارقامدىكى ئورۇندۇقتا يوغان تىۋىت رومالىنى
بېشىغا چۆمكەپ يۆگىگەن بىر موماي ، ئۇنىڭ يېنىغا ئىككى
مەكزى قىپقىزىل ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم كېلىپ ئولتۇردى ،
ئېھتىمال ، سودىگەر بولسا كېرەك . ياش بىر ساقچى ماشىنىغا
چىقىشى بىلەنلا سودىگەر يېنىدىكى مومايغا قاراپ :
— مانا ئەمدى يولخەت تەكشۈرىدۇ ، — دەپ ئېلان قىلدى .
راستىنىلا شۇنداق ئىكەن ، ھەممىمىز يولخەتلىرىمىزنى قو-
لىمىزغا ئېلىپ تۇردۇق . ساقچى بىر چەتتىن تەكشۈرگىلى تۇر-

دى . ئۇ بەزىلەرنىڭ خېتىنى كۆرۈپلا ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەت-
تى . بەزىلىرىنىڭ ئىسمىنى ، بەزىلىرىنىڭ يېشىنى سوراپ قويات-
تى . نۆۋەت پەۋقۇلئاددە «خادىم»گە كەلدى . ئۇ ئالدىغا قاراپ
جىملا غادىيىپ ئولتۇراتتى . ساقچى : «سىزنىڭ يولخېتى-
ڭىز ؟ » دېگەندىن كېيىنلا ، ئۇ ئۇدۇل قاراپ ئولتۇرغىنىچە قىيا-
پىتىنىمۇ بۇزماي ، مىدىرلاپمۇ قويماي ، ئوڭ قولى بىلەن يولخې-
تىنى باش ئۈستىدە تىك تۇرغان ساقچىغا سۇنۇپ بەردى . ساقچى
خەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ سورىدى :

— ئىسمىڭىز نېمە ؟

ئۇ سەل مىدىرلاپ قويدىيۇ ، قىياپىتىنى بۇزماي :

— كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە سورايسىزغۇ ؟ ئىسمىم ئاشۇ قول-
ڭىزدىكى خەتكە يېزىلغان ، — دە ، — دېدى .

— كۆرۈۋاتىمەن ، يېزىلىپتۇ . بىراق مەن ئۆزىڭىزدىن
«ئىسمىڭىز نېمە ؟» دەپ سوراۋاتىمەن .

— كۆزىڭىز بولسا كۆرمەمسىز ، — دېدى «خادىم» ، —
يولخەتكە جۇڭگو يېزىقى بىلەن يازغاندۇ ؟ !

— شۇنداق ، جۇڭگو يېزىقى بىلەن يېزىلىپتۇ ، — دېدى ياش
ساقچى تەمكىنلىك بىلەن ، — زادى ئىسمىڭىز نېمە ؟

— ماڭا قاراڭا ، — قىزىشتى «خادىم» ، — ئەھۋالدىن
قارىغاندا ، ساۋاتسىز ئوخشىمامسىز ، شۇنداقمۇ ؟ قېنى ساۋاتسىز-
لىقىڭىزغا ئىقرار بولۇڭ ، مەن ئوقۇپ بېرەي .

ساقچى پوكاندەك قىزىرىپ :

— مېنىڭ سىزدىن گەپ سوراش هوقۇقۇم يوقمۇ ؟ — دەپ
سورىدى .

«خادىم» دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ جىم ئولتۇرۇۋالدى . بۇ
ماشىنا ئىچىدىكى ۋەزىيەت خېلى ياخشىدەك قىلىۋېدى ، مانا بۇ
«خادىم»نىڭ قوپاللىقى بىلەن بىرەر ماجىرا چىقىپ ، ۋاقتىدا
يولغا چىقىشىمىزغا تەسىر يەتمىگىدى ، دەپ ئويلاپ :

www.uyghurkitap.com

— بولدى ، تالاشماڭلار ، چاپسانراق ماڭايلى ، سىزمۇ ئىس-مىڭىزنى ئېيتىپلا بەرسىڭىز بولىدىغۇ ؟ — دېدىم «خادىم»غا قاراپ .

ئۇ ماڭا بىر ئالىيىپ قويۇپ :

— مانا قىزىق ! كۆزى بولغاندىن كېيىن ئۆزى ئوقۇشى كېرەك - دە . يا ئۇ خەتنى مەن ئۆزۈم يېزىۋاپتىمەنمۇ ياكى بىرەر يېرىگە قەلەم تەگكۈزۈپتىمەنمۇ ؟ — دەپ غودۇڭشىغىنىچە جىم بولدى .

ياش ساقچى گەپمۇ قىلماي ، قىزارغىنىچە قالغانلارنىڭ يول-خېتىنى كۆرۈش ئۈچۈن ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە كەتتى . ساق-چىنىڭ بۇ قورقۇنچاقلىقى «خادىم»نىڭ خورىكىنى ئاشۇرۇۋەتتى .

— تېخى مېنىڭ ئىسمىمنى سوراۋاتقىنىنى قارا ، — ئۇ دىمىغىنى يەنە قاقتى ، — مەن مۇنداق تۇرغىنىم بىلەن پەۋقۇلئاد-دە ۋەزىپە بىلەن كېتىپ بارغان خادىممەن ، مانا مۇشۇ سومكىدىكى ھەممىسى مەخپىي ھۆججەت ! ماڭا غىدىڭ - پىدىڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلىۋاتقىنىنى ...

ئۇ گەپلەرنى ئالدىرىماي ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلەيتتى . «ئىت بىلىق» بۇ ئادەمنىڭ قورقماس ، باتۇرلۇقىغا ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ چوڭ كادىر ئىكەنلىكىگە زوقلاندى . ئۇنىڭ ئالدىدا بىر «خادىم» ئەمەس ، بەلكى جىنياڭ داۋنىدا مۇشت بىلەن يولۋاس ئۆلتۈرگەن ۋۇسۇڭ ئولتۇراتتى . «ئىت بىلىق» دەرھاللا يانچۇ-قىدىن تاماكا ئېلىپ ئۇنىڭغا تۇتتى :

— ئۆزىڭىزنى بىسۇۋېلىڭ ، تاماكا چېكىڭ ، — دېدى «ئىت بىلىق» ، — قالتىس دەككىسىنى بەردىڭىز - دە ! ۋاي ، ۋاي ، ۋاي ، دېمىسىمۇ بۇلارنىڭ تولىمۇ خورىكى ئۆسۈپ كەتكەن ، چاتى-قى نېمە بىر ئادەمنىڭ ئىسمى بىلەن ، خەتنى كۆرسە بولمىدىمۇ ؟

سەرەڭگە چېقىلىپ تاماكا تۇتاشتۇرۇلدى ، «خادىم» بۇ خۇش پۇراق تاماكىدىن راسا ھۇزۇر قىلىپ ، ئارقا - ئارقىدىن ئىككى-

ئۈچ قېتىم شورىدى .

— خەپ ، — دېدى «خادىم» ، — شەيتاننىڭ كەينىگە كىر-سەم ھازىرلا كانىيىدىن ئالىمەن بۇ ئىت ئەمگەنننىڭ ، بوپتۇ ، مەن تېخى ئۆز سالاھىيىتىمنى تولۇق ئاشكارىلىغىنىم يوق . يەنىمۇ تۇتۇشۇپ قالارمىز ، مېنى ماشىنىدىن قالدۇرۇش بۇ ياقتا تۇر-سۇن ، بىر سائەت ۋاقتىمغا دەخلى يەتكۈزسە كاللىسى بىلەن جاۋاب قىلىدۇ .

— راست ، راست ، ئەلۋەتتە كاللىسى بىلەن - دە ، — «ئىت بېلىق» تاماكىسىنى بىر شورىۋېلىپ سۆزلەپ كەتتى ، — مېنى بىر ئىش ناھايىتى ھەيران قالدۇردى …

«خادىم» : «نېمە ئىش ؟» دېگەندەك نەزەردە ئۇنىڭغا قارىدى .

— سىزنى دەيمەن ، — دېدى «ئىت بېلىق» ، — ھېلىمۇ ئۆزىڭىزنىڭ شۇنچە ياش ، خىزمەت ئورنىڭىزنىڭ ناھايىتى يۇقىرى بولۇشىغا قارىماي تولىمۇ كەمتەر ئىكەنسىز ، باياتىن مېنىڭ قورقىنىم : «شارتلا» قىلىپ يان قورالىڭىزنى چىقىرىپ ئۆل-مەيدىغان يېرىگە ئېتىپ تاشلىسا ، يا ئاللا ، قانداقمۇ قىلارمەن» دەپ پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى دەڭ .

— ھە ، شۇنىڭدىن قورقتىڭىزمۇ ؟ مۆرىتى كېلىپ قالسا شۇنداقمۇ قىلماي بولمايدۇ - دە . ئۇ بىز ئۇچۇن قانچىلىك ئىش ئىدى دەيسىز ، تولىمۇ ھەددىدىن ئاشتى بۇ ئىت ئەمگەن .

— ئۆتكەندىمۇ بىر قېتىم ماشىنىغا چىقسام مۇشۇ ساقچى مېنى خېلى ئاۋارە قىلغانىدى … — دەپ دەرد ئېيتقىلى تۇردى «ئىت بېلىق» .

— ۋاي ، خۇدايىمەي ! — دېدى كەينىمدە ئولتۇرغان موماي ، — تېزرەك ماڭسىمۇ بولاتتى . نېمە دېيىشىۋاتىدىغاندۇ بۇلار ؟

قىزىل يۈزلۈك سودىگەر مومايغا چۈشەندۈردى :

— ئۇلار داۋلىشىۋاتىدۇ ، مەن باياتىن ھەممە گېپىنى

ئاڭلاپ تۇردۇم . مۇنۇ ئولتۇرغان («خادىم»نى كۆرسەتتى) گەپ سۆزىدىن قارىغاندا خېلى چوڭ باشلىق ئوخشايدۇ . ئاۋۇ ساقچى ئۇقماستىنلا «سومكاڭنى تەكشۈرىمەن» دېۋىدى ، بۇ كىشىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ «باشقىلارنىڭ يۈك ـ تاقىنى تەكشۈرمەي مېنىڭكىنى تەكشۈرىدىغان نېمە ھەققىڭ بار» دەپ تاكاللىشىپ قالدى ، — دەپ قاپقارىسىغىلا يالغاندىن تەرجىمە قىلغىلى تۇردى .

ئۆرۈلۈپ كەينىمگە قارىدىم . سودىگەر مېنى كۆرۈپ سەل خىجىل بولدى ـ دە ، «بۇلارنىڭ ئىشىنى ئۆزلىرى بىلمىسە» دەپلا جىم بولدى . مۇشۇنداق چالا تەرجىمانلار كىنوخانىلاردا تولا ، كىنودىكى ۋەقەلىكلەرنى ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ يېنىدىكى ساددا ئادەملەرنى ئىشەندۈرىدۇ .

ساقچى ھەممىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ ماشىنىدىن چۈشەي دېيىشىگە ، «خادىم» بولسا «ساقچىنى ئاڭلىسۇن» دەپ ئەتەي ئۈندىنى كۆتۈرۈپ «ئىت بېلىق»قا قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— قولىدىن كەلسە مېنى ماشىنىدىن قالدۇرۇپ باقمىسۇنمۇ . مەن سىزگە دەپ قوياي ، ھەرقانداق ئادەم ماڭا بىر كۈن ئەمەس ، بىر سائەت دەخلى قىلسا كاللىسى بىلەن جاۋاب قىلىدۇ ...

ساقچى توختاپ «خادىم»غا بىر قاراپ قويدى ـ دە ، ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتتى .

— ۋاي ، ۋاي ، ۋاي ! — كۈلۈپ يانپىشىغا ئۇرغىلى تۇردى «ئىت بېلىق» ، — ساقچى دېگەننىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن قورقۇپ جېنى چىقتى ، ئالامەت تېتىتتىپ قويدىڭىز ـ دە ، ئوبدان بولدى . ئەمدى يول ماڭساق يولخېتىنىڭىزمۇ كېرىكى يوق . ئۇ سىزگىلا ئەمەس ، سىز ئولتۇرغان مۇشۇ ماشىنىغىمۇ يېقىن كېلەلمەيدۇ ...

«ئىت بېلىق» «خادىم»گە ئېگىلىپ تۇرۇپ يەنە بىر تال تاماكا تۇتتى .

— ئاپلا، ئەمدى چاپسان ماڭمىساق ساقچى يەنە كېلىپ قالارمىكىن؟ — دەپ ئەندىشە قىلدى بىر يولۇچى.

— نېمە دەۋاتىسىز، — دېدى «ئىت بېلىق»، — ئەمدى كېلەلمەيدۇ، ئەگەر كېلىدىغان بولسا كاللامنى مۇشۇ يەردىلا «شارتتىدە» كېسىپ بېرىمەن.

— ئەگەر يەنە كېلىدىغان بولسا مېنىڭدىن ياخشىلىق كۆرمەيدۇ، — دېدى «خادىم».

ئۇنىڭ سۇرلۇك قىياپىتىدىن ھەممىسى چۆچۇدى. «ئاپلا، بايا نېمىشقىمۇ ئارىلاشقاندىمەن» دەپ پۇشايمان قىلىپ قالدىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي بايىقى ساقچى يەنە ئىككى ساقچىنى باشلاپ ماشىنىغا چىقىپ كەلدى، «ئىت بېلىق» كاللىسىنى «شارتتىدە» كېسىۋەتمىگىدى، دەپ ئەنسىرەپ قارىسام، ئۇنداقمۇ قىلمىدى، بىراق چىرايى تاتىرىپ كەتتى. باشقىلارمۇ جىم بولۇپ قېلىشتى. «مانا مۇشۇ» دەپ «خادىم»نى كۆرسەتتى بايىقى ساقچى شېرىكلىرىگە.

— يولداش، ماشىنىدىن چۈشۈڭ!

ئەمدى بىر قاراپلا ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەش ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ سەل پەسكويغا چۈشكەن «خادىم» ساقچىلارغا قاراپ سىپايىلىك بىلەن:

— ماڭا قاراڭ، يولداش، ئەھۋال مۇنداق بولدى، — دەپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرمەكچى بولغانىدى، ساقچىلار ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— بولدى، ئاۋۋال ماشىنىدىن چۈشۈڭ.

«خادىم» سېپى پارقىراپ تۇرىدىغان سومكىسىنى «ئىت بېلىق»نىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويۇپ ئۆزى تۆۋەنگە ماڭدى.

— سومكىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، ئىشخانىغا بېرىپ سۆزلىشىمىز!

— ئۇنداقتا، مەن يولدىن قالىمەنمۇ؟

— ھازىرچە قالىسىز.

«خادىم»نىڭ چىرايى سەل ئۆزگەردى. بىردىنلا ئۇخۇندى
بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك جۇۋىسىنىڭ پېشىنى قايرىپ تۇرۇپ
قولىنى يانچۇقىغا ئۇزاتتى. ئاپلا، مانا ئەمدى ئىش چاتاق بولىدى-
غان بولدى. پەۋقۇلئاددە خىزمەت بىلەن كېتىپ بارغان «خادىم»
شۇنداقلا يان قورالىنى چىقىرىدىغان بولسا ... ئەلۋەتتە ساقچىلار-
مۇ قاراپ تۇرمايدۇ - دە، ئالىمادىس شۇنداق بىرەر ماجىرا
بولسا ...

مېنى تەر بېسىپ كەتتى. «خادىم»دىن كۆز ئۈزمىدىم، مانا
ئۇنىڭ قولى ئاستا يانچۇقتىن چىقتى. خۇداغا شۈكرى! يانچۇق-
تىن چىققىنى تاپانچا ئەمەس، بىر قاپ «سۇمۇرغ» ماركىلىق
تاماكا ئىدى. ساقچىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىگە سۇنۇلغان تاما-
كىنى ئېلىشمىدى.

— سادىغاڭ كېتەيلەر، — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى
«خادىم»، — مېنى يولدىن قويمىساڭلار. مانا مەن ئىسمىمنى
دەپ بېرىشىم مۇمكىن، مېنىڭ ئىسمىم ...

— چاپسان چۈشۈڭ! — ۋارقىرىدى شوپۇر، — بىز يولغا
چىقىمىز ...

«خادىم» ئىلاجسىز ماشىنىدىن چۈشۈپ تولىمۇ ياۋاش قىيا-
پەتتە ساقچىلارنىڭ كەينىدىن شاپاشلاپ كەتتى.

— بۇنىڭمۇ ئىشى تۈگىدى، — دەپ خولاسە چىقاردى قىزىل
يۈزلۈك سودىگەر، — يولدىن قالغىنىنى ئاز دەپ ئوتتۇز سوم
جەرىمانە قويىدۇ، يەنە بايىقىدەكلا قىلسا، ئاپىرىپ ئون بەش كۈن
سولايدۇ، ئون بەش كۈنگۈ بىر گەپ، ماشىنا بىلەتتى ئون سەك-
كىز سوم، جەرىمانە ئوتتۇز سوم، قاراپ ئولتۇرۇپ قىرىق سەك-
كىز سوم زىيان.

ئۇ سودىگەر بولغاچقا، ھېسابىنى شارت - شۇرتلا چىقاردى.

— ئەخمەق ئادەم ئىكەن، — دەپ غودۇڭشىدى «ئىت بې-
لىق» ماڭا قاراپ.

— كىمنى دەيسىز ؟

— هازىرقىچۇ ! نېمە قىلىدۇ قانۇن بىلەن ئېتىشىپ ؟ ئىسمىنى سورىغاندىن كېيىن «پالانى» دەپلا بەرسە بولمىدىمۇ ، ئۇچىغا چىققان مۇتتەھەم . قېنى ، تاماكا چېكىڭ !

مەن ئۇنىڭ گېپىگىمۇ ، تاماكىسىغىمۇ قارىماي قىشلىق چاپىنىمنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ دېرىزە تەرەپكە قارىۋالدىم .

شوپۇر دەرھال كابىنكىغا چىقىپ قولىدىكى بىر پارچە قەغەزنى باش تەرىپىدىكى تۆمۈر قىسقۇچقا قىستۇرۇپ قويۇپ ئىشىكنى «گۇپ !» قىلىپ ياپقاندىن كېيىن ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى . چىرايلىق چوكان نەمخۇش لەۋلىرىگە كۈلكە يۇگۇرتۇپ ، سومكىسىدىن تۆت ـ بەش تال ئالما ، بولكىلارنى ئېلىپ بىرنېمىدەلەرنى دەپ (گېپىنى بىز ئاڭلىمايتتۇق ) شوپۇرغا ئۇزاتقانىدى ، شوپۇر ئېلىشنى رەت قىلدى . ماشىنا قوزغالدى ۋە بارغانسېرى ئىتتىكلەپ مېڭىپ كەتتى . ئالدىمىزدىكى ئىككىنچى بىر بېكەتكە يېقىنلاشقاندا شوپۇر ماشىنىنى ئاستىلىتىپ توختاتتى ـ دە ، يېنىدىكى چىرايلىق چوكانغا قاراپ بىرنېمىلەرنى دېدى ، چوكاننىڭ چىرايى سەل ئۆزگىرىپ يانچۇقىدىن پۇل قاپچۇقىنى ئېلىپ شوپۇرغا ئون سوملۇقتىن ئىككىنى ئۇزاتتى . شوپۇر پۇلنى ئېلىپ بېكەت ئىچىگە كىرىپ كېتىپ بىرئازدىن كېيىن قايتىپ چىقتى ۋە بىر بېلەت بىلەن ئىككى سوم پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇردى . ياش چوكاننىڭ چېھرىدە ئەمدى كۈلكە ياكى نازۇكەرەشمىنىڭ ئەسىرىمۇ قالمىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن گويا : «ئىسىت ، ساڭا ئاتا قىلغان تەبەسسۇملىرىم ، ئون سەككىز سوم پۇلنى ئېلىپ كۆڭلۈڭ تىنچىدىمۇ ؟ ئەمدى ماڭا كابىنكىدا ئولتۇرۇپ ساڭا زوقلىنىپ قاراشتىن نېمە هاجەت ؟ » دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى . مەن ماشىنا كابىنكىسىنىڭ ئالدىدىكى دېرىزە ئەينىكىگە قىزىل سىر بىلەن بېسىلغان «مەدەنىيەتلىك ماشىنا» دېگەن خەتلەرنى ئوچۇق كۆردۈم .

شوپۇر تاماكىمۇ چەكمىدى، كىنودىكى [illegible] قەد-
ياپىتىگىمۇ كىرمىدى، يېنىدىكى ياش چوكانغىمۇ [illegible]
سالمىدى. پەقەت ئالغا قاراپ ماشىنىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ ماڭ-
دى. ئۇ بىزنى ئۇزۇن يولغا — خۇددى ماشىنا دېرىزىسىگە
يېزىلغاندەك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

1985 - يىل، ئۈرۈمچى



# كۆزەينەك تاقىمايدىغان ئادەم

كىشىلەرنىڭ سىزىمى غەلىتە . ئەگەر سىز بىرەر سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ ، قاتناش بىكىتى ، ۋوگزال ياكى ئايرودرومغا بېرىپ قالسىڭىز ، يولۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن گوياكى پۈتۈن شەھەر خەلقى سەپەرگە چىققاندەك ھېس قىلىسىز ؛ ئەگەر دوختۇرخانىلارغا بېرىپ كېسەل كۆرسەتمەكچى ياكى ئازراق دورا ئالماقچى بولسىڭىز ، ئاغرىقلارنىڭ كۆپلۈكىدىن گوياكى پۈتۈن شەھەر خەلقى ئاغرىپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز .

بۇنى پەلسەپە تىلى بىلەن ئېيتقاندا ھېسسىي بىلىش دەمدۇ ، ئەقلىي بىلىش دەمدۇ ، ئاشۇنداق بىر ئاتالغۇسى بار .

بارلىق چوڭ ـ كىچىك تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن كېسەلگە دەسلەپكى دىئاگنوز قويۇلۇپ ، كېسەلخانىدا يېتىشقا بۇيرۇلدى . ئۇ ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىمارنى 19 ـ كارىۋاتقا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ ، ئۆزى ھېلىدىن ـ ھېلىغا زالغا چىقاتتى . دوختۇرلار ئىشخانىسىغا بويۇنداپ قارايتتى .

بىمار سەل نارازى بولغاندەك قىلىپ :

— يەنە بىر دوختۇرخانا ياخشىراقمىتىكىن ھەم بازارغا يېقىنراق ؟ — دېدى .

— ياق ! مۇشۇنى ياخشى دەپ ئاڭلىدىم . تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرىمۇ ئىلغار ئىكەن .

بىر سېسترا كىرىپ 19 ـ كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كىچىككىنە بىر كارتا ئېسىپ قويدى .

— بۇ نېمە ؟ — سورىدى ئۇ .

— مۇشۇ بىمارغا مەسئۇل دوختۇرنىڭ كارتىسى . ئىسمى زۇلپىيە .

شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ كۆزى ئىشىكتە، دوختۇرنىڭ پات-
راق كىرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى . چۈشتۈنكى تاماقتىن
كېيىن دوختۇر زۇلپىيە ئىككى سېستىرانى باشلاپ كىرگىلى كەل-
دى . بۇ ياش ھەم كېلىشكەن قىزنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىدىن بىر
خىل تەمكىنلىك ، ئېغىر - بېسىقلىق چىقىپ تۇراتتى .

— سىز بىمارنىڭ نېمىسى بولىسىز ؟ — سورىدى دوختۇر .

ئۇ تۇنجى قېتىم دوختۇرنىڭ ياڭراق ، زىل ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى . ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا كى-شىلەرگە تەسۋىرلەش قىيىن بولغان بىر خىل تاتلىق سېزىم پەيدا بولدى ۋە سەل ھودۇقۇپ جاۋاب بەردى :

— دادىسى بولىمەن .

دوختۇر قوڭۇر كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ :

— ھازىر ئىشخانامغا چىقىسىڭىز ، — دېدى - دە ، چىرايلىق ئاياغلىرى بىلەن رىتىملىق دەسسەپ چىقىپ كەتتى . كېسەلنىڭ دادىسىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ چىقتى .

دوختۇر ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ سۆزلىدى :

— بىمارنىڭ كېسەل تارىخىنى كۆرۈپ چىقتىم ، قورققۇدەك ئەھۋال يوق ، بىراق ئۇنىڭغا سەل قارىساق بولمايدۇ . كلىنىكى-لىق تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا مەسىلە ئايان . شۇنداق بولسىمۇ ، ئاخىرقى ئانالىز چىققاندىن كېيىن كىچىك ئوپېراتسىيە قىلساق دەيمىز . سىزچە قانداق ؟

— بولىدۇ ، مەيلى ...

— ئۇنداق بولسا سىز رازىلىق بىلدۈرۈپ مۇنۇ گرافىغا قول قويۇڭ . مانا قەلەم ، ئۆي ئىچى بولغاندىكىن قارا كۆزەينىكىڭىزنى ئېلىۋېتىڭە ، ئاكا ! توختاڭ ، ياق ، ئۇ يەرگە ئەمەس ، مانا ماۋۇ كاتەكچىنىڭ ئىچىگە . ھەببەللى ، ئەمدى بولدى ... پاھ ، خەنزۇچە خەتنى قالتىس چىرايلىق يازىدىكەنسىز جۇمۇڭ .

ئۇنىڭ پاكىز قىرىلغان يۈزلىرى «ھۇپپىدە» قىزاردى . كۆ-

زەينەكنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن دوختۇرنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ سەل قوڭۇر، يوغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىشى بىلەنلا يۈرىكى «جىغ!» قىلىپ قالدى. «يا ئاللا، نەدە كۆرگەن بولغىيتتىم؟» ئويلىدى دوختۇر.

ئاخىرقى ئانالىز چىقىپ ئىككى كۈندىن كېيىن كېسەلنى زۇلپىيە ئۆزى ئوپېراتسىيە قىلدى. ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق بولدى.

— ئەمدى باشقىچە ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ. ئوبدان دەم ئالسۇن، ئارىلاپ كارىۋاتتىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئۇششاق ھەرىكەت قىلىسمۇ بولىدۇ، ھازىرچە تولا ئاچچىق نەرسىلەرنى يېمەي تۇرسۇن. ئۆزىڭىز يالغۇز قارامسىز؟

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — كېلىن بالا تۇغۇتلۇق ئىدى.

دوختۇر جىم بولدى، چۈنكى نەچچە كۈندىن بېرى بىرمۇ ئادەم يوقلاپ كەلمىدى. يالغۇز دادىسىلا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. «دادىسى بالىسىغا قارىغاندا تولىمۇ ساغلام، قاملاشقان ئادەم ئىكەن، ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى شۇنداق يېقىملىق» ئويلىدى دوختۇر.

ئەتىسى ئۇ دوختۇر ئىشخانىسىغا كىردى:

— دوختۇر، بالىنىڭ ئەھۋالى بىرئاز ياخشى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مەن ئۆيگە چىقىپ كەلمىسەم بولمىدى. ئازراق پۇل ئەكەلگەچ كىيىم - كېچەكلىرىمنى يەڭگۈشلەپ كېلەي دېگەنىدىم.

— ئاغرىقفا كىم قارايدۇ؟

— شۇ گەپ ئىدى. ئۆزىمۇ تالا - تۈزلەرگە چىقالايدىغان بوپقالدى. شۇنداق بولسىمۇ، قاراپ قويالارسىزمۇ؟

دوختۇرنىڭ «غۇژژىدە» ئاچچىقى كەلدى.

— كېسەلنى داۋالاپ ساقايتىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز. لېكىن كېسەل بېقىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەمەس - دە! كۆرۈۋاتىسىز،

شۇنچە كېسەلنى داۋالاشقا ئاران ئۈلگۈرۈۋاتسام ، كېسەلنى بېقىپ بەر دېگىنىڭىز قىزىق گەپ بولدىغۇ ؟

ئۇ گەپ - سۆز قىلمايلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى . دوختۇر زۇلپىيە ئۇنىڭ چىرايلىق قامىتىگە قاراپ قالدى ، ئۆزىنىڭ سەل قاتتىقراق تېگىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلدى .

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن زۇلپىيە ئىشقا كەلگەندە ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان كونۋېرتقا كۆزى چۈشتى . خەت ئۇنىڭغا يېزىلغان ، بىراق پوچتا تامغىسى يوق ئىدى . خەت مۇنداق باشلانغان :

«ھۆرمەتلىك دوختۇر ، مەن 19 - كارىۋاتتىكى بىمارنىڭ دادىسى ، يەنى كۈندۈزى ئۆي ئىچىدىمۇ قارا كۆزەينەك تاقىۋالىدىغان ھېلىقى ئادەم بولىمەن . تۈنۈگۈنكى بىر ئېغىز گېپىمگە تولىمۇ رەنجىپ كەتتىڭىز ، شۇڭا سىزگە بۇ خەت ئارقىلىق بۇنى چۈشەندۈرمەكچى ئىدىم...

زۇلپىيە سىرتقى كىيىملىرىنى ئىلغۇچقا ئېسىپ قويۇپ جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، خېلىلا ئۇزۇن يېزىلغان بۇ خەتنى ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدى .

... مەن ساۋاتسىز ئادەم ئەمەس . سىز ئۆتكەندە مېنىڭ خەنزۇچە يازغان خېتىمنى كۆرۈپ ماختاپ خاتا قىلمىدىڭىز . مەن ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇچىدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن . بىراق ، بۈگۈنكى مۇشۇ خەتنى يېزىشقا ماجالىم يەتمىگەچكە يېقىن بىر ئاغىنەمنى تەكلىپ قىلىپ بۇ خەتنى يازدۇردۇم . بۇ ئاغىنەم ھەم شائىر ، ھەم ئادۋوكات ...

ئەمدى نەق گەپكە كەلسەك ، مەن ئىككى نەرسىگە ناھايىتى ئۆچ بولۇپ قالغانمەن . بىرى ، سىلەرنىڭ مۇشۇ دوختۇرخانىڭلار ؛ يەنە بىرى ، قارا كۆزەينەك . توۋا خۇدايىم ،

بۇ قېتىم ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا ھەر ئىككى ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم . بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەي دېسىڭىز ، زېرىك- مەستىن خېتىمنى ئاخىرىغىچە ئوقۇڭ ...

دوختۇر سومكىسىدىن چىرايلىق قاپلانغان تۆمۈر ئىستاكاننى ئېلىپ ، چايداندىن قايناق سۇ قۇيدى - دە ، خەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى .

... بۇنىڭدىن يىگىرمە يەتتە يىل مۇقەددەم مېنىڭ بىر ئىللىق ئائىلەم بار ئىدى . ئايالىم بىلەن تولىمۇ ئوبدان ئۆتەتتۇق . ئوغلۇم ئۈچ ياشقا كىرگەن مەزگىلىدە ئاي- كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان ئايالىمنى مۇشۇ دوختۇر- خانىڭلارغا ئەكەلدىم . تەكشۈرۈپ كېسەلخانىغا ئالدى . ئەتى- سى تولغاق تۇتقاندا تۇغۇتخانىغا ئەكىرىپ كەتتى . بىر سائەت- لەردىن كېيىن بىر دوختۇر چىقىپ : «قىيىن تۇغۇتقا دۇچ كەلدۇق ، دەرھال تۆت يۈز سوم پۇل تاپشۇر ، قان سالدى- مىز ، بولمىسا ھاياتى خەۋپلىك» دېۋىدى ، بېشىم پىرىرىدە قېيىپ كەتتى . يانچۇقۇمدا نەدىمۇ بۇنچىلىك پۇل بولسۇن ؟ ئالىدىغان مائاشىم ئەللىك يەتتە سوم پالان تىيىن . مەن دوختۇرلارغا يالۋۇردۇم . پۇلنى نەدىن بولسىمۇ تېپىپ كې- لىمەن ، ھازىر يېنىمدا يوق ، سىلەر ئالدى بىلەن قاننى سېلىپ كېسەلنى قۇتقۇزۇڭلار دېسەم ، ئىللا - بىللا يېقىن كېلەر ئەمەس . كاسسىدا ئولتۇرىدىغان بىر مەخلۇق بار ئىكەن . قارا كۆزەينەك تاقىۋاپتۇ . مۇئامىلىسى شۇنداق قو- پال . «پۇلنى كۆرمىسەك قان سالمايمىز» دەپ تۇرۇۋالدى . «خەپ !» ، دەپ بېشىم قېيىپ تالاغا چىقىپ كېتىپتىمەن . ئايالىمنىڭ ئاتا- ئانىسىغا خەۋەر بېرىۋەتكەنىدىم ، ئۇلارمۇ يېتىپ كېلەلمىدى . دوختۇرخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يولدىن

ئۆتۈپ كېتىۋاتسام بىرەيلەن مېنى چاقىردى. قارىسام مۇشۇ دوختۇرخانىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان بىر ئۆيىنىڭ ئىچىدى-كى ئادەم بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىۋېتىپتۇ، ئۇنى كۆرۈپ خىزىرنى كۆرگەندەك خۇش بولۇپ كەتتىم. نېمىشقا دېگەندە ئۇ مۇشۇ دوختۇرخانىنىڭ ئادىمى - دە. ئەھۋالنى ئانچە - مۇنچە دەپ قويۇپلا ياناي دېسەم قەتئىي ئۇنىمىدىغان، تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ:

— مۇشۇنىڭغىمۇ غەم قىلامسەن؟ بۇ دېگەن دوختۇرخا-نا، كېسەلگە داۋا، ئۆلۈمگە ئامال قىلىمىز دەپ يوغان يېزىۋەتكەن شوئارلىرىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بولماي كەتسە مانا مەن بار. ئولتۇر، بىر رومكا ئىچ. خاتىرجەم بولغىنىكى، قاراپ ئولتۇرۇپ ۋەقە چىقارمايدۇ.

— شۇنداق بولماي، — دېدى ئاغىنىلىرىدىن بىرى، — ئولتۇرۇڭ، ئاداش، بۇ دېگەن دوختۇرخانا تۇرسا ... تولا ئۇلارنىڭ كۆزىگە كىرىۋالماي، «ھە» دەپ قويۇپلا چەتتىرەك تۇرۇڭ. قېنى داۋالىمىغىنىنى بىر كۆ-رەيلى.

ئۇلار خېلى تەڭشىلىپ قالغان بولسىمۇ، گەپ - سۆز-لىرى ئورۇنلۇق ئىدى. پۇتۇمغا جان كىردى. ئويلاپ باقسام ئەتىگەندىن بېرى ئاغزىمغا ھېچ نەرسە سالماپتىمەن. پاقلان گۆشىدىن بىر پارچىسىنى ئاغزىمغا سېلىپ كەينى - كەينى-دىن ئۈچ رومكا ھاراق ئىچىۋەتتىم. پېتىر مانتىدىن تۆتنى يەپ ئورنۇمدىن تۇراي دېسەم زادىلا قويۇپ بەرمىدى.

— ئا! — دېدى ئاغىنەم، — جىم ئولتۇر. بىرئازدىن كېيىن ئۆزۈم چىقىمەن، بولدىمۇ؟

يەنە بىر خۇشخۇي ئاغىنىسى چاقچاق قىلدى:

— ئولتۇرىڭە، ئاداش! ئۇ يەرگە چىقىپ خوتۇنىڭىز بىلەن بىرگە تولغاق يېيىشىپ بېرەمسىز - يە؟



www.uyghurkitap.com

— ۋەيت !

— بولمىسا قېينانىڭىزنى باشلاپ كېلىڭ ، تەڭ ئىنـ
جىقلاپ بەرسۇن !

— ۋەيت !

— ئاداش ، ئايالىم ئاۋارە بولمىسۇن دېسەڭ كېيىنكى
بالىنى ئۆزۈڭ تۇغقىن .

— بۇ ئاداشنىڭ ئەپتىگە قارىغاندا مۇشۇك مىجەزدەك
قىلىدۇ . ئۆزى تۇغۇپ ، ئۆزى يەۋالمىسۇن يەنە …

ئاشخانىنىڭ ئىچىدىن قىيقاس چىقىپ كەتتى .

شۇنداق قىلىپ بىردەم ئولتۇرۇپ هاردۇقلىرىم چىقـ
قاندەك بولدى . بىرنەچچە قەدەھ هاراق مېنى خېلىلا تەڭشەپ
قويۇپتۇ .

تەسەللى دېگەن شۇنداق بولسا كېرەك . ئىنسان بىرەر
نەرسىنىڭ هۆددىسىدىن چىقالماي ئۆمىدسىزلەنگەندە ياكى
ئامال تاپالمىغاندا باشقا بىرى كېلىپ توغرا مەسلىھەت بەرسە
ئادەم يەڭگىللەپ قالىدۇ . مەنمۇ شۇنداق بولدۇم . بايامقى
باش قېتىنچىلىقى مەندىن بىردىنلا يوقىلىپ كۆز ئالدىم
يورۇپ كەتتى . ئاغىنىلەردىن رۇخسەت سوراپ كېسەلخانىغا
كېلىپ قىزىل قىيامەتنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتىمەن . قېيناـ
تام ، قېينانام ، قېيىنىملەر يىغلاۋېتىپتۇ . قانسىراپ كەتـ
كەن ئايالىم جان ئۈزگەنىكەن …

هۆرمەتلىك دوختۇر ! مۇشۇ دەهشەتلىك مىنۇتلاردىكى
تەپسىلاتلارنى سىزگە بايان قىلىشتىن مېنى ئازاد قىلىسىـ
ڭىز . بۇ بىر دەهشەتنى قايتا ئەسلەش مەن ئۈچۈن تولىمۇ
ئازابلىق . بۇ گوياكى «تۇمەن مىڭ پەيكانىلەر كېلىپ سانـ
جىلدى كۆكسۇمگە» دېگەندەك ئاچچىق ئازاب ئېلىپ كېلىدـ
دۇ . شۇ چاغدا مەن خۇددى باغلاقتىن بوشانغان ئۇسكەك
بۇقىدەك هۆركىرەپ ئۆزۈمنى هەر يەرلەرگە ئۇردۇم . دوخـ

www.uyghurkitap.com

تۇرلار ئەلپازىمدىن قورقۇپ ئاق خالاتلىرىنى لەيغىشتىپ تەرەپ ـ تەرەپلەرگە بەدەر تىكىۋەتتى. پۇل تاپشۇرۇۋېلىش بولۇ- مىگە قانداق كىرىپ قالغىنىمنى ئۇقمايمەن. [illegible] يۇرەك مەخلۇققا شۇنداق ئېتىلغانىكەنمەن، ئۇ ئۆزىنى ئارانلا كەينىگە قاچۇردى. قارا كۆزەينىكى قولۇمغا چىقىپ قالغاندەك كەن. پېقىش تۇخۇمدەك مىجىلدى. ئۆزى ئارقا ئىشىكتىن قېچىپ كەتتى. دېمەك، مېنىڭ نېمە ئۇچۇن دوختۇرخاناڭ- لارغا، قارا كۆزەينەككە ئۆچ بولۇپ قالغانلىقىمنىڭ سەۋەبى- نى ئەمدى چۈشەنگەنسىز؟

مەرھۇم ئايالىم بىزنى قان قاقشىتىپ كۆزىنى يۇمدى، بىراق بوۋاق سالامەت تۇغۇلدى، قىز ئىكەن.

ھۆرمەتلىك دوختۇر! مۇشۇ قۇرلارنى دىققەت بىلەن ئەستايىدىل ئوقۇڭ. بىر جۈملە سۆزۈمنى دەۋالاي، ھەيران قالماڭ. ئاشۇ تۇغۇلغان بوۋاق دەل سىز بولى- سىز...

زۇلپىيە قاتتىق چىرقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئىككى سېسترا بۆلۈمگە ئۇچۇپ دېگۈدەك كىرىپ كەلگەندە ئۇ يېرىم بىھوش ھالدا بېشىنى تامغا تىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇ سېسترالارنى خاتىرجەم قىلىپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، قايناق سۇدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ ئىككى چېكىسىنى چىڭ تۇتقىنىچە بايىقى خەتنىڭ ئەجەللىك يېرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇغاندىن كېيىن بىرئاز جىم بولدى. جىددىيلىك بېسىلغاندىن كېيىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەت- تى. يىغىدىن توختاپ خەتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇدى.

... بىلىمەن، مۇشۇ بىر قۇر خەت سىزنىڭ ئىزتىراپىڭىزنى قاتتىق شىددەتكە سالدى. كۆرمىسەممۇ سىزنىڭ يىغلى- غانلىقىڭىزنى، جىددىيلەشكەنلىكىڭىزنى قىياس قىلىۋاتى-

مەن . چۈنكى تا مۇشۇ كۈنگە قەدەر ھېچكىمنىڭ بۇ ھەقتە سىزگە ئېيتماي سىر ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن تولۇق خەۋىرىم بار . ئەنە شۇ پاجىئەدىن كېيىن مېنىڭ غۇلجا شەھىرىدە تۇرۇشقا ماجالىم قالمىدى . كىشىلەر ئاغزىدىكى مەن توغرۇلۇق توقۇلغان گەپلەرنى ئاڭلاشنىڭ ئۆزى بىر دەھشەت . راست ئەمەسمۇ ؟ «ئايالى سەكراتتا قىينىلىپ ياتسا ھاراق ئىچىپ يۈرۈپتۇ » دېسە ، كىم بولسىمۇ لەنەت ئوقۇمامدۇ ؟ مەرھۇم قېيناتاممۇ : «بۇ توڭگۇز ئەمدى كۆزۈمگە كۆرۈنمىسۇن » دەپتۇ . ھېلىغۇ تىللاپتۇ ، مۇبادا مېنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويسىمۇ قىلچە رەنجىمەيتتىم . ئەكسىچە مېنىڭ غەم ـ قايغۇم يەڭگىللەيتتى . يەتتە نەزىردىن كېيىن ئۈچ ياشلىق ئوغلۇمنى — سىزنىڭ ئۆز ئاكىڭىزنى ، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۆزىڭىز ئوپېراتسىيە قىلغان 19 ـ كارىۋاتتىكى ئاغرىقنى ئېلىپ خىزمىتىمنى يۆتكەپ يىراق ناھىيىگە چىقىپ كەتتىم . قېينانام ، يەنى سىزنىڭ مومىڭىز مۇشۇ سىر ـ ئەسرالارنى باللارغا ، بولۇپمۇ سىزگە قەتئىي ئاشكارىلىماسلىق ھەققىدە ماڭا گەپ ئەۋەتىپتۇ . مۇشۇ بىرقانچە ئون يىل ئىچىدە تارتقان دەرد ـ ھەسرەتلىرىمنى ، بېشىمغا كەلگەن سەۋدالارنى دېمەيلا قوياي . ئاندا ـ ساندا بىرەر ئىش بىلەن غۇلجىغا كەلگىنىمدە سىزنىڭ خەۋىرىڭىزنى ئېلىپ تۇردۇم . سىزنىڭ قانداق چوڭ بولغانلىقىڭىز ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ مۇشۇ دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشقانلىقىڭىزدىن تارتىپ ھەممىسىدىن خەۋىرىم بار . لېكىن تىرناقچىلىكمۇ ئاتىلىق قەرزنى ئادا قىلالمىغان مېنىڭدەك بىر كارغا كەلمەس ئاتا قايسى يۈزۈم بىلەن سىزگە قارايمەن ؟ ئۆتكەندە دوختۇرخانىدا تۇنجى قېتىم ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىغاندا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم قاتتىق لەرزىگە كەلدى . رەھمەتلىك ئاپىڭىزنىڭ ئاۋازىغا شۇنداق ئوخشايدۇ-

كەن . ئۆتكەن يىلى سىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان مېھرىبان
مومىڭىز — مېنىڭ ۋاپادار قېينانامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى
ئاڭلاپ كۆپ ئازابلاندىم ۋە يىنھان يىغلىدىم . مەرھۇمە ھايات
ياخشى كۆرمىسۇن ، مېنى ئۆز بالىسىدىنمۇ چارە كۆرەتتى
ئەنە شۇ مەرھۇمە ۋاپات بولغاندا بىلىمگە ئاق باغلاپ ، تاۋۇت
ئالدىدا يىغلاپ ماڭالمىسام ، ئەل قاتارى قەبرىگە تۆت كەتمەن
توپا تاشلىيالمىسام ياكى قەبرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىككى
كەلىمە قۇرئان ئوقۇيالمىسام مەن ئازابلانماي كىم ئازابلان-
سۇن ؟ ...

زۇلپىيە ئەمدى ئۆزىنى تۇتالماي ئىخىمۇ يىغلاپ كەتتى .
خەت مۇنداق ئاخىرلاشقانىدى :

... بۇ قېتىم تەقدىر بىزنى ئۇچراشتۇردى . مەن دەس-
لەپتە سىزدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ ، ئوچۇقراقىنى ئېيتقان-
دا ، چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن قارا كۆزەينەك تاقىۋالغا-
نىدىم . تا ھازىرغىچە سىزنى «قىزىم» دەپ ئاتاشقا جۈرئەت
قىلالمايمەن . «ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشىمىزمۇ ،
يوق ؟» دەپ كۆپ ئويلاندىم . مېنىڭچە ، ئەمدى كۆرۈشۈش-
نىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك . مەيلى بىز قىيامەت دىدارىغا
قالساقمۇ مەن بۇنىڭغا رازى . سىز بۇ خەتنى ئوقۇۋاتقان
ۋاقتىڭىزدا مەن ئالىقاچان ئۇزاق بىر سەپەرگە ئاتلىنىپ
بولدۇم . بىراق ، بىر قورساقتىن تۇغۇلغان ئاكىڭىزنى تو-
نۇشتۇرۇپ قويۇش مېنىڭ بۇرچۇم . بىلىپ قېلىڭ ، ئاكى-
ڭىز تولىمۇ ئوبدان ئادەم . ئۇ ئوقۇتقۇچى» .

زۇلپىيە يىغلىغانچە ئورنىدىن تۇرۇپ ، 19 ـ كارىۋاتنىڭ
يېنىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى ...



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ياغاچ پىچاق — ئون بېشى

ناھىيە بازىرى ھازىر تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ . يول بويلاپ سىلىنغان قاتار دۇكانلار ئالدىدىكى بۇككىدە ئۆسكەن پاكار دەل ـ دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلاپ ، تار چۆنەكلەرگە تىكىلگەن رەڭگارەڭ گۈللەر «ھۇپپىدە» ئېچىلىپ كەتكەنىدى . كەڭ ئاسفالت يولدا ھەر خىل ماشىنىلار توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇراتتى . كىرا ماشىنا شوپۇرلىرى تۆۋەن سۈرئەتتە كېتىپ بارغان ماشىنا كۆزنىكىدىن بېشىنى چىقىرىۋېلىپ «شەھەرگە ! شەھەرگە !» دەپ خېرىدار چاقىراتتى .

ئەمدىلا ئەللىك تۆت ياشقا تولۇپ ، خۇش پىچىم ، رەتلىك كىيىنىپ ، يۇزلىرىنى پاكىز قىردۇرغان ، شالاڭ چاچلىرىنى مايلاپ كەينىگە تارىۋالغان بۇ ئەپەندىم كىچىككىنە قارا خۇرۇم قول سومكىسىنى تۇتقىنىچە چوڭ يولغا چىقتى . بۇ كىشىنىڭ چوقۇم يولۇچى ئىكەنلىكىگە جەزم قىلغان بىر تاكسى شوپۇرى دەرھال ماشىنىسىنى ئايلاندۇرۇپ يېنىغا كەلدى ۋە : «شەھەرگە !» دەپلا توختىدى . ئەپەندىم ماشىنىنىڭ ئىچىگە سەپسالدى ، ئىچىدە بىرمۇ ئادەم يوق . ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپلا دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى . شوپۇر ماشىنىسىنى ھەيدەپ خېرىدار توۋلىغاچ ئاستا كېتىپ قالدى . ئەپەندىم دۇكاندىن بىر قاپ تاماكا ئېلىپ ئاستا يول ياقىسىغا چىقىشىغا بىر ماشىنا ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى . ماشىنىنىڭ ئالدىنقى ئورنىدا تولىمۇ چىرايلىق بىر خانىم ئولتۇراتتى . ئۇ قولىنى شۇنداق كۆتۈرۈشىگە ماشىنا ئۇنىڭ ئالدىدا توختىدى . ئەپەندىم شوپۇرغا شۇنداق بىر قاراپلا بۇنىڭ بايىقى ماشىنا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قىزىرىپ كەتتى . ئۇ ماشىنىغا

چىقىپ : «تاماكام تۈگەپتىكەن » دەپ قويۇپلا كەينىگە ئولتۇردى . ئۇ سەپسالسا ، چوكان تولىمۇ قاملاشقان ئىكەن ، يېشىمۇ ئەمدىلا ئوتتۇز ئەتراپىدا . «شەھەرگە ، شەھەرگە » دېگەن چاقىرىشتىن كېيىن يەنە بىر چوڭراق ئايال بىلەن ئون بەش ياشلار چامىسىدى-كى بىر يىگىت ماشىنىغا چىقتى . شۇنىڭ بىلەن ئادەم توشۇپ ، ماشىنا شەھەرگە قاراپ ئۇچقاندەك مېڭىپ كەتتى . ئەپەندىم چو-كاننىڭ تۈرمەكلىۋالغان چېچىنىڭ ئاستىدىكى تولۇق ، ئاپئاق گەجگىلىرىگە ، ياندىن قارىغاندىكى چىرايىغا سەپسېلىپ قاراپ شوپۇرنىڭ ئالدىدىكى ئەينەكتىن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ۋە جىپسىلى-شىپ ھىم يۇمۇلغان قېلىن ، قىزىل لەۋلىرىنى كۆردى . بۇ ئىشلارنى ئەينەكتىن كۆزىتىپ تۇرغان چوكان مەنسىتمىگەن قىيا-پەتتە نارازى بولۇپ قاپىقىنى تۈردى . ئەپەندىم سەل خىجالەت بولۇپ يانغا قارىۋالدى . «مېنىڭ سەپسالغىنىمدىن چوقۇم رەنجى-دى » دەپ ئويلىدى .

بەزىدە تەقدىر - قىسمەتنىڭ ياكى تاسادىپىي بىرەر ۋەقەنىڭ زەررىچىسىمۇ ۋەزىيەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىپ ، كۆلگەن-لەرنى يىغلاتسا ، يىغلىغانلارنى كۆلدۈرۈۋېتىدۇ . ئەپەندىمنىڭ يان-فونى «كىچە - كۈندۈز ئويلايمۇ ، يېتەلمىدىم ۋەسلىڭگە » دېگەن زامانىۋى بىر غىتمەك ناخشىغا سايراپ كەتتى . ئۇ تېلېفوننى ئېلىپ ئالدىرىماي نومۇرىغا كۆز تاشلىدى ، ئاندىن كۈلۈمسىرەپ قويۇپ قۇلىقىغا ئېلىپ باردى . ماشىنا بىر خىلدا ماڭماقتا ، ماشىنا ئىچى تىمتاسلىققا چۆمگەن . ئۇ سالماقلىق بىلەن سۆزلەش-مەكتە :

— ھــەئە ! مــانا قــايتىپ كېتىۋاتىمەن ... ئۈلگۈرۈپ بارد-مەن ... چۈشتىن كېيىنغۇ ؟ ... ھە ، ياخشى ، ماڭا قارىغىنە ، چۈشتىن كېيىن سۆزلەيدىغان دوكلاتىمنى كاتىپ يېزىپ بولدى-مۇ ؟ يىغىن مەيدانىنى ئوبدان رەتلەپ قويۇڭلار ، نېمە ؟ ... ھە ، ياق ، كاتىپ يېزىپ بولغان بولسا بىرىپ بىرقۇر كۆرۈپ تۈزەت-

سەملا بولدى (بۇ چاغدا چوكان قايرىلىپ ئەپەندىمگە «لاپ» قىلىپ قاراپ قويدى) . ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن تېزىسىنى، مەزمۇنىنى تۈزەپ بەرگەندىن كېيىن كاتىپ يېزىپ چىقىدۇ ئەمەسمۇ! بۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلىمەن، شوپۇرغا ئېيتقىن، رېمونتخانىغا ئاپىرىپ رېمونت قىلدۇرسۇن ... ئەلۋەتتە تەسىرى بولىدۇ - دە. ھە! ھەئە! ئۇقتۇم، ئۇلار ئىككىمىكەن؟ بىرى ئوغۇل، بىرى قىز بولسا، ئالدى بىلەن سالاھىيىتىنى ئوبدان تەكشۈرۈپ، ئوغۇلنى ئورۇنلاشتۇرايلى.

چوكان ئەمدى ئۆرۈلۈپ ئەپەندىمنىڭ پاكىز قىرىلغان چىرايلىق يۈزىگە كۈلۈمسىرەپ كۆز تاشلىغاچ ئويلىدى: «ئاپلا، بايا ئەجەب يامان كۆزدە قاراپتىمەن - دە! بىر ئامال قىلىپ تونۇشۇپ قېلىش كېرەك، قارىماققا قولىدىن ئىش كېلىدىغان باشلىق ئوخشايدۇ ...»

دېمىسىمۇ، بۇ چوكان ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىپ كەلگەن سىڭلىسىنىڭ خىزمىتىنى ھەل قىلالماي تولا مېڭىپ ھارغانىدى.

ئەپەندىم سۆزلىمەكتە:

— بۈگۈن ۋاقىت مۇشۇ دوكلات بىلەن تۈگەيدۇ دېگىنە (ئۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى)، ئەتە ھېلىقى يىغىنغا بارمىسام بولمايدۇ. ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، ھېلىقى، بېيجىڭدىكى يىغىنچۇ؟

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ تېلېفوننى قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى. ماشىنىنىڭ ئىچىنى قىزىقىش، ھۆرمەتلەش، ئېھتىرام بىلدۈرۈشتەك قويۇق بىر كەيپىيات قاپلىدى. چوكان كەينىگە قايرىلىپ تولىمۇ نازاكەتلىك قىياپەتتە ئەپەندىمگە قاراپ سورىدى:

— سائىتىڭىز نەچچە بولدى؟

ئۇ يانچۇقىدىكى تېلېفوننى ئېلىپ سائىتىگە قارىغىنىچە شوپۇر گەپ - سۆز قىلمايلا ماشىنىنىڭ ئالدىغا قويغان سائەتنى كۆرسەتكەچ بارمىقى بىلەن چەكتى. چوكان خىجىل بولۇپ سائەتكە قارىدى.

«مەن سەندىن سورىمىغاندىن كېيىن جىم ئولتۇرما-سەن؟» دەپ ئىچىدە شوپۇرغا كايىدى چوكان.

ئەپەندىم ماشىنا ئەينىكىدىن يىراقلارغا كۆز تاشلىدى. ئىك-كى تەرىپى بۈك قارىياغاچلىق تۈپتۈز يولدا ماشىنا ئۇچقاندەك چاپماقتا. ئاپئاق قارلىق تاغ چوققىلىرى، دۆڭ-يوتىلار ماشىنا بىلەن بەسلەشكەندەك ئالدىغا سىلجىماقتا.

ماشىنا شەھەر تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن سۈرئەت ئاستى-لىدى. دۆڭلۈك ئۈستىدىكى ئايلانمىغا كەلگەندە ھېلىقى چوڭراق ئايال:

— بىز مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالساق بولاتتى، — دېدى.

— توختاپ تۇرۇڭ، ئازراق مېڭىپ توختايلى. ئاۋۇ ساقچى-نى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن ماشىنا بىكەتكە يېقىنلاشتى. «سىز؟» دەپ ئىما قىلدى شوپۇر ياش چوكانغا.

— ھە، ئازراق مېڭىڭ، ئاۋۇ پوچتىخانا ئالدىدا چۈشۈپ قالاي. مانا پۇلىڭىز.

چوكان ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئەپەندىمگە قاراپ ئىللىق كۈ-لۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— خوش! — دېدى.

ئەپەندىم كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتتى. ماشىنا يۈرۈپ كەت-تى. چوكان: «ئەگەر ئۇنىڭ مەيلى بولسا بىرئاز مېڭىپلا ماشى-نىدىن چۈشىدۇ» دەپ ئويلاپ ئۆز ئورنىدا جىم تۇرۇپ ماشىنا كەينىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ قالدى. بىرئازدىن كېيىن: «ئاپلا، بىر ئامەت قولدىن كېتىپ قالدى» دەپ ئويلىدى. بۇ ئامەت ئىشق-ھەۋەستىن ئەمەس، بەلكى ھاجەتتىن ئىدى. ھاجەتمۇ ئىشق-ھەۋەس ئارقىلىق ئوڭايلا ۋۇجۇدقا چىقاتتى.

— ئاكا، سىزنى قەيەرگە ئاپىرىپ قوياي؟

تېخىچە يول ئۈستىدىكى چوكاندىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇر-غان ئەپەندىم دەرھال ئالدىغا قاراپ :

— بولدى ، ئاۋارە قىلمىسامغۇ بولاتتى ، سولغا ئايلىنىپ ئاندىن ئاۋۇ ياقتىكى تار كوچىغا چىقساق بولىدۇ . مانا ماۋۇ تەرەپكە ، ھە ، بولدى ! رەھمەت ئۇكام ، مانا پۇلىڭىز ، پارچىسى يوقكەن .

شوپۇر يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ ، ئاشقان پۇل-لارنى قايتۇرۇۋاتقاندا شوپۇرنىڭ يېنىدىكى دېرىزە ئەينىكىنى بى-رەيلەن چەكتى . شوپۇر پۇللىرىنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ ئىشىك-نى ئاچتى .

— ئوھوي ! سەنكەنسەنغۇ ، — دېدى شوپۇر كۆرۈشۈ-ۋېتىپ ، — قانداق ئەھۋالىڭ ؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن ؟

— بىز مۇشۇ يەردە ئەمەسمۇ ، — يىگىت شۇنداق دەپلا ئەپەندىمگە بۇرۇلدى ، — كەلدىڭىزما ؟

— ئىدارىدە كىم بار ؟

— ھەممىسى بار .

ئەپەندىم ماشىنىدىن چۈشۈپ شوپۇرغا باش لىڭشىتىپ قو-يۇپلا تار يولنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى .

شوپۇر بايىقى يىگىتتىن سورىدى :

— بۇ ئادەم كىم بولىدۇ ؟

— بۇ ئادەم بىزنىڭ ئاساسىي قاتلامغا چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپا كادىرى .

— ئەسلىي نەدە ئىشلەيدىكەن ؟

— بىزنىڭ رايوننىڭ خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى .

— ھە ، — دېدى شوپۇر سۆزىنى سوزۇپ .

— قانداق دەيسەن ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— يولدا كەلگۈچە تېلېفوندا نۇرغۇن يولىۋۇقلارنى ئېرىپ كەتكىنىگە قاراپ چوڭ باشلىقمىكىن دەپ قاپتىمەن.

— بايا تېلېفوننى مەن بەرگەن.

— ئەمىسە دوكلات بېرىمەن، بېيجىڭغا يىغىنغا بارىمەن، ماشىنىنى رېمونت قىلىڭلار، بىر بالىنى ئورۇنلاشتۇرىمەن، دەپلا كەتتىغۇ؟

ياش يىگىت كۈلۈپ كەتتى.

— ئۆزىغۇ ئوبدان ئادەمكەن. بەزىدە ئازراق ئېتىپ قويىدۇ. دوكلات بېرىمەن دېگىنى راست، بۇگۇن زەھەر تاشلاش ھەققىدە مەھەللە ئاھالىسىگە دوكلات بەرمەكچىدى. ئەتىگەندىن بېرى تولا قاتراپ يۈرۈپ ئارانلا يەتتە ـ سەككىز قېرىلارنى يىغىنغا كېلىشكە ئۇناتتۇق. چۈشتىن كېيىن قانچىسى كېلىدۇ، بۇنىسى ناتايىن. شۇنىڭ تېزىسىنى كاتىپ قىز يېزىۋاتاتتى.

— ماشىنا رېمونت دېگىنىچۇ؟

— ئەنە ئاۋۇ ماشىنا، — يىگىت يولنىڭ چېتىدە ماكچىيىپ ياتقان كونا «130» تىپلىق ئەخلەت ماشىنىسىنى كۆرسەتتى، — بۇزۇلۇپ قېلىپ كۆرسەتسەك، «رېمونت كۆتۈرمەيدۇ» دەپ ئۇ-نىمىدى. ئىككى كۈندىن بېرى ئەخلەتلەر توشۇلماي قالدى. شۇ-نىڭغا بىر قىز بىلەن بىر ئوغۇل بالىنى ئەۋەتىپتىكەن. «بۇلار تۆۋەن كاپالەت ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى، قىز بالا چىدالمايدۇ، دەپ ئوغۇل بالىنى ئالايلى» دېيىشكەن، ۋاقىتلىق.

— تولا، — ياقىسىنى تۇتتى شوپۇر، — مەن تېخى باشقىچە ئويلاپ قاپتىمەن. ھە راست، بېيجىڭغا يىغىنغا بارىمەن دەۋاتاتتى-غۇ؟

— ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپسەن ـ دە، — دېدى يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاۋۇ يېڭى قۇرۇلغان شەھەرچە بارغۇ، شۇ-نىڭدا بېيجىڭ يولى، شاڭخەي يولى، جياڭسۇ يولى دېگەن مەھەل-

لىلەر بار ئىكەن . بېيجىڭ يولى ساقچىخانىسى بىر كىچىك ئوغ-
رىلىق دېلوسىنى پاش قىپتىكەن . بىزنىڭ مۇشۇ ئاساسىي قاتلام-
دىن بىر ياش بالا شۇنىڭغا ئارىلىشىپ قالغان گەپ . ساقچىخانا
تېلېفون بېرىپ بىر ئادەم كەلسەڭلار ، دەپتىكەن . بېيجىڭ دېگى-
نى ئاشۇ .

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى .

2006 ـ يىل ، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ھەر كاللىدا بىر خىيال

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ ھەممە ئىشىدىن رازى بولسى-
مۇ ، بىراق سودىلىق ئىشلىرىدىن ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بازاردىن ئە-
كېلىدىغان گۆشىدىن زادىلا رازى ئەمەس ئىدى . ئۇنى دېمىسىمۇ
راست . قاسساپتىن ئالغاندا كۆزىگە بىر چىرايلىق كۆرۈنگەن
گۆش يا ئارىسىدىن كاللەك بەز ، كاللەك ماي چىققان ، يا بولمىسا
پىچاق ئۆتمەس پاتاڭ گۆش بولۇپ قالاتتى . بۇنىڭغا ئەپەندىم
ئۆزىمۇ ھەيران قالاتتى . ئايالىنىڭ كوتۇلداشلىرىدىن كېيىن قايتا
گۆش ئالغىلى بارغاندا خۇددى ئۇستا تەكشۈرگۈچىماللارنى تەك-
شۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ ئالغاندەك قىياپەتتە قوللىرىنى كەينىگە تۇ-
تۇپ ، ئالدىرىماي گۆش بازىرىنى ئايلىناتتىيۇ ، بىراق قانداق
شەيتان ئېزىقتۇردىكىن ، يەنىلا قاسساپنىڭ دامىغا چۈشۈپ
قالاتتى .

بۇگۈن ئۇ خوتۇنىغا قاتتىق ۋەدە بەردى . «بۇ نۆۋەت ئەكەل-
گەن گۆشۈم ياخشى بولمىسا يۈزۈمگە ئات !» دېدى . چۈنكى ،
بۇگۈن كەچتە ئۆزىنىڭ مېھمانلىرى كېلەتتى . چۈشلۈك دەم ئې-
لىشتىن يېرىم سائەت بۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ ، گۆش بازىرىنىڭ
يېنىغا ماشىنىسىنى توختىتىپ ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ، قاتار
كەتكەن رەستىنى بويلاپ سالماق قەدەم بىلەن ماڭدى . ئىككى
ئەتراپىدىكى كانارغا كالا ـ قوي گۆشلىرى سانجاق ئېسىلغان .
قاسساپلار قولىدىكى ئۆتكۈر ، ئىنچىكە پىچاقلىرى بىلەن گۆشلەر-
نى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ خېرىدار چاقىراتتى .

ئالدىرىماي ئارىلاپ يۈرگەن ئەپەندىم ياشقىنا بىر قاسساپنى
كۆرۈش بىلەن خۇددى خىزىرغا يولۇققاندەك خۇشال بولۇپ كەت-

تى . قاسساپمۇ ئەپەندىمنى كۆرۈپ تولىمۇ ئېھتىرام بىلەن سالام قىلىپ كۆرۈشتى . قىزغىن ئەھۋال سورىدى . ئەپەندىممۇ يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى سوراپ ، دادىسىنىڭ تۇگەپ كەتكەنلىكىنى بىلدى .

«خۇدايىم بەردى دېگەن مانا شۇ ، — ئويلىدى ئەپەندىم ئىچىدە ، — بۇگۈن گۆشنىڭ ياخشىسىنى ئېلىپ بېرىپ ، خوتۇننىڭ ئالدىدا ۋەدەمنى ئاقلايدىغان بولدۇم» .

«ئەجەب ئوبدان بولدى ، — ئويلىدى ياش قاسساپمۇ ، — بۇ ئادەمنىڭ بىزنىڭ ئائىلىمىزگە قىلغان ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ قالامدىغان ، ئاشۇ يىللاردا بىزنىڭ بىر ئائىلىدىكى ئالتە جاننىڭ نوپۇسىنى شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن ئەمەسمۇ ! بۇ ياخشىلىقنى قايتۇرۇشقا زادىلا پۇرسەت بولمىغان . »

— گۆشكە كەپسىزدە ، ئاكا ، ياخشى بوپتۇ ، دائىم كېلىپ تۇرۇڭ .

«ئىشقىلىپ ، گۆشنىڭ ئوبدان يېرىنى بېرىشىدە گەپ يوق . بۇنداق بولغاندىكىن ، باھا تالاشماي ، پۇلنى ئەينەن بېرەي» ئويلىدى ئەپەندىم .

«بۇ ئادەمدىن پۇل ئالسام سەت بولىدۇ . شۇڭا تونۇغۇن ئېشىپ قالغان مۇنۇ گۆشنى بېرىپلا رازى قىلاي» ئويلىدى قاسساپ ۋە سارغۇچ گۆشنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە شارتلا كېسىپ سورىدى :

— قانچە كىلو تارتاي ، ئاكا ؟

— ئۈچ كىلو بولسا بولار ، راست ، باھاسى قانچە ؟

قاسساپ ئۇندىمەي ئۈچ كىلودەك گۆشنى تارازىدىن ئېلىپ سومكىغا سالدى . ئەپەندىم كانارغا ئېلىپ قويۇلغان قىلىن كاردون قەغەزدىكى «قوي گۆشى 18 يۈەن» دەپ يېزىلغان خەتنى كۆرۈپ يانچۇقىدىن پۇلنى چىقىرىشىغا ، قاسساپ :

— نېمە قىلىۋاتىسىز ؟ پۇلىڭىزنى يانچۇققا سېلىپ قويۇڭ ،

www.uyghurkitap.com

ئاران بىر كەلدىڭىز ئەمەسمۇ ، — دېدى .

— ياق ! — دېدى ئەپەندىم قەتئىي تەلەپپۇزدا ۋە ئەللىك بەش يۈەن پۇلنى ئايرىپ تارازا ئىچىگە تاشلىدى ، — ئەگەر پۇلنى ئالمىسىڭىز مەنمۇ گۆشنى ئالمايمەن ، قايتا يېنىڭىزغا كەلمەيمەن !

بۇلارنىڭ قىسقىغىنا تالاش - تارتىشى ۋە بۇ ئىخچام كىيىنگەن سالاپەتلىك كىشىنىڭ مەردانە سۆزلىرى يانىدىكى قاسساپلارنى ھەيران قالدۇردى . ياش قاسساپ گېپىنى زادىلا ئۆتكۈزەلمىگەندىن كېيىن :

— ئەستاغپۇرۇللا ، بوپتۇ ئەمىسە ، پۇلىڭىزنىڭ يېرىمىنى ئالاي ، — دېگەندى ، ئەپەندىم تېخىمۇ مەردلىشىپ :

— ياق ، بىر تىيىن كەم ئالسىڭىز بولمايدۇ ، بۇ دېگەن سودا ، ھەممىمىزگە تۇرمۇش لازىم ، بوپتۇ ، مۇنۇ قايتۇرغان بىر يۈەن پۇلنى مەن ئالاي ، — دېدى .

ئۇ قاسساپ بىلەن خوشلىشىپ مەردانە قەدەملەر بىلەن ماشىنىغا قاراپ ماڭدى . ئۆزىنى ناھايىتى تېتىك ، ئازادە سەزدى . «ياخشى ، پاك ئادەم ئىكەن» دېيىشتى قاسساپلار .

«ئەستاغپۇرۇللا ، — دېدى قاسساپ ئىچىدە قاتتىق ئۆكۈنۈپ ، — تازىمۇ سەت ئىش قىلدىما ، ياخشىلىقىقا يامانلىق دېگەن مۇشۇدە . بۇنى بىلگەن بولسام ياخشى گۆشتىن بەرسەم بوپتىكەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۈچ كىلوغىمۇ يەتمەيدۇ ، خەپ !»

«قېنى ئەمدى خوتۇنىنىڭ غىدىڭ - پىدىڭ قىلغىنىنى بىر كۆرەي» دەپ ئويلىدى ئەپەندىم خۇش بولۇپ .

بالانىڭ چوڭى ئەمدى تىرىلدى .

— ۋاي خۇدايىمەي ، ۋۈي ، قانداق كۆزى يوق ئادەم بۇ ؟ مۇشۇمۇ گۆش بولدىمۇ ؟ قىرى ئۆچكىنىڭ پاتاڭ گۆشىغۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە پۇراپ قالايلا دەپتۇ ! — دېدى خوتۇنى ئىنتايىن ئاچچىقلىنىپ ، — ھەي ، قارىغۇ ، ئەمدى گېپىڭىز بويىچە گۆشنى بېشىڭىزغا ئاتايمۇ ؟

# يەر قاتتىق

كىشىلىك تۇرمۇش دائىم ئوخشۇشلۇق ئۆتۈۋەرمەيدۇ . ئىنسان-
نىڭ سىرتقى مۇھىتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىشى بەزىدە ماددىي جە-
ھەتتىن ، بەزىدە روھىي جەھەتتىن بولىدۇ . ماددىي زەربە كىشى-
لەرنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن بىرەر پىشكەللىككە يولۇقۇشى —
ئوق تېگىش ، يىقىلىش ، قاتناش ۋەقەسى قاتارلىقلار بولۇپ ،
ئادەم ئۆلۈپ كەتمىسىلا ساقىيىدۇ ۋە ئۇنى ئۇنتۇپمۇ كېتىدۇ .
ئەڭ يامىنى روھىي زەربە بولۇپ ، ئۇنى ئۇنتۇش بەسى مۇشكۇل ،
بۇنىڭ كىچىككىنە بىر تارمىقى ئىزا - نومۇس .

قاتتىق ئىزا ئۇزۇنغىچە ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ . بىر-
قانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئادەمنىڭ ئېسىگە كەلسە ، ئۆزى-
نى ئىزاغا قويغان ئىش ھازىرلا يۈز بەرگەندەك ، ئادەم ئۆزىچىلا
«ھوپپىدە» قىزىرىپ كېتىدۇ .

مۇنداق بىر ۋەقە بولغان :

ئالىي مەكتەپتە بويى ئېگىز ، بۇرنى قاڭشارلىق بىر ساۋاقدى-
شىم بولىدىغان . ئۇ سەنئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇيتتى . ئوقۇش
پۈتتۈرۈش ئالدىدا ئۇنىڭ سىزغان ئىككى پارچە ماي بوياق رەسى-
مى بىردىنلا ئۇنىڭ نامىنى كۆتۈرۈۋەتتى . كەسىپ ئەھلىلىرى بۇ
رەسىمنى قانداقتۇر تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ بىرلى-
شىشى ، قانداقتۇر رېئالىزم بىلەن يەنە بىرنېمىنىڭ بىرنېمىسى
دېگەندەك بەدىئىي ئاتالغۇلار بىلەن راسا ماختاپ گېزىتلەرگە ماقا-
لىلار يازغاندى . ئوقۇش پۈتتۈرۈشىمىزگە تېخى بىرنەچچە ئاي
قالغاندا ، مەلۇم نەشرىيات ئۇرنى : «بىز شۇنداق ئادەمگە ئېھتى-
ياجلىق ، چوڭ بىر كۆرگەزمىگە تەييارلىق قىلىمىز » دەپ تەلەپ

قىلىپ يۇرۇپ ئاغىنىمىزنى ئىلىپ كەتتى . كىيىن ئۇقساق نەش-رىيات ئۇنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋاپتۇ . ئارىدىن ئۈچ ئايدەك ئۆتۈپ بىزمۇ ئوقۇشنى پۈتتۈردۇق ۋە تەقسىمات بىلەن يۇرتىمىزغا قايتتۇق . قايتىدىغان خەۋىرىمىزنى ئاڭلاپ ئاغىنىمىز بىزنىڭ ياتاققا كەلدى . ئۇ يىپيېڭى بىرقۇر كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىۋاپ-تۇ . سومكىسىغا ئىككى بوتۇلكا ئاق هاراق ، بىر كىلوگرامدەك پىششىق گۆش ، سامسا سالغاچ كەپتۇ . يەپ - ئىچىپ خوشلاشتۇق .

شۇنىڭدىن كىيىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى . بۇ ئارىلىقتا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىمۇ ساق - سالامەت ئۆزىتىپ قويۇپ ئۇرۇمچىگە بارغىنىمدا ئاغىنەمنى يوقلاپ قويدۇم . تەقى - تۇرقى سەل ئۆزگىرىپ قاپتۇ ، كەسپىتىمۇ خېلى ياخشى دەيدۇ . بىراق ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى هېچ ئېلان قىلىنمايتتى .

— مانا ، ئاداش ، ماڭا مۇشۇ هەمراھ بولدى ، — دېدى ئۇ قولىدىكى رومكىنى سەل كۆتۈرۈپ قويۇپ ، — هە دېسىلا ، ئاقىد-لەي - كۆكىلەي دەپ ئوتتۇرىغا سۆرەۋەردى ، بىزمۇ چىقىۋەر-دۇق . يىغىندىن قايتىپ ئىچىدىغىنىمىز هاراق ، كىرىپ ئۇخلاي-دىغىنىمىز ياتاق …

— يەيدىغىنىڭ تاماق ، — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭ گېپىگە قاپى-يىداش قىلىپ .

— شۇنداق ، يەيدىغىنىمىز تاماق ، ئاندىن كېيىن ئاخشىمى بولسا …— ئۇ تۆت مىسراسى قاپپىيداش شۇنداق سەت بىر گەپنى كەلتۈرۈۋېدى ، قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتۇق .

مەن «ئۆيلەنگەنسەن ؟ » دەپ سوراشنى ئەپ كۆرمەي ، «بالى-لار نەچچە بولدى ؟ » دەپ سورىدىم .

ئۇ كاۋاپنىڭ زىخى بىلەن ئۇستەلنىڭ بۇدۇر - چوقۇر يۇزلى-رىنى قالايمىقان سىزغاچ ئالدىرىماي تۇرۇپ :

— بالا بىر ئىدى ، هازىر ئانىسىنىڭ يېنىدا ، — دېدى .

مەن ھەممىنى چۈشىنىپ، قايتا گەپ سورىمىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قېتىم ئۈرۈمچىگە بارغاندا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالىمەن، ھە دېسىلا ھاراق ئىچىپ يۈرىدىكەن، كېيىن ئۇقسام ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشىمۇ شۇ ھاراقتىن ئىكەن.

1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى يىلى. بىر كۈنى ئۇنى غۇلجىغا كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ، ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشۈپ، ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم. ئۇ كۈنى چاچلىرىنى پاكىز قىردۇرۇپ، غۇلجىنىڭ مانچېستېر دوپپىسىنى كىيىۋاپتىكەن، چوڭ چىراي بولۇپ قاپتۇ. بۇرنى ۋە بۇغدىيىكى خېلى يوغىناپ قالغاندەك بىلىندى.

— ئاداش، بۇ مەن چۈشكەن ئۆي، ھەدەمنىڭ ئۆيى دېگىنە. بۇ دۇنيادا بايتالنىڭ ئەمچىكىدەك بىز ئىككىلا قېرىنداش قالدۇق. ھەدەم ئۆزى ئاغرىقچان، يالغۇز. سەن ھۆكۈمەت ئورنىدا بولغاندىكىن ئارىلاپ يوقلىغاچ بەزى قىيىنچىلىقلىرى بولسا يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ ھەل قىلىشىپ بېرەرسەن. مەن بولسام يىراقتا، — دېدى ئۇ.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ ھەدىسى ئۆيگە كىردى، تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتۇق. ئاغىنەم مېنى ھەدىسىگە تونۇشتۇرۇپ، يۇقىرىقى سۆزلەرنى قايتىلاپ چىقتى. ھەدىسىنىڭ يېشى ئانچىمۇ چوڭ ئەمەس، بىر پۇتى ئاقساق، خۇشخۇي ئايالكەن. ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئاددىي ئۆيىدە ئۆزى يالغۇز بولۇپ، مەھەللىنىڭ كىچىككىنە بىر ياغاچچىلىق كارخانىسىنىڭ كاسسىرلىقىنى ئىشلەپ، ناھايىتى ئاز مائاش بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەيدىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇياق ـ بۇياقلارغا ئۆتكەندە كۆرۈشۈپ قالسام، ئالدى بىلەن ئابدۇللامنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتىم (ھە راست، ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. ئاغىنەمنىڭ ئىسمى ئابدۇللام ئىدى). ئەگەر ئۈرۈمچى تەرەپلەرگە بېرىپ كەلسەم ئابدۇللامنىڭ خەت ـ خالتىلىرىنى ھەدىسىگە يەتكۈزۈپ بېرەتتىم.

— خەۋىرىڭىز بارمىكىن ، — دېدى بۇ ئايال بىر ۋاقىتىم كۆرۈشكەن ۋاقتىمدا ، — ئابدۇللام ئاغرىق سەۋەبىدىن بالدۇرلا پېنسىيىگە چىقىۋاپتۇ . ھازىرغۇ راسا ئىشلەيدىغان ۋاقتى ئىدى . بىراق مۇشۇ ھاراق دېگەن كاساپەتنىڭ پايدىسى دېمەمسىز . خۇدا-نىڭ پۈتكەن تەقدىرى شۇنداقتۇر . ئەممازە ، ھەممىنى قىلغان ئاشۇ ھازازۇل خوتۇنى . ئاخىرى ئىنىمنى قۇرۇتتى . ئۆزىمىغۇ ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتقاندۇ ئۇ سىرىق ئەپچە ...

كېيىنكى يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى . راسا ئالدىراش ئىش بىلەن شۇ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام ئابدۇللامنىڭ ھەددى-سى ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرغانىكەن . مېنى كۆرۈپ قولىدىكى تايىقىغا تايىنىپ ئورنىدىن قوپۇپ سالاملاشتى ۋە دەرھال :

— تېخى يېقىندىلا بىر ئىش بىلەن ئىدارىڭىزغا ئىزدەپ بارسام «ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كەتتى» دېگەن ، قايتىپ كەپ-سىز ، — دېدى . مەنمۇ دەرھال يالغاندىن بىرنى توقۇپ :

— قارىمامسىز بۇ ئالدىراشچىلىقىمنى . بىرەر يىلدەك بول-دى ، سىز بىلەن كۆرۈشەلمىدىم . بىر ھەپتە ئاۋۋال ئۈرۈمچىگە كەتكەنىدىم . بۈرناكۈن قايتىپ كەلدىم . ئابدۇللامنى يوقلاپ بار-دىم . خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ . خەت يېزىپ بەر دېسەم ، «بول-دى ، ئىنىزچە سالام ئېيتىپ قوي» دېدى ، ئۆزۈم تېخى ئايرىم كەلمەكچى ئىدىم ، — دېدىم .

ئايالنىڭ چىرايىدا بىرقىسما كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى .

— خەۋەر تاپالماپسىزدە ، — دېدى ئۇ ، — ئابدۇللام تۈگەپ كەتكىلى قىرىق بەش كۈن بولدى . يەتتە نەزىرىنى ئۈرۈمچىدە بەرگەن ، قايتىپ كېلىپ قىرىق نەزىرىنى بەردىم .

يا ، خۇدايىم ! ئايالنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى قۇلىقىمغا كىر-مىدى . سەپسالسام بېشىدا كىرلەشكەن ئاق ياغلىق تۇرمامدۇ .

يەر يېرىلغان بولسا ئىدى ...

1997 - يىل ، غۇلجا

# نادامەت

1 ـ ماي كۈنى . ھاۋا ئوچۇق .

بوۋاي ئەگرى ساپلىق ھاسىسىغا تايىنىپ تار كوچىدىن چىقىپ چوڭ يول بويىدا توختىدى .

چىرايلىق ياسانغان ياش چوكان ئۈچ ياشلىق بالىسىنى يېتىلەپ چىقىپ كەلدى . ئۇلار ئېھتىمال باغ سەيلىسىدىن قايتقان بولسا كېرەك ، بالىنىڭ يۈزلىرى ياشتىن ھۆلگەنگەن ، چىرايلىق كانۋا كۆڭلىكى كىرلىشىپ ، قولىدىكى چوكامۇز ئېرىشكە باشلىغانىدى .

بالا تىرەجەپ ، غىڭشىپ ماڭمىدى . ئانىسى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ سۆرەپ ھەلەك ئىدى . بالا تېخىمۇ تىرەجەپ تىقىلىۋالدى . چوكان ئاچچىقىغا پايلىماي بالىسىنىڭ كاسىسىغا بىرنەچچىنى سالدى ، بالا ئۈن سېلىپ يىغلىدى . بىرئازدىن كېيىن چوكان بالىنىڭ قولىدىكى ئېرىپ تۈگەي دەپ قالغان چوكامۇزنى تاشلىۋېتىپ ، قولياغلىقى بىلەن بالىنىڭ قول ـ يۈزلىرىنى سۈرتۈپ ، ئىشتىنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ بالىسىنى سۆيدى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈۋالدى . بالا يىغىدىن توختاپ ئېسەدەشكە باشلىدى .

قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى خىرەلەشكەن كۆزلىرىنى بۇ مەنزىرىگە تىكىپ تۇرغان بوۋاي ئويلاپ قالدى : «مەنمۇ بىر چاغلاردا ئاشۇنداق بالا ئىدىم . قەرغىشلىق قىلىپ يىغلىسام ئاناممۇ مېنى ئۇراتتى . ئاندىن كېيىن سۆيۈپ ئەركىلىتىپ بەزلەيتتى . ھازىر ھېچكىم مېنى ئۇرمايدۇ . بىراق مەن يىغلىسام ھېچكىممۇ مېنى بەزلىمەيدۇ ...»

1995 ـ يىل ، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىت توسۇش

قىشچە ئېلىك ـ سىلىك ئاغرىپ چىققان بوۋاي باھار كېلىشى بىلەن قانلىرى سۇيۇلۇپ، تېخىمۇ كەم ماغدۇر بولۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ ئورۇق قوللىرى بىلەن يەلپۈگۈچنىڭ سېپىنى سىلاپ، دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ھويلىغا قاراپ ئولتۇراتتى. كۈن ئىللىغاندا دېرىزىنى قىيا ئېچىپ قويۇپ، دەرۋازا تۈۋىدىكى بىر تۈپ ئالمىنىڭ بىخلاۋاتقان شاخلىرىغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تىكىلەتتى. ئالمىغا باغلاقلىق يوغان سېرىق ئىت بوۋايغا تىكىلىپ قارايتتى.

دەرۋازا زەنجىرى يېنىك شىلدىرلىدى. ئىت قۇلىقىنى دىڭگايتىپ «ھۇجۇم»غا تەييارلاندى. دەرۋازا «غىچىلداپ» ئېچىلىشى بىلەنلا ئىتمۇ شىددەتلىك «ھۇجۇم»غا ئۆتتى. دەرۋازا قايتا يېپىلدى. ئىتنىڭ قاۋىشىنى ئاڭلىغان بوۋاينىڭ ئوغلى پېشايۋانلىق ئۆي ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ دەرۋازىغا باردى. كىرىپ كەلگۈچى مۇشۇ كەنتنىڭ باشلىقى ئىدى.

— پاھ! پاھ! پاھ! ... نېمىدېگەن يامان ئىت بۇ! تاس قالدى ـ دە ...

— كەل، كەل، ئۆيگە كىر... ھەيۋىسى بولغان بىلەن ئادەم چىشلىمەيدۇ، — دېدى بوۋاينىڭ ئوغلى ئىتنى توسۇپ تۇرۇپ.

ئىت بېشىنى يەرگە قويۇپ ياتتى ـ دە، يەر ئاستىدىن كەنت باشلىقىغا قاراپ قويۇپ جىم بولدى.

كەنت باشلىقى ئۆيگە كىرىپ گەپنى باشلىدى:

— مۇنداق گەپ: پات يېقىندا شەھەر رەھبەرلىرى ھەربىر يېزىلاردىكى باي بولغان ئائىلىلەرنى كۆزدىن كەچۈرمەكچى بوپتى-

كەن . كەنتتىن سىنىڭ ماتېرىيالىڭنى يوللىغانىدۇق . سىنىڭ مائارىپقا ۋە نامراتلارنى يۆلەشكە قىلغان ياردىمىڭنى «خېلى گەۋدىلىك ئىكەن» دەپ ماختاپتۇ . ئۇلار پات ئارىدا كېلىپ قالسا كېرەك ، ئۆزۈڭ ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىپ ئەھۋال تونۇشتۇرارسەن .

كەنت باشلىقى گېپىنى تۈگىتىپ ، ئاپئاق ئاقارتىلغان خىشلىق تامدىكى ئاجايىپ بىر سۈرەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ قويدى ـ دە ، ساھىبخانىنىڭ زورلاشلىرىغىمۇ قارىماي قايتتى . بوۋاينىڭ ئوغلى ئۇنى دەرۋازىدىن چىقىرىپ قويدى . ئىت جىمجىت ياتاتتى .

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەر ئەتراپىدا دەرۋازا ئېچىلىپ قورۇغا ئىككى ئادەم كىرىشى بىلەن ئىت يەنە شىددەتلىك «ھۇجۇم»غا ئۆتتى . بۇلاردىن بىرى چۈشتىن ئاۋۋال كىرگەن كەنت باشلىقى ، يەنە بىرى سېمىز كەلگەن يېزا باشلىقى ئىدى . يېزا باشلىقى تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن چىرايى مومىدەك سارغىيىپ كەتتى ۋە كەينىگە داجىدى .

كەنت باشلىقى بىمالال بېرىپ ئىتنى توسىدى .

— پاھ ! نېمىدېگەن ۋەھشىي ئىت بۇ ...

— قورقماڭ ، — دېدى كەنت باشلىقى ، — ھەيۋىسى بولغان بىلەن ئادەم چىشلىمەيدىغان ياخشى ئىت ئىكەن .

چۈشلۈك ئۇيقۇدىن ئەمدىلا تۇرغان بوۋاينىڭ ئوغلى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى .

يېزا باشلىقى تەييارلىق ئەھۋالىنى بىر قاتار سۈرۈشتۈرۈپ ، بەزى جايلىرىنى تولۇقلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاپئاق ئاقارتىلغان خىشلىق تامدىكى ئاجايىپ بىر سۈرەتنىڭ يېنىغا بېرىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن ، ساھىبخانىنىڭ زورلاشلىرىغىمۇ قارىماي قايتتى . بوۋاينىڭ ئوغلى ئۇلارنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويدى . ئىت جىمجىت ياتاتتى .

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى سائەت توققۇزدىن سەل ئۆتكەندە بىر

كىچىك ماشىنا دەرۋازا ئالدىدا توختاپ، يېزا باشلىقى بىلەن يەنە بىر ياش يىگىت ماشىنىدىن چۈشتى. گالستۇكىنى مۇزاينىڭ تۇمشۇقىدەك قىلىپ قاتۇرۇپ باغلىۋالغان بۇ يىگىتنىڭ قوشۇمىسى ھەمىشە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغانلىقتىن، خۇددى ئىچى ئاغرىۋاتقان ئادەم چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ شەھەر رەھبەرلىرىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار كاتىپى ئىدى. بۇلار ئەمدىلا دەرۋازىدىن كىرىشكە باغلاقلىق ئىت شۇنداق تۇيۇقسىز «ھۇجۇم»غا ئۆتتىكى، كاتىپنىڭ قولىدىكى سومكىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. يېزا باشلىقى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىتنى تورىۋالدى.

پۇتلىرى تىترەپ ماڭالماي قالغان كاتىپ تاتىرىپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ:

— پاھ! پاھ! پاھ! مۇشۇنداقمۇ يامان ئىت باققان بارمۇ؟ ئىت ئەمەس، ئادەم يەيدىغان يولۋاسقۇ بۇ! — دېدى.

— زادىلا قورقماڭ، — دېدى يېزا باشلىقى، — ھەيۋىسى بولغان بىلەن پەقەتلا ئادەم چىشلىمەيدۇ. كەنتىمىزدىكى ئىتلارنىڭ ئالدى دەڭا بۇنى...

ماللارغا ھەلەپ ئېتىۋاتقان ئۆي ئىگىسى، يەنى بوۋاينىڭ ئوغلى ئالدىراپ كېلىپ سالاملاشقاندىن كېيىن ئەپۇ سورىغاچ مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى.

«بېشى ئاغرىپ تۇرىدىغان» كاتىپ بىر چىنە چايدىن كېيىن سەل ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تەييارلىقلارنى ئاڭلىدى. ئاندىن يازما ماتېرىيالنى كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتىۋېدى، بوۋاينىڭ ئوغلى قىزىرىپ، خىجالەت بولۇپ يېرىم ۋاراق قەغەزگە قالايمىقان جىجالغان سان - سىپىرلارنى سۇندى. كاتىپ كۆرۈپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئاپئاق ئاقارتىلغان خىش تامدىكى ئاجايىپ رەسىمنىڭ يېنىغا بېرىپ سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن: «مۇشۇ رەسىم ئېلىنىپ كەتسىكەن» دېدى - دە، رەھبەرلەرنىڭ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن كېلىدىغانلىقىنى تەنتەنە

بىلەن ئېلان قىلدى.
ئۇلار قايتىپ ھويلىغا چىقتى. ئىت جىمجىت ياتاتتى. ماشىنا يېنىك قوزغىلىپ مېڭىپ كەتتى.
بوۋاينىڭ ئوغلى چوشلۇك ئۇيقۇدىن قوپۇپ بىرئاز ئۆزىنى تۈزەشتۈردى. ئايالى ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولۇپ ئېرىنىڭ باش - كۆزىنى يۇيۇپ كۆڭلەك يۆتكىشىگە ياردەملىشىۋاتقاندا، كوچىدا ماشىنا سىگنالى ئاڭلاندى.
بۇ قېتىم كەلگەنلەر شەھەر رەھبەرلىرىدىن ئىككى كىشى، «بېشى ئاغرىپ تۇرىدىغان» كاتىپ، مۇخبىر، يېزا باشلىقى، كەنت باشلىقى قاتارلىق كىشىلەر ئىدى.
بوۋاينىڭ ئوغلى پېشايۋاندىن چۈشۈشكە دەرۋازا ئېچىلىپ شەھەر رەھبەرلىرىدىن بىرى قورۇغا قەدەم قويۇپ قالدى. باغلاقتىكى ئىت زەنجىرنى ئۈزۈۋەتكۈدەك قىلىپ تۇيۇقسىزلا شىددەت بىلەن ئېتىلىۋىدى، رەھبەر چۆچۈپ كەينىگە داجىپ كەتتى. «بېشى ئاغرىپ تۇرىدىغان» كاتىپ ئىككى سەكرەپلا بېرىپ ئىتنى توسۇپ تۇردى.
— پاھ! پاھ! پاھ! — رەھبەر يۈرىكىنى تۇتتى، — مۇنداقمۇ يامان ئىت بولارمۇ؟! ...
كاتىپ سەل خىجىل بولغان تەلەپپۇزدا ئەپۇ سورىغاندەك:
— ئىت بارلىقىنى ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇپتىمەن. بىراق، بۇ ئىتنىڭ ھەيۋىسى بولغان بىلەن ئادەمگە پەقەتلا زىيىنى يوق ئىدىكەن، — دېدى.
مېھمانلار ئاستا مېڭىپ يوغان ياسىداق ئۆيگە كىرىشكە باشلىغان بولسىمۇ، گەپ تېخىچىلا ئىت توغرىسىدا ئىدى.
— ئادەم چىشلىمەيدۇ، ھەيۋىسى يامان.
— ئۆزى بەك سەگەك، «تىرىق» قىلغاننى سېزىدۇ.
— سەھرا يېرىدە مۇشۇنداق بىر ئىت بولمىسىمۇ بولمايدۇ - دە.

— ئۆزىنىڭمۇ نەسلى ياخشى ئوخشايدۇ
— تۆكلىرى پارقىراپ تۇرىدۇ ...
مۇلاھىزە خېلىغىچە تۈگىمىدى . مۇخبىرلار تېڭىرقاپ قال-
دى . بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە خاتىرىلەپ ئېلىش ياكى سۈرەتكە
تارتىش لازىممىكىن ؟ ...
مېھمانلار ھەممە ئىشنى غەلىبىلىك پۈتتۈرۈپ ، ساھىبخاند-
نىڭ «تۆزى»غىمۇ ئېغىز تېگىپ كەچقۇرۇن قايتتى . ئۇلار قو-
رۇغا چىققاندا ھېلىقى «تىرىق» قىلغاننى سېزىدىغان ، ياخشى
نەسىللىك ئىت ئالدى پۇتلىرىنىڭ ئارىسىغا بېشىنى قويۇپ جىم
ياتاتتى .
ئىككى كۈندىن بۇيانقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دېرىزىدىن
كۆرۈپ تۇرغان بوۋاينىڭ ئاغرىق دەستىدىن قورۇلۇپ كەتكەن
يادائ يۈزلىرىگە ئازراق كۈلكە يۈگۈردى ۋە كەچتە ئوغلىنى
ئالدىغا چاقىرىپ :
— مۇنۇ ئىتىڭنى يوقات ! — دېدى .

1992 - يىل ، غۇلجا



# كىچىككىنە ئەسلىمە

1970 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە كەچقۇرۇن ئىشتىن قايتىپ كېلىشىمگىلا، ئايالىم ماڭا چوڭ ئاپامنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ، «مېنى بىر كېلىپ كەتسۇن» دېگەن گېپىنى يەتكۈزدى.

بىزنىڭ ئىلى رايونىدا «چوڭ ئاپا» دېگىنىمىز، ئانىسىنىڭ ياكى دادىسىنىڭ ھەدىسىنى كۆرسىتىدۇ. چوڭ ئاپام — ئاپامنىڭ بىر نەۋرە ھەدىسى بولسىمۇ، بىز ناھايىتى يېقىن ئۆتكەچكە ئۆز ئاپىمىزدىنمۇ چارە كۆرەتتۇق. ئۇ ئىنتايىن مېھرىبان، تەمكىن، گەپ - سۆزلىرى جايىدا مەزلۇم ئىدى. ئائىلىمىزدە بەزەن كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ قالسا، ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ سىلىق گەپلەر بىلەن ھەممىنى ئۆز ئىزىغا سالاتتى. بۇنداق كۆڭۈلسىزلىك كۆپىنچە ئاپام بىلەن ئايالىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولاتتى. شۇنداق ۋاقىتلاردا چوڭ ئاپام ئارىغا چۈشۈپ ئالدى بىلەن مېنى ئەدەپلەيتتى: «سەن قانداق تەنتەك بالا بوپقالدىڭ؟ قۇلىقىڭنى يۇلۇپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن جۇمۇ!» دېسە؛ ئايالىمغا سىلىق سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلاتتى. ئاخىرىدا بىزنى چىقىرىۋېتىپ ئاپامغا: «ماڭا قارا، گۈلى، سىز بىلەن بىز ئانا! بەزى ئىشلاردا ئوغۇل، كېلىنلەرنىڭ رايىغا باقسىڭىز بولغان، ئۇلارمۇ كەچكىچە خىزمەت بىلەن بولىدۇ، سىزنىڭمۇ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى تولا ئەزۋەيلەيدىغان مىجەزىڭىز بار» دېگەندەك سىلىق گەپلەر بىلەن ئىشنى پۈتتۈرەتتى.

ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا تىكلەپ قويغان ۋېلىسىپىت ئۈستىدىكى ماتېرىيال سومكامنى ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ ۋېلىسىپىتنى يېتىد-

لەپ قورۇدىن چىقتىم .

چوڭ ئاپامىلارنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە جايلاشقان چەترەك جاي بولۇپ ، ئۇ يەردە ئون نەچچە ئۆيلۈك بار ئىدى . يول ماڭغاچ چوڭقۇر ئەسلىمىگە چۆمۈپ كەتتىم . ئۇ چاغلاردا چوڭ ئاپامىلارنىڭ ئۆيى بولسا ئەتراپى پۈتۈنلەي ئېتىزلىق ۋە دەرەخزارلىق بولۇپ ، شىمالغا قارىغان يوغان دەرۋازىدىن تاشقىرىقى قورۇغا كىرەتتۇق . تاشقىرىقى قورۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئېغىل ـ قوتان ، كۆكتات ئورىلىرى جايلاشقان . سول تەرەپتىكى كىچىككىنە ئىشىكتىن ئىچكىرى قورۇغا كىرىمىز ، ئىچكىرى قورۇدا كۈنگەيگە قارىتىپ كۆتۈرۈپ سېلىنغان ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ ، پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى ۋە ئۆينىڭ ئاستى ـ ئۈستىگە قېقىلغان تاختايلار سىرلانمىغان ، پېشايۋان ئۇدۇلىدىكى بىر تۈپ ئالما يېنىغا يازلىق چايخانا سېلىنغان ، بۇ قورۇنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى كىچىككىنە ئىشىكىدىن چىقساق جەننەتتەك چىرايلىق ئۈچ بۇرجەكلىك باغقا چىقاتتۇق . بۇ باغقا ھەر خىل ئەتىرگۈل ، سېرىنگۈل ، قىزىلگۈللەر تىكىلگەن ، رەڭگارەڭ خۇش پۇراق گۈللەر تېرىلغان بولۇپ ، ھەر خىل كېپىنەك ۋە گۈل ھەرىلىرى گۈلدىن گۈلگە قوناتتى . بۇ گۈللەرنىڭ يېنىدىن كىچىككىنە بىر ئېرىق سۈزۈك سۇ توختىماي ئېقىپ ، ئايىغى باغنىڭ كەينىدىن ئېتىزغا چىقىپ كېتەتتى .

جەنۇبقا قاراپ ئون بەش قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن گۈلزارلىق تۈگەپ ئالمىلىق باغقا چىقىمىز . ئاستى ياپيېشىل يۇمران چۆپلەر بىلەن ئورالغان بۇ باغدا مەنپەزى ، ئىستولۇۋي ، سەنتەر ، لىمون ، كارتوچكا ، تاغىل ، ئاپورت① قاتارلىق ئىلى ئالمىلىرىنىڭ پۈتۈن سورتلىرى ، شاپتۇل ـ ئۆرۈك ، گىلاس ، جىنەستىلەر شاخ ـ شېخىنى كۆتۈرەلمەي كېتەتتى . ئالمىلىق باغدىن

---

① ئىلى ئالما سورتلىرىنىڭ نامى .

جەنۇبقا قاراپ يىگىرمە قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن ئالمىلىق باغ تۈگەپ، ئۇزۇم بارىڭىغا چىقاتتۇق. ئۇزۇمزارلىق كۆنپېتىش تە-رەپكە كېڭىيىپ ئاخىرى تاشقىرىقى قورۇغا تۇتىشاتتى. ھويلا - ئارام، باغۋارانلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇز مو كېلەتتى.

چوڭ دەرۋازا ئالدى كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا سوزۇلغان ھارۋا يولى بولۇپ، يول ياقىسىدىكى ئېرىقتا سۈپسۈزۈك سۇ توختىماي ئېقىپ تۇرغاچقا ئېرىق بويلىرى ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر بىلەن تولغان. يولنىڭ ئىككى قاسنىقى ئېگىز سۆگەت، قارىياغاچلار بىلەن ئورالغاچقا، يولغا كۈن نۇرى چۈشمەيتتى. كۈنپېتىشقا قاراپ يەنە بىر ئاز ماڭساق چوڭ سۇ بويىدىكى بوستان-لىققا باراتتۇق، بۇ جاي «شىرىپباي جىلغىسى» دەپ ئاتىلاتتى.

مۇشۇ تەئەللۇقات، باغۋارانلارنى رەھمەتلىك چوڭ دادىمىز يالغۇز ئىشلەپ بىنا قىلغانىكەن، ئۇ تولىمۇ ئاچچىقى يامان، قايىقىنى ئاچمايدىغان بولسىمۇ، يەنىلا كۆڭلى يۇمشاق، مېھنەت-كەش ئادەم ئىدى. بىر كۈنى چوڭلار ئارىسىدا پاراڭ بولغاندا ئۇ ئادەمنىڭ ئېيتقان مۇنۇ گەپلىرى ئېسىمدە قاپتۇ: «بۇ يەرلەر زادى كىمنىڭ دەپ سورىساڭلار، — دەيتتى چوڭ دادام، — ئەسلىي سالاھىدىنباي، ئابدۇماناپبەگ دەيدىغان ئادەملەرنىڭ يېرى ئىدى. ئۇلار بىزگە تۇغقان كېلەتتى. مەن يېتىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئابدۇماناپ دېگەن تاغىمىزنىڭ تەربىيىسىدە بولدۇم. ھەر كۈنى ئەتىگەن تورغاي چۇچۇلىمەستە بىر ناننى قولتۇقىمغا قى-سىپ كەتمەننى ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن. كەچقۇرۇن گۇگۇم چۈشكەندە قايتىپ كېلىمەن. مۇشۇ يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى كۆڭلىكىمنىڭ دۈمبىلىرى تەر شورىدىن داراڭلاپ قېتىپ كېتەت-تۇ. بىر كۈنى سەھەر چىقىپ قوغۇنلۇق يەرنى چاناۋاتاتتىم، بىرى «قارا!» دېگەندەك قىلىپ قالدى، بېشىمنى كۆتۈرۈپ شۇنداق قارىسام، ئابدۇماناپبەگ تاغىمىز ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇ-رۇپ كۆزلىرىنى بۇركۈتنىڭ كۆزلىرىدەك تىكىپ مېنىڭ كەتمەن

چېپىشىمغا قاراپ تۇرغانىكەن . ئالدىراپ سالام بېرىپلا بېشىمنى ئىچىمگە تىقىۋېلىپ كەتمىنىمنى چېپىۋەردىم . ئالا سالۇل بىر چاي قاينام ۋاقىتتىن كېيىن ئاستا بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئۇ ئاللىقاچان كېتىپ قاپتىكەن . ئىش دېگەننى ئەنە شۇنداق قىلاتتۇق . كېيىنرەك بەگ تاغىمىز مۇشۇ باغلىق يەرنى ماڭا ئايرىپ بەردى . كۈندۈزى ئۇلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ بوش ۋاقىتلاردا باغقا تام چۆرۈپ ، مېۋە تىكىپ ، ئاستا ـ ئاستا باغ قىلدىم . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئەمدى ئۆز كۆڭلىنى ئۆزۈڭ ئەت دەپ ، يەنە ئۈچ خو[1] تېرىلغۇ يەر ، ئىككى ئات ، بىر ئۆكۈز ، بىر ھارۋا ۋە خېلى جىق نەق پۇل بەردى . بۇ چاغدا باغمۇ مېۋىگە كىرىپ قالدى . مانا ئەمىسە دەپ بىر ئىشلەپ كېتىپتىمەن . مۇشۇ ئۆيلەرنى سالغۇزدۇم . شۇنداق قىلىپ ئوتتۇز ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا مۇشۇ ھەدەڭلەرنى ئالغانىدىم ، — دەپ كۈلكە بىلەن گەپنى ئاخىرلاشتۇرغانىدى .

مەن كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپ ياز كۈنلىرىنى تولاراق شۇ يەردە ئۆتكۈزەتتىم . چوڭ ئاپامنىڭ مەن دېمەتلىك بالىلىرى بىلەن ئېتىزلارغا چىقاتتۇق ، بەزىدە ئالما ئۈزەتتۇق . ئۈزۈملۈك باغدا قارىغۇجا قورۇتتۇق . كۈن راسا ئىسسىغاندا جىلغىغا چۈشۈپ سۇغا چۆمۈلەتتۇق . ئاخشىمى ھاۋا سالقىن تارتقاندا پېشايۋانغا سېلىنغان كىگىز ئۈستىگە يىغىلىپ پاراڭغا چۈشەتتۇق . يىراق ئېتىزلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشىلار ، بۇلبۇللارنىڭ ،قۇشلارنىڭ نەغمىسىگە جور بولاتتۇق .

مۇشۇ خىياللار بىلەن چوڭ ئاپاملارنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋېلىسىپىتتىن چۈشتۈم . قورۇ ـ جايلار ئۆز ئەينى بولسىمۇ ، يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۇرۇش ۋە كومىنالاشتۇرۇش ۋاقتىدا ئارقىدىكى چوڭ ئۈزۈملۈك باغ بىلەن ئالمد-

---

① خو — بىر خو ئون مو ئەتراپىدا .

لىق باغنى كوللېكتىپقا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۆزلىرىگە ئۈچ بۇوجەك-لىك باغ بىلەن ئون توپ ئالما، بىر باراڭ ئۈزۈم قالدۇرۇپ قويغاندى. بۇ ئىشلار چوڭ دادىمىزغا تولىمۇ ئېغىر كەلگەن. ۋېلىسىپتنى يېتىلەپ هويلىغا كىرىپ كەلدىم. چوڭ ئاپام بۇ-رۇنقىدەكلا مېنى سۆيۈپ قويدى، هال - ئەھۋال سوراشتۇق. ئۇ هازىر يەتمىشلەردىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا تىمەن ئىدى.

— قارىمامسەن، بالام، كوممۇنا دەپ ئالدىغاننى ئېلىپ بولدى دېسەك، تۇنۇگۈن دۆينىڭ ئادەملىرى كىرىپتۇ. مۇنۇ ئۆيلەردىن كۆچىسىلەر، هەممىنى تۈپتۈز قىلىپ هېلىقى نېمە دەيدا؟ بىرنېمە قىلاتتۇق دەيدىغۇ؟

— گويخۇا قىلىمىز دەيدۇ، — دېدى مېنىڭدىن ئۈچ ياش كىچىك ئوغلى.

— گويخۇا[1] قىلسا سىلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدىغۇ؟ — دېدىم مەن، — هازىر هەممە تېرىلغۇ يەرلەرنى ئاشۇنداق قىلىۋاتىدۇ، هە، يەنە نېمە دەيدۇ؟

— ئاشۇ ئايلانمىدىن ماڭا بىر كىشىلىك، ئاكاڭغا بىر كى-شىلىك، ماۋۇ ئۇكاڭغا بىر كىشىلىك بولۇپ، جەمئىي ئۈچ كىشىلىك يەر كېسىپ بېرىدىكەن، قالغانلارنى دۆلەت كادىرى دەپ ئۇلارغا بەرمەيدىكەن. ياغاچ، تاشلارنى بۇزۇپ ئالىدىكەنمىز، دەل - دەرەخلەر ئۆزۈڭلەرگە قالسۇن، دۆيدىن ئانچە - مۇنچە هە- هۇ دېيىشىمىز دەۋاتىدۇ. شۇڭا سەندىن مەسلىھەت سورايلى دەپ...

— ئۇنداق بولسا، چوڭ ئاپا، ياخشى گەپ بوپتۇ. بىر ئەمەس ئۈچ ئائىلىنىڭ ئۆيى يېڭىلىنىپ قالىدىكەن. قارىما-سەن، مۇنۇ ئۆيلىرىڭمۇ كونىراپ كېتىپتۇ... دەپ ئۇنى گەپلەر

---

[1] گويخۇا — پىلانلاش، لايىھىلەش دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

بىلەن قايىل قىلدىم . چوڭ ئاپام ئۆيگە كىرىپ كېتىپ قايتىپ چىقىپ ماڭا يېقىن كەلدى .

— مانا ماۋۇ كەمپۈتلەرنى بالىلىرىڭ يېسۇن ، مۇنۇ پايپاقنى ئۆزۈڭ كىيگىن ، ئاكاڭدىن پوسۇلكا كەپتىكەن ، — ئۇ شۇنداق دەپلا يوغان ــ يوغان ئېرىس كەمپۈتلەر بىلەن تولىمۇ چىرايلىق پايپاقنى ماڭا بەردى . چوڭ ئاپامنىڭ ئىككىنچى ئوغلى شىرىپىدىن ئاكام بۇرۇنلا رۇس يېرىگە كەتكەنىدى . تاماقتىن كېيىن پېشايۋانغا چىقىپ دالان ئۆيگە كىرىپلا ئادىتىم بويىچە تورۇستىكى تاختايغا كۆز تاشلىدىم . ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بۇيان ھەر قېتىم كەلگىنىمدە قارىسام يەنىلا شۇ بىر تال ئوقنىڭ ئىزى ، بۇ ئىز ئەينى ۋاقىتلاردىكى كىچىككىنە بىر ۋەقەنىڭ شاھىتى ئىدى .

بىزنىڭ ئۆيىمىز سۈيى يېيىلىپ ئاقىدىغان ساينىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە بولۇپ ، بۇ مەھەللىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىلا توپا تامدىن قوپۇرۇلغان ئاددىي ئۆيلەر بولسىمۇ ، مەھەللە بۈك ــ باراقسان دەرەخلىك ، ھويلا ــ ئارامىلارغا كاۋا ، قاپاق ، ھەر خىل گۈل ــ گىياھلار تېرىلاتتى . ئىشىك ئالدىدا بىر ئېرىق سۇ توختىماي ئېقىپ تۇراتتى ، ئايالار ئەتىسى ــ ئاخشاملىرى كوچىغا سۇ سېپىپ تۇراتتى . باھار ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ، بالىلار كوچىدىن كىرمەيتتۇق ، پادىدىن يانغان كالىلارنىڭ يۆڭنى يۇلۇپ پومزەك ياساپ ئويناتتۇق ، كەچكى تاماقتىن كېيىن ھەممىلا ئادەم كوچىغا چىقاتتى ، ئەرلەر يوغان ياغاچ كۆتەك ئۈستىدە ، ئايالار ئېرىق بويىدىكى چىملىقتا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى .ئارىلاپ ــ ئارىلاپ بەزى ياشلار دۇتار چېلىپ قوياتتى . گۇگۇم چۈشۈشى بىلەنلا بىز باشقا ئويۇنلارنى يىغىشتۇرۇپ مۆكىمۆكىلەك ئويناياتتۇق . خېلىدىن كېيىن چوڭلار بىر ــ بىرلەپ ئۆيلىرىگە تارقىشىپ بالىلىرىنى چاقىراتتى . بىرى : «ھەي خوجا ، ئۆيگە كىرىپ يات !» دېسە ، يەنە بىرى : «ھېسامىدىن ، ماڭا ئۆيگە !» دەيتتى . شۇنداق قىلىپ ئۆيلەرگە

تارقىلاتتۇق. كاۋا باراڭ ئاستىدىكى بۇكلۇككە سېلىنغان ئورۇنغا كىرەتتۇق. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ، ساي بويىدىكى پاقىلارنىڭ ھەر خىل ئاۋازدا سوزۇپ كۇركىراشلىرى، كىملەرنىڭدۇر چاقچاقلىرى ۋە تولىمۇ چىرايلىق ئېيتىلغان ئىلى ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالاتتۇق.

مەھەللىمىزدە باتۇرخان ئىسىملىك ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ دۇتار چالاتتى، ھەر كۈنى كېچىدە يىراقتىن ناخشا ئېيتىپ كېلىپ ئۆيگە كىرىپ كېتەتتى. باتۇرخاننىڭ ناخشا ئېيتىپ كېلىشى مەھەللىدىكىلەرنىڭ ۋاقىت بەلگىلەيدىغان سائىتى ئىدى. بەزىلەر: «بۇ ئىش ئاخشام قايسى ۋاقىتتا بولغان؟» دەپ سورىسا، «باتۇرخان تېخى ناخشا ئېيتىپ قايتمىغان ۋاخ ئىدى» ياكى «باتۇرخان ناخشا ئېيتىپ كېلىپ خېلى بىرھازادىن كېيىن» دېيىشەتتى.

كەچ كۈزنىڭ بىر چۈشتىن كېيىنكى قورۇدىكى قۇرۇق جايدا ئىككى بالا ئوشۇق ئويناۋاتاتتۇق. بىر چاغدا چوڭ دادام ئاتلىق قورۇغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ سولغۇن، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن، ئاتنىڭ ئاياغلىرى لايغا مىلەنگەندى. مەن ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدىم. ئۇ جاۋابمۇ قايتۇرماي، ئاتتىنمۇ چۈشمەي «داداڭنى چاقىر!» دېدى. دادام ئۆيدىن چىقىپ ئۆيگە خېلى زورلىغان بولسىمۇ چوڭ دادام ئۇنىماستىن دادام بىلەن خېلى پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ قورۇدىن چىقىپ كەتتى. كەچتە دادامنىڭ ئېيتىشىچە: «ئاخشام بىر قانچە قوراللىق ئادەملەر ئۆيگە بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىپتۇ.» بايا چوڭ دادام ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىپ قويۇپ قايتىشىدا بىزنى خەۋەرلەندۈرگىنى ئىكەن. ئەتىسى دادام ئېرگىلو[1] ھارۋىنى قوشتى. ئاپام ئۈچىمىزنى بىرلىكتە چوڭ دا-

① ئېرگىلو — رېزىنكە چاقلىق ئات ھارۋىسى.

دامىلارنىڭ ئۆيىگە باردۇق . ئۇقۇشىمىزچە ، ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى يېرىم كېچىلەردە چوڭ ئاپامنىڭ ئىككىنچى ئوغلى شېرىپپېگىن ئاكام قورۇدا بىرەر شەپىنى سەزگەندەك دالاندىن پىشايۋانغا چىقىپ شىغىلا ئىككى قوراللىق ئادەم مىلتىقنى مەيدىسىگە تىرەپ تۇرۇپ : «ئېيتە ، داداڭ قايسى ئۆيدە ؟ »دەپ سورىغانىكەن . ئۇ قورقۇپ كېتىپ : «دادام سىلەرغۇ» دەپتۇ . ئۇلار دەرھال دالان ئۆيگە كىرىپ تورۇسقا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئېتىپتۇ . ئۆي ئىچى قىيا-چىيا قىيامەت قايىم بوپتۇ . يۈز - كۆزلىرىنى تېڭىۋالغان بۇ ئىككىسى ئالدىرىماي لامپىنى ياققۇزۇپ ، ئۆيدىكىلەرنى بىر بۇلۇڭغا قاپساپ قويۇپ بۇلاڭچىلىقنى باشلاپتۇ . ھويلىدا ئىككىسى قاراۋۇللۇق قىلىپ تۇرغانىكەن ، ئۇلار ساندۇقلارنى بۇزۇپ تويغا تەييارلىق قىلىپ قويغان سوكنا ، سارجا ، چىبەرقۇت ، شىپاڭ دۇخاۋا ، گىرىپ ، ئۆتۈك - كالاچ ، يەنە نۇرغۇن چاي ، گىلەم ، نەق پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنى سىيرىپ چىقىپ كەتكەچكە بۇلار بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرەلمەي قاراپ قالغانىكەن .بىز تورۇستىكى ئوق ئىزى قالغان تاختايلارغا قاراپ قالدۇق . بۇ ۋەقە 1946- يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا بولغانىدى . بىرقانچە ئايلاردىن كېيىن «ئوغرىلار تۇتۇلۇپتۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى ، كېيىن ئۇقۇشىمىزچە ، ئوغرىلارنىڭ بىرى بىزنىڭ ئۇدۇل قوشنىمىز — ھېلىقى ناخشىچى باتۇرخاننىڭ تاغىسى ئوسمانكام ، يەنە بىرى ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى قۇتلۇق پوقاق ئىكەن . ئېسىمدە قېلىشىچە ، ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتتىمۇ - ئۆتمىدىمۇ ، ئىشقىلىپ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بۇ ئىككىسىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى . ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆلۈكىنى خادىك ھارۋىلارغا بېسىپ ئېلىپ كەلگەندە ، بىزمۇ ئەگىشىپ قورۇغا كىرگەندۇق . كېيىن مەلۇم بولۇشىچە ، بۇ ئىككىسىنىڭ باشقىمۇ بۇلاڭچىلىق ، قاتىللىق قىلمىشلىرى بولغانىكەن .

1961 - يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ غۇلجىغا قايتىپ كەلدىم .

11 ـ ئاي بىرقانچە قېتىملىق جۇدۇنلۇق كۈنلەر تۈگەپ «كالتە ياز» باشلانغان، پاتقاقلار ئەكچىپ، يوللار چىڭدىلىپ قالغان، يوپۇرماقلىرىنى تاشلاپ بولغان دەل ـ دەرەخلەر ئوچۇق كۆز ئاسمىنىدا ئۆزگىچە جۇلالىناتتى. شامالسىز ئوچۇق ھاۋا — ئىللىق ئاپتاپ ئادەمگە راھەت بېغىشلايدۇ. شۇ كۈنى مەن چوڭ ئاپاملارنى يوقلاپ چىقتىم. ئىچكەركى قورۇغا كىرسەم بېشىغا تۇماق، ئۇچىسىغا پەرىجە كىيگەن چوڭ دادام پېشايۋان تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا ئېڭىكىنى ھاسىدا تۇتقان ئىككى قولىغا تىرەپ ئاپتاپ-سىنىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانىكەن. سالام قىلدىم ۋە ئۇنىڭ ئارانلا سۇنغان بىر قولىنى ئىككى قوللىرىمنىڭ ئارىسىغا ئالدىم. ئۇنىڭ بىر زامانلاردا يەرلەرنى تىترىتىپ كەتمەن چاپقان قاداق قوللىرى ھازىر ئورۇق، يۇمشاق ئىدى. ئۆزىنىڭمۇ مىجەزى بوش ئىدى. بىرئازدىن كېيىن چوڭ ئاپام ئۆيدىن چىقتى، مەن يوقلاپ ئەكەلگەن كىچىككىنە بولاقنى چوڭ ئاپامغا بېرىپ قويۇپ بوۋاي-نىڭ يېنىدا تۇردۇم. بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا سەپسالغاندىن كېيىن:

— ئوقۇشلارنى تۈگىتىپ كەپسەن، ئېيتقىنا، نېمە ئۆگەن-دىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىشقىلىپ، ئۆگەندۇققۇ.

— مۇنۇ ئۇستۇڭدىكى كىيىملىرىڭنى ھۆكۈمەت بەردىمۇ، ئۆزۈڭ ئالدىڭمۇ؟

مەن ئۇ كۈنى قارا كۆك سوكنىدىن تىكىلگەن شىم توجۇركا كىيىپ، چاچلىرىمنى مايلاپ تارىۋالغانىدىم.

— ئاكام ئېلىپ بەردى.

— ماڭا قارا، — دېدى چوڭ دادام بوش ئاۋازدا، — خەنزۇچە ئۆگەندىڭمۇ؟

— ئۆگەندۇق.

— ئۆگەنگەن بولساڭ دەپ باققىنا، خەنزۇچە «دۇنيا» دېگەن-

نى نېمە دەيدۇ ؟
بۇ «مال ـ دۇنيا» مۇ ياكى «كائىنات» دۇنيامۇ بۇنى ئاڭقىرالماستىنلا :
— «دۇنيا»نى خەنزۇچە «شىجيې» دەيدۇ ، — دېدىم .
— يەنە بىر دېگىنە ؟
— شىجيې
— هەي ، سالاهىدىن ، — دېدى ئۇ پىشايۋاندا ئىش قىلىۋاتقان ئوغلىغا قاراپ ، — ماۋۇ گەپنى دەپتەرگە يېزىپ قوي .
— بۇ گەپنى بىلىمەن ، دادا .
— ياز دېگەندىن كېيىن يازماسەن ؟ — ۋارقىرىدى بوۋاي .
سالاهىدىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى . بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن بوۋاي :
— ماڭا قارا ، سەن ئوقۇشلارنى تۈگىتىپ كەپسەن ، خەنزۇچىمۇ بىلىدىكەنسەن ، شۇنداق بولغاندىن كېيىن هۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ : « ماۋۇ مېنىڭ چوڭ دادام پومېشچىك بولۇپ ئادەم ئەزمىگەن ياكى باي دېهقانمۇ ئەمەس . بىر ئۆمۈر ئايدالادا كەتمەن چېپىپ ، ئورما ئوروپ يۇرۇپ بەرپا قىلغان باغۋارانلار ئىدى . بۇلارنىڭ هەممىسىنى كوممۇناغا دەپ ئېلىۋالدى . ئەمدى بولسىمۇ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرسەڭلار بولمامدۇ ؟ » دەپ ئەرز قىلىپ باقساڭ نېمە بولىدۇ ؟
بوۋاي سۆزىنى توختىتىپ ، بۇلۇتسىز كۆك ئاسمانغا ، نۇر چېچىپ تۇرغان ئىللىق قۇياشقا ۋە ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان موللاقچى كەپتەرلەرگە قاراپ ئۈن ـ تىنسىز تۇرۇپ قالدى . بوۋايغا ئىچىم ئاغرىپ مەنمۇ جىمجىت سۈكۈتكە چۆمدۈم .
كېيىنكى يىلى چوڭ دادام ۋاپات بولدى . يىللار بىر خىل ئۆتتۈۋەردى . چوڭ ئاپاملارنىڭ گۈزەل ، خىلۋەت تۇرار جاي ـ باغلىرى تۈپتۈز سالا ئېتىزىغا ئايلاندى . ئەتراپ زىچ ئولتۇراق

رايونى بولدى . چوڭ ئاپاملارمۇ ئۈچ كىشلىك ئورۇنغا جاي سېلىنۋالدى . ئۇنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن ئىككىنچى ئوغلى شېرىپىدىن ئاكام 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئائىلىنى ئېلىپ تۇغقان يوقلاپ كەلدى . يىگىرمە يەتتە يىل دىدار كۆرۈش-مىگەن تۇغقانلار جەم بولدۇق . ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ يىراق ـ يېقىندىن كېلىدىغان پەتچىلەرنىڭ ئايىغى بېسىققاندا ، چوڭ ئاپامنى ، شېرىپىدىن ئاكامنى ۋە ئائىلىنى بىزنىڭ ئۆيگە باشلاپ كېلىپ ئىككى ـ ئۈچ كۈن مېهمان قىلدۇق .

ئەتىگەنلىك چاينى ئالدىرىماي ئىچىپ بولۇشىمىزغا دەرۋازا شاراقلىدى . يۈگۈرۈپ چىقسام دائىم ئەھۋال ئېيتىپ دەۋا قىلىپ يۈرىدىغان تۇرسۇن زايىت ئىسىملىك ئادەم كەپتۇ . بۇ كۈنلەردە مەن ھۆكۈمەتنىڭ ئەرزىيەت ئىشخانىسىدا ئىشلەيتتىم . بۇ ئادەم شەھەرگە يېقىن بىر يېزىنىڭ ئادىمى بولۇپ ، يېشى ئاتمىشلارغا يېقىنلاشقان ئورۇق ، ھەرىكەتلىرى تېز ئادەم ئىدى . ئۇ ئۆز ۋاقتىدا شەھەردە قالغان قورۇ ـ جاي توغرىسىدا مېڭىۋاتاتتى . كىشىلەردىن ئاڭلىسام ، يېزىدىكى ئەھۋالى يامان ئەمەس ئىكەن ، شەھەرگە ھارۋا بىلەن كىرىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساتىدىكەن . مۇبادا بىرەر ئىخلاسمەننىڭ تەييار تامىقىغا ئۇچراپ قالسا يەيدى-كەن ، بولمىسا پۇلنى يېنىغا تۇگۈپ ئاچ قورساق قايتىپ كېتىدىكەن .

— ئىدارىگە بارسام ئىككى كۈندىن بېرى بارماپسىز ، ئۇدۇل-لا ئۆيىڭىزگە كېلىشىم .

— چەت ئەلدىن ئاكىمىز كېلىپ قالغان ، — دېدىم ۋە ئۇنى ئۆيگە باشلىدىم . ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئاكام بىلەن قول ئېلىشقاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى .

— چاي قۇيايمۇ ؟ — سورىدى ئايالىم .

— ئەمىسە قول چايقىۋالاي ، — ئۇ قولىنى ئېرتىپ بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىمالال ئولتۇردى .بىر چىنە ئەتكەنچايغا ناننى سېلىپ بولۇپ :

— مېهمانلار ، چايغا كېلىشمەمدىلا ؟ — دېدى .

— بەھۇزۇر ، بىز ئىچىپ بولدۇق .

ئۇ تەخسىدىكى توغرالغان گۆش بىلەن ناننى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى .

— ئۆزىڭىز قەيەردىن ؟ — سورىدى ئاكام .

ئۇ ئاغزىغا تولدۇرۇپ سېلىۋالغان لوقمىنى كۆچەپ يۇتۇۋېتىپ :

— ماۋۇ بۇلاق مەھەللە تەرەپتىن ، — دېدى . مەن گەپ قىستۇردۇم .

— بۇ ئاكىمىز بۇلاق مەھەللىدىن . بۇرۇن شەھەردە قورۇجايلىرى بار ئىكەن . ھېلىقى يىللىرى ھۆكۈمەت باشقۇرۇپ ئالغان ئىكەن . ھازىر شۇنىڭ يولىدا مېڭىۋاتىدۇ . ئىسمى تۇرسۇن زايىت .

— نېمە ؟ ! — ئاكام يانپاشلاپ ياتقان ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇردى ، — سىز بۇلاق مەھەللىلىك تۇرسۇن زايىتما ؟

ئۇ چاينىڭ ئاخىرىنى ئىچىۋېتىپ يوغان چىشلىق ئېغىزلىرىنى كالچايتىپ كۈلدى ۋە :

— نېمە ؟ مېهمان مېنى تونويدىغان ئوخشىمامسىز ؟ — دېدى .

— دادىڭىز ، تۆگمەنچى زايىتمۇ ؟

— تاپتىڭىز . نېمە تۇغقان چىقىپ قالامسىزمۇ قانداق ؟

— ھىم ! — دېدى ئاكام سوزۇپقىنا ، — تۇرسۇن زايىت دەڭ ! سىزنى بەش قولدەك تونۇيمەن .

— مەن زادىلا ئەسلىيەلمىدىمغۇ ؟

— سىز ئەلۋەتتە ئەسلىيەلمەيسىز . چۈنكى ، سىز بىلەن بىردەم - يېرىمدەم مۇڭداشقانمۇ ئەمەسمىز ، بىراق سىزنى مەن

ئەمەس ، مۇنۇ قېرى ئاناممۇ تونۇيدۇ .
ھەممىمىز ھەيران قالدۇق .
— ماڭا قاراڭ ، تۇرسۇن زايىت ، — دېدى ئاكام ،— سىز ئەلۋەتتە مېنى تونۇمايسىز . چۈنكى ، سىز بىلەن كۆرۈشكەن ئۇ چاغدا سىزنىڭ كۆزىڭىزگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي ، مال ـ دۇنيا ئۈچۈن بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە تاس قالغانىدىڭىز . ئۆيىمىزنىڭ تورۇسىغا بىر پاي ئوق ئېتىپ ، مال ـ مۈلكىمىزنى بۇلاپ كەتتىڭلارغۇ ؟
— ۋاي ، ئانىمەي ،— دېدى چوڭ ئاپام ،— ھېلىقى ئوسمان تۇڭگان ، قۇتلۇق پوقاقلار بىلەن بىرگە كىرگەن تۇرسۇن ؟…
تۇرسۇن زايىت ھېچقانداق ھېيىقمىدى ، ئۇ چوكىنى قوشلاپ چىنىنىڭ ئۈستىگە قويدى ـ دە ، تاتىراڭغۇ يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ :
— ئەمدى ئۇ چاغلار بىزنىڭ ھېچ نەرسە ئۇقمايدىغان شوركا ۋاقىتلىرىمىز دەڭە ، «يۇرە» دېسىلا ئەگىشىپ مېڭىپتىمىز ئە-مەسمۇ ، — دېدى ۋە گەپنى تاماملاپ ماڭا قارىدى ، — ئەمىسە ئىشقا بارغان كۆڭلىڭىز كېلەي . بىر پارچە ھۆججەت چۈشۈرۈپ بەرسەڭلار ئىش پۈتىدىغان ئوخشايدۇ ، قېنى ، ئامىن … ئاللاھۇئەكبەر ، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتتى ۋە ، — ئەمىسە مېھمانلارنى بىز تەرەپلەرگە … ھە ! — دەپلا ئۆزىنى تالاغا ئاتتى .
— مۇشۇ توڭگۇزنىڭ ئىشىغىمۇ مېڭىۋاتامسەن ؟ — دېدى ئاكام مەن ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرگىنىمدە ، — ھېلىقى مەن ئىشىكتىن شۇنداقلا چىقسام مەيدەمگە مىلتىقنى تەڭلەپ ، «داداڭ نەدە ؟ » دېگەن گوي مۇشۇ ئەمەسمۇ !
— توۋا ، — دېدى چوڭ ئاپام ، — ھېچ نەرسە بولماپتىغۇ بۇ ئەبگار ؟ قانداق تونۇپ قالدىڭ ؟

— ئىسمىدىن بىلىۋالدىم . بۇلار قولغا چۈشكەندىن كېيىن سوت بىزنى چاقىرتىپ بۇلاڭچىلارنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بەر- گەن . ئىككىسىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ، بۇنى تېخى ياش ئىكەن دەپ ئازراق سولاپ قويۇۋەتكەن . يەنە بىرىنى تۇرمىدە دەپ ئاڭلى- غان ، كېيىن قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق .

تا كۈن چۈشكۈچە مۇشۇ ھەقتە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق .

چوڭ ئاپام 1994 ـ يىلى ۋاپات بولدى .



[General Information]
书名=大帕提和小帕提　维吾尔文
SS号=40219774